
ISSN1007 —— 452X

# KUMUL LITERATURE





# قۇمۇل ئەدەبىياتى

1
1997



قەدىمىي توغراقلىق





تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:
قادىر ھوشۇر
تەھرىر ھەيئەتلەر:
(ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە تىزىلدى)
ئابلىز نىياز
ئابدۇرېقىپ تۇمۇر
ئارسلان ئابدۇللا
بەگمەت يۈسۈپ
سەمەت ئابدۇراخمان
مۇھەممەت ئەخمەت
نەمەت ناسىر
يۈسۈپ ئىسھاق

# قۇمۇل ئەدەبىياتى

(پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال)
1997 ـ يىل 1 ـ سان
(ئومۇمىي 67 ـ سان)
17 ـ يىل نەشرى



«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
تېلېفون 2233741 (0902)

باش مۇھەررىر:
بەگمەت يۈسۈپ

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەخمەت ھەمدۇللا

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئۇۋ تاماشىسى (نەسر) ...... ئەخمەت ئىمىن (1)
ھەشقىپىچەك گۈلى (ھېكايە) ...... ياقۇپ كېرەم (5)
كېرەكسىز ئەرنىڭ ئايالى (ھېكايە) ...... ھۆسەيىن تاش (12)
ئوغرىلاپ كېتىلگەن پوۋېست (ھېكايە) ...... روزى يۈسۈپ باتۇر (21)
غوۋا تەبەسسۇم (ھېكايە) ...... راجى تۇردى (28)
باغرىمنى كۆيدۈرگەن ئارمانلار (نەسر) ...... ئوسمان قاۋۇل (33)
قاپقان (ھېكايە) ...... دىلمۇرات مەمۇت (35)


## شېئىرلار


ئىككى غەزەل ...... يۈسۈپ كېرەم (39)
ئىككى شېئىر ...... ھاجى ئەخمەت كۆلتىگىن (40)
رۇبائىيلار ...... مۇھەممەت ئەخمەت (41)
شېئىرلار ...... ئوسمانجان زاھىر (42)
ئۆزگىرىش ...... ئابلىز مۇھەممەت ئىمىن (44)
پارچىلار ...... ئەخمەت ئىمىنھاجى جۈبەيرى (44)
ئىككى شېئىر ...... ئابلىز ئۆمەرھاجى (45)
بەختنى ھېس قىلىش ...... ئەكبەر نىياز پەتتارى (46)
ئىككى شېئىر ...... ئەخمەت ناسىر (47)
ئاتامغا (ناخشا تېكىستى) ...... ئابلىز سۇلايمان (47)


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


«باھا» نىڭ يەنە بىر ئاھاڭى ...... نەزەر (48)
«شېئىرلار» دىكى تەنھالىق ئېڭى ...... پەرھات ئېزىز (51)
«ئېشەك سەۋداسى» نى زىيارەت قىلىش ...... ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم (54)
بىزنىڭ پورترېتىمىز ...... شاھىپ ئابدۇسالام (55)


## ئۆمۈرغول چەشمىلىرى


كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... غولام ئابدۇراخمان (57)
لايىق تاللاش (ھېكايە) ...... قارىكۆز غوجامنىياز (60)
ئاخىرقى سۆيگۈ (ھېكايە) ...... خالىدە قاسىم (62)
ئەخلەت كۆلچىكىدىن چىققان پۇل (ھېكايە) ...... ئەركىن زاكىر (65)
ئىككى شېئىر ...... پەتتۇللا توختى (66)
سەھرا (شېئىر) ...... پاتىگۈل سىمەت (67)
پارچىلار ...... ئالىمجان مامۇت (67)


## دۇنيا ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە


مەڭگۈلۈك مۇھەببەت (ماقالە) ...... زەينەپگۈل يۈسۈپ تەرجىمىسى (68)


## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز


يانبۇلاق مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئومۇمىي تەھلىل ...... ياقۇپجان پەتتۇللا (74)


## بالىلار ئەدەبىياتى


ئاكامغا خەت (ھېكايە) ...... ئاينۇر مەخمۇت (83)
سەھرا ئانام (شېئىر) ...... رىزۋانگۈل ئېلى (84)
ئىككى مەسەل ...... يۈسۈپ نىياز تەرجىمىسى (85)


## كىتابخانىلاردىن خەت


«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا خەت ...... ئالىمجان ھاشىر (86)
دېھقانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان بىر «كەتمەن» ...... غۇنچەم سىمەت (87)


## ئەدىب - سەنئەتكارلار مۇنبىرى


سەھنىدىكى نامسىز قەھرىمان ...... يۈسۈپ ئەھمىدى (89)
قايغۇلۇق خەۋەر ...... (94)


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى


ياۋۇز ئۆگەي ئانا (چۆچەك) ...... ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت (91)



مۇقاۋىدا قۇمۇل قارادۆۋە قەدىمىي شەھەر خارابىسى
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى ۋە فوتوگرافى: سۇڭ شۆۋېن
قىستۇرما رەسىملەرنى ئىشلىگۈچى: جۈرئەت ئىبراھىم

ئەخمەت ئىمىن

# ئوۋ تاماشىسى

(نەسىر)

ئەخمەت ئىمىن 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957 ـ يىلىدىن 1967 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1979 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ داشۆ ئىشتىن سىرتقى داشۆسىدە ئوقۇغان. 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.



مەن ئوۋچى ئەمەس، ئاغىنىلەر، لېكىن ئوۋچىنىڭ ھەمراھى. مەن ئوۋ تاماشىسى كۆرۈۋاتىمەن. سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ جايىدا ئۆزۈڭلارغا چۈشلۇق تاماشا كۆرۈۋاتقانسىلەر ياكى تاماشا بولۇۋاتقانسىلەر. «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان. راست، بۇ دۇنيا تاماشا دۇنياسى. ياق، تولۇقراق ئېيتقاندا، بۇ ھەم تاماشا قىلىپ ئوينايدىغان، ھەم تاماشا قىلىنىۋېتىپ ئويلايدىغان دۇنيا!

مەن ئوۋ تاماشايىمنى، تاماشا قىلىپ ئويناۋېتىپ، ئۆزۈمچە ئويلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي. سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارغا چۈشلۇق ئويناغاچ، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئويلاپ باقارسىلەر.

مەن كېتىۋاتىمەن، بىر ئوۋچىغا ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتىمەن. مەن كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭغا، ياق، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى قارچىغىغا ھەيران بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

«تۇۋا، يېرىم كۈننىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە توشقاننى ئوۋلىۋەتتى ـ ھە، ئۇ!»

ئۇ ـ قارچىغا مېنىڭ ھەيرانلىقىمغا پىسەنت قىلمىغاندەك، بېشىنى مەغرۇر كۆتۈرۈپ، ئوۋچىنىڭ مۈرىسىدە خۇددى مەيدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىدۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقى توق. ئۇنىڭ قورسىقى بايا ئوۋدىن كېيىن ئوۋچى تاشلاپ بەرگەن ئازراق توشقان گۆشى بىلەن تويدى. گادايىنىڭ بىر قورساق تويغىنى باي بولغىنى، دېگەندەك، ئۇنىڭ شۇ قورسىقىنىڭ تويغىنىمۇ ئۇنى كاتتا زەردارلىق ماقامىغا كۆتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ. بولمىسا، ئۇ ئوۋچىنىڭ مۈرىسىدە گىدىيىپ ئولتۇرمىغان بولاتتى.

ئەتىگەن ئوۋغا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئوۋچى تازا ئاچ قويۇپتىكەن. ئۇنى ئۆيدىن ئېلىپ چىققاندا، ئۇ ئىگىسىگە دېۋانىدەك تەلمۈرۈپ قارىغانىدى، ئىگىسى ئۇنىڭ كۆزىنى تۇماقە بىلەن بىراقلا ئېتىپ قويدى. ئۇ قۇشنىڭ كۆزىنى قانداق چاغدا ئېچىشنى

بىلمىدىكەن. تۇنجى توشقان ئۇچرىغاندىلا ئۇۋچى تۇماقەنى شاققىدە ئېلىۋېتىۋىدى، قارچىغا توشقانغا ئۇقتەك ئېتىلدى ۋە بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئىشىنى توغرىلىدى. قارچىغا توشقان گۆشىگە ئېغىز تەگكۈزۈپ ئۈلگۈرگىنى يوق، ھەش - پەش دېگۈچە تۇماقە قارچىغىنىڭ كۆزىگە، توشقان غانجۇغىغا ئىلىندى. قارچىغا يەنىلا ئاچ ئىدى. ئۇ ئىگىسىگە تەلمۈرگىنى بىلەن ئۇنىڭدىن شەپقەت كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ قورسىقىغا ئۆزى شەپقەت قىلىشى، داۋاملىق توشقان ئۇۋلاپ، ئاخىرى ئۇۋچىدىن ئازراق نېسىۋە ئېلىشى لازىم ئىدى. شۇڭا ئۇ كۆزىدىكى توساقنىڭ تېزرەك، تېز ئېلىۋېتىلىشىنىلا خالايتتى.

مانا، تۇماقە ئېلىۋېتىلدى. ئۇ قانىتىنى كەرگىنىچە ئۇچۇپ بېرىپ يەنە بىر توشقاننى پاتىڭدىن ئالدى. بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭغا نېسىۋە بېرىلمىدى. چۈنكى نەپسىنىڭ قانائەتلەندۈرۈلۈشى يىرتقۇچ تەبىئىتىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ سۇسلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن - دە!

شۇنداق قىلىپ، ئۇۋچى قۇشىنى كەينى - كەينىدىن توشقانغا سالدى. ئاخىر ئۇۋچى ئۆز نەپسى سەل قانائەت تاپقاندىن كېيىن، سالغۇر قۇشىنىڭ نەپسىنىمۇ سەل قانائەت تاپتۇرۇشنى لايىق كۆردى. غانجۇغا ئۇۋ غەنىمەتلىرىگە تولدى، قارچىغىنىڭ قورسىقىمۇ تويدى. مانا ئەمدى ئۇ ئىگىسىنىڭ مۇرىسىدە خۇددى بايدەك ئولتۇرىدۇ.

مەن كېتىۋاتىمەن، ئۇۋچىغا ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۇنىڭغا، غانجۇغىدىكى توشقانلارغا قاراپ - قاراپ كېتىۋاتىمەن.

«ھەي، ئۇۋچى» دەيمەن ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىمدە، «سەن نېمىدېگەن ئۇستا! قارچىغىنى گېلىدىن قىسساڭ، ئۇ سەن ئۈچۈن توشقاننىڭ گېلىنى سىقىپ تەييار قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى نەدىنمۇ ئۆگەنگەن بولغىيتتىڭ!؟»

«ھەي، توشقانلار» دەيمەن غانجۇغىغا قاراپ ئىچىمدە، «نېمانچە ئاجىز يارىلىپ قالغان بولغىيتتىڭلار. سىلەر قارچىغا جاللات، غانجۇغا دار، ئىنسان قارنى گۆر بولىدىغان شۇم تەقدىرىڭلاردىن قاچانمۇ قۇتۇلارسىلەر؟»

ئاغىنىلەر، ئاغىنىلەر، بۈگۈن مەن يەنە ئۇۋغا كېتىۋاتىمەن، ئۇۋ ئۇۋلاش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇۋنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. مەن ئويۇن كۆرگەندە «ۋۇي، ئاۋۇنىڭغا قاراڭ، ۋۇي ئۇنداق بولۇپ كەتتى، ۋۇي مۇنداق بولۇپ كەتتى» دەپ ۋارقىراپ، ئېرىنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئىختىيارسىز سۆزلەپ كېتىدىغان ھېسسىياتچان چوكاندەك بىر بەندە ئوخشايمەن، كۆرگىنىمنى دەرھال سۆزلىمىسەم بولالمايدىكەنمەن. ماڭا قاراڭلار، ئاڭلاڭلار...

مانا، ئالدىمىزدا يەنە بىر توشقان ئۇچرىدى. ئۇۋچى دەرھال تۇماقەنى ئېلىۋېتىپ قارچىغىنى قويۇۋەتتى. توشقان قارچىغىنىڭ شەپىسىنى سېزىپ، ئۆزىنى يالغۇز بىر تۈپ چاتقالنىڭ تۈۋىگە ئالدى، لېكىن بۇ جايدا قارچىغىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن يوشۇرۇنالمايدىغانلىقىنى تۇيدى بولغاي، دەرھال ئۇ يەردىن قېچىپ چىقتى، لېكىن ئۇ قېچىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئۇ ئەمدى قانداق قىلار؟ دەپ تۇرۇۋىدىم، ئۇ دەرھال توختاپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قارچىغىغا كۆزىنى تىكىپ تۇرۇۋالدى. قارچىغا ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرۇۋېلىشىدىن ئەيمىنىدۇ دەمسىز، ئۇچۇپ كەلگىنىچە بېرىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چاڭگال سالدى. بۇنىڭلىق بىلەن توشقان ئۆزىنى تاشلىۋەتمىدى، قارچىغا چاڭگال سالغان ھامان بېشىنى تېخىمۇ قاتتىق تۈتۈپ قويۇق بىر چاتقاللىققا قاراپ يۈگۈردى. قارچىغا ئۇنىڭ بويىنىنى قايرىۋەتمەكچى بولۇپ كۈچەپ سىلكىيتتى. قارچىغا ئۇنى كەينىگە تارتىپ، توشقان ئۇنى ئالدىغا تارتىپ، ئاخىر ئۇلار چاتقاللىقنىڭ تۈۋىگە يېتىپ باردى. قارچىغا توشقاننىڭ دۈمبىسىگە پاتۇرۇۋالغان تىرناقلىرىنى كۈچەپ كەينىگە تارتتى بولغاي، توشقاننىڭ تېرىسى سويۇلغىلى تۇردى، توشقان جان ئاچچىقىدا ئۆزىنى چاتقاللىققا ئاتتى. قارچىغىنىڭ قاناتلىرى چاتقالغا ئۇرۇلۇپ، پەيلىرى تىكەنگە ئىلىندى. قارچىغا ئاچچىقىغا چىدىماي توشقاننى قويۇپ بەردى. لېكىن بۇ چاغدا توشقانمۇ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇ ئۇن نەچچە قەدەم يۈگۈرۈپلا يىقىلدى. ئۇنىڭ يارىسىدىن ئاققان قان يەرنى قىپقىزىل بوياۋەتتى.

- بۈگۈن مۇتتەھەم توشقانغا ئۇچراپتۇق، - دېدى ئۇۋچى، ئۇ «مۇتتەھەم» نى غانجۇغىغا باغلاپ تۇرۇپ.

- «ھىم، - دېدىم مەن ئىچىمدە، - ئۇ ئۆزىنى جىمىدە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولسا، مۇتتەھەم بولماسكەندە!»

مەن قارچىغىغا قارىدىم. ئۇ پەيلىرى سەل توزغان بولسىمۇ تېخى ساق ئىدى، لېكىن ئۇنىڭدا بۇرۇنقى مەغرۇرلۇقتىن ئەسەر يوق، سەل، ياق، خېلىلا شۇمشىيىپ قالغانىدى.

- ئاجىز ئاجىزلىقىغا تەن بەرمىگەن چاغدا، كۈچلۈك ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قالامدۇ نېمە؟ - دەپ سورىدىم ئۇۋچىدىن.

- نېمىگە قاراپ شۇنداق دەيسەن؟ - سورىدى ئۇ مەندىن..

- قارچىغىنىڭ شۇمشىيىپ قالغانلىقىغا قاراپ دەيمىنا؟

ئۇۋچى گېپىمگە جاۋاب بەرمىدى.

لېكىن ئۇنىڭ بۈگۈنكى شىكارنى توختىتىپ كەينىگە يانغانلىقى مېنىڭ بۇ ھۆكۈمىمنى تەستىقلىغاندەك تۇراتتى.

يەنە بىر كۈن باشلاندى. ئاغىنىلەر، يەنە بىر سەيلەم باشلاندى. مەن يەنە شىكار تاماشىسى بىلەن كېتىۋاتىمەن.

ئۇۋچى يەنە شۇ ئۇۋچى، قارچىغا يەنە شۇ قارچىغا، كۆزىدە يەنە شۇ تۇماق.

خۇدا بۇ دۇنياغا توشقاننى شۇنچە جىق يارىتىۋېتىپتىكەن، قارچىغىنىڭ شۇنچە ئوۋلىشىغىمۇ ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇمايدىكەن، قۇرۇمايدىكەن!

مانا، ئالدىمىزغا يەنە بىر توشقان ئۇچرىدى. بۇ توشقان ئەتراپتا بىرەر توپ چاتقالمۇ ياكى ئۆيمانلىقمۇ يوق، تۈپتۈز يەردە ئۇچرىغانىدى. تۇماقە ئېلىۋېتىلىپ قويۇپ بېرىلگەن قارچىغا ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، مەن ئۇ توشقاننى ئوڭايلا تۇتۇلىدۇ، دەپ ئويلىدىم. شۇنداقتىمۇ ئەجەل سايىسى ئۈستىگە چۈشكەندە ھەرقانداق جانلىق قېچىپ بېقىشقا ئۇرۇنىدىغۇ. لېكىن بۇ توشقان ئۇنداق قىلمىدى، پوكلا قىلىپ ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلىۋەتتى. مەن ئۇنى ئوڭايلا جان تەسلىم قىلىشقا تەييارلاندى، دەپ قاراپ، ناھايىتى ئەرۋاھىم ئۇچتى. ئەمدى ئۇنى قارچىغا دەررۇ كانىيىدىن ئالىدۇ - دە، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. قارچىغا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا توشقان ئوڭدىسىغا يېتىپ پۇتلىرىنى قورسىقىغا يىغىۋالغانىدى، كۆزىنى قارچىغىنىڭ ھەرىكىتىدىن ئۈزمەيتتى. قارچىغا توشقاننىڭ ئۈستىدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ ئۆتتى. مەن ئۇنىڭ جىممىدە ياتقان توشقانغا نېمە ئۈچۈن ئېتىلمىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدىم.

- ھەي، ئۇ قوۋۇ توشقانغا ئۇچراپ قالدى، - دېدى ئۇۋچى تويۇقسىز ھودۇقۇپ، - ئۇ بارمىسا بولاتتى، ئېتىلمىسا بولاتتى...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى چىقىپ بولغىچە، قارچىغا توشقانغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

ۋاھ!... ۋاھ!...

ۋۇي، نېمە بولدى دېمەمسىلەر؟ كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى، بىر كارامەت يۈز بەردى!

توشقان پۇتلىرىنى قايتىدىن قورسىقىغا يىغىپ تۇرۇپ ئۈستىگە ئېتىلىپ چۈشكەن قارچىغىنىڭ پوكىنىغا زەرب بىلەن تەپتى.

مانا كارامەت! مانا كارامەت!

قارچىغا خۇددى قاڭقىغان توپتەك كۆككە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ قانچە تېز كۆتۈرۈلگەن بولسا، شۇنچە تېز يېنىپ چۈشتى. بۇ ئۇنىڭ ئېتىلىپ چۈشۈشى ئەمەس، بەلكى مۇشۇك ھاۋاغا ئېتىۋەتكەن چاشقاننىڭ ئەجەللىك چىرقىراش بىلەن يەرگە چۈشكىنىدەك چۈشۈش ئىدى. قارچىغا شۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ قاناتلىرىنى بىرنەچچە پالاقشىتىپ، سوزۇلۇپ جىممىدە يېتىپ قالدى. مەن بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم.

- ئۆلدى، - دېدى ئۇۋچى چوڭقۇر خورسىنىپ.

- نېمە؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى.

مەن توشقان ياتقان يەرگە دەررۇ قارىدىم. بۇ چاغدا توشقان ياتقان جايىدىن تۇرۇپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. دېمەك، ئۆلگىنى قارچىغا ئىكەن.

مانا، ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەيدىغان «ئاجىز» نىڭ كارامىتى!

مانا، ئۆلۈم تەھلىكىسى ئالدىدا شۇمشىيىپ تۇرمايدىغان جان ئىگىسىنىڭ كارامىتى!

مۇشۇكمۇ بولۇڭغا قىستىلىۋەرسە يولۋاسقا ئايلىنىدۇ، دېگەن بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم. دەرھەقىقەت شۇنداق بولىدىكەن. ئاجىزنى كۈچلۈك بوزەك قىلىۋەرسە، ئاجىزمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق كۈچ كۆرسەتمەي قالمايدىكەن. غەزەپ ئاجىزنى كۈچلۈكتىنمۇ كۈچلۈك قىلىۋېتەلەيدىكەن.

ئەي، ئاجىزلارنى ياشاش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر قىلغان ئىرادە!

- ئەي، ئىرادە!

- شۇنداق، ئىرادە شۇنداق، - دېدى ئۇۋچى ئاغزىمدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كەتكەن ئاخىرقى سۆزۈمگە ئۇلاپلا، - قارچىغىغا مۇشۇنداق بىئەجەل ئۆلۈم ئىرادە قىلىنغانىكەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى خىيالدىن يىغىۋالدىم.

- قارچىغىغا ئۆلۈم ئىرادە قىلىنغان دېدىڭما؟

- شۇنداق بولمىسا، ئۇ شۇنچە قۇدرەتلىك تۇرۇپ ئاجىز توشقاننىڭ بىر تېپىكى بىلەن ئۆلەرمىدى؟

«تەقدىر - ئىرادە» توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرغۇم كەلمىدى. پەقەت باياتىن بېرى چۈشىنەلمىگەن بىر ئىشنى ئۇنىڭدىن سورىۋالدىم:

- قارچىغاڭ بايام توشقانغا ئۇدۇللا ئېتىلماي نېمە ئۈچۈن ئەتراپىدىن بىرنەچچە قېتىم ئەگىپ ئۆتتى؟

- ئۇ قوۋۇ توشقانغا دۈچ كەلگىنىنى، ئېتىلىپ بارسا، ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى پەملىگەن.

- ئەمىسە، كېيىن نېمىشقا ئېتىلىپ باردى؟

- ئۇ ئاچ - تە!

«ئاچ؟ . . . كىم ئاچ؟ . . . قارچىغا ئاچ؟ . . . ھەئە، ئۇ ئاچ ئىدى. لېكىن ئۇۋچىنىڭ ئاچ قويغانلىقى تۈپەيلى ئاچ ئىدى. ئاچلىق ھەرقانداق جان ئىگىسىنى نېمە كويغا سالمايدۇ!؟ راست، ئۇنى توشقانغا سالدۇرغانمۇ ئاچلىق، ئۇنىڭ تەبىئىتىنى ئېغىر يىرتقۇچ قىلىۋەتكەنمۇ ئاچلىق، ئاخىر ئۇنىڭ بېشىغا چىققانمۇ ئاچلىق! . . .»

مەن سۇنايلىنىپ ياتقان قارچىغىدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ ئۇۋچىغا قارىدىم. ئۇۋچىنىڭ چىرايىدا بىر خىل مەيۈسلۈك، ئەلەم، پۇشايمان بار ئىدى. ئۇ قارچىغىسىنىڭ يېڭىلگەنلىكىگە مەيۈسلەنگەنىدى. بىر ئاجىز توشقاننىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ باتۇر قارچىغىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلغانىدى. پۇشايمانچۇ؟ . . . ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى، دەۋاتامسىلەر؟ ياق! ئۇ بۇنىڭغا پۇشايمان قىلمىغان، بەلكى ھازىر قېچىپ كەتكەن توشقاننى ئۆلتۈرەلمىگەنلىكىگە، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇچرايدىغان توشقانلارنى ئۆلتۈرەلمەيدىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانىدى. بۇ پۇشايماندا ئاچلىق، تويمىغۇر بىر ئاچلىق نامايان بولۇپ تۇراتتى. زادى كىم ئاچ ئىكەن؟ قارچىغىمۇ؟ ياق، ھەقىقىي ئاچ ئۇۋچى، پۈتكۈل ھايۋاناتنى غانجۇغىسىغا ئارتىۋالسىمۇ، يەنىلا كۆزى تويمايدىغان مۇشۇ نەپسانىيەتچى ئۇۋچى! ئۇ قارچىغىنى ئۆزىنىڭ تويماس نەپسىگە قول قىلىۋالمىغان بولسا، قارچىغىنىڭ نەپسى بىرەر پارچە گۆش بىلەنلا ھەل بولغان بولاتتى. قارچىغىنىڭ تەبىئىتىنى شۇنچە ۋەھشىيلەشتۈرۈۋەتكەن مۇشۇ ئاچكۆز ئۇۋچىنىڭ ئەسلى يىرتقۇچ، لېكىن نىقابلانغان تەبىئىتى. ئۇ تۇماقىنى قارچىغىنىڭ كۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قەلبىگىمۇ كىيگۈزۈشنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ شۇنداق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شۇنداق! . . .

مەن يەنە ئۇۋچىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پۇخادىن چىقالماي دەرد چېكىپ قالغاندەك بىر ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. راست، ئۇ ئازراقمۇ پۇخادىن چىقالمىدى، لېكىن مەن سەل پۇخادىن چىقتىم. ئاجىز توشقاننىڭ غەلىبىسى مېنى سەل پۇخادىن چىقارغانىدى. ئاجىز توشقاننىڭ غەلىبىسى قارچىغىنى پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى بىلەن، ئۇۋچىنى ئەلەملىك رەسۋاچىلىق بىلەن تاماشا كۆرسىتىش سەھنىسىگە چىقارغان، مەن بۇ تاماشىنى كۆرۈپ خېلىلا پۇخادىن چىقىپ قالغانىدىم.

مەن سەل. . . خېلىلا. . . دېدىم، نېمىشقا تولۇق پۇخادىن چىقتىم دېمىدىم، ئاغىنىلەر، بىلەمسىلەر؟ راست، مەن قاچان تولۇق پۇخادىن چىقىمەن؟ ئاچكۆز قۇتراتقان ئاچ بېشىنى يېدى، ئەمدى ئاشۇ ھەقىقىي ئاچكۆز بېشىنى يېگەندىمۇ؟ بىر ئاچكۆز يوقالغان بىلەنلا بارلىق ئاچكۆزلۈك يوقاپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاچكۆز ئەمەس، ئاچكۆزلۈك يوقالغاندا، بىر ئۆزىنىلا ئويلاپ باشقا جان ئىگىلىرىنى نەزەرگىمۇ ئىلمايدىغان شۇ پەسكەش ئاچكۆزلۈك يوقالغاندا، ئاندىن مەن پۇخادىن چىقىدىغان ئوخشايمەن.

قېنى، تاماشا قىلىپ تۇرايلى، ئاغىنىلەر، ئىنساپ بەرسە، ھەممىمىزلا تەڭ پۇخادىن چىقارمىز.

مەسئۇل تەھرىرى: روشەن سەيپۇللا





ياقۇپ كېرەم

# هەشقىپىچەك گۈلى

( هېكايە )

مۇشۇ مەھەللىدە گۆھەرپاشا ئوسما قويۇشقا ئەڭ ئۇستا چوكان. ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىق ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، قاشلىرىغا چىرايلىق قىلىپ ئوسما قويۇۋالغان كۈنلىرى، مەھەللىدىكى ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كېتەتتى. مەھەللىدىكى بويىغا يەتكەن قىزلاردىن تارتىپ، قېرىغىنىنى تەن ئالمىغان قىزغانچۇق خوتۇنلارغىچە قاشلىرىغا ئوسما قويدۇرۇش ئۈچۈن گۆھەرپاشانى ئىزلەيتتى. ئۇنىڭ شۇنداق ياراشتۇرۇپ ئوسما قويۇش ھۈنىرىگە قايىل بولاتتى. بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر ئەردىن چىقىپمۇ بۇزۇلمىغان ھۆسنىگە، گۈلدەك چىرايىغا قاراپ زوقلىناتتى، بەزىلىرى گۆھەرپاشادىن رەشك قىلاتتى، ئەرلىرىدىن ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ گۆھەرپاشا ئاياللار ئۈچۈن ئاشكارا بولمايدىغان

يوشۇرۇن ئاپەت، ئەرلەر ئۈچۈن ئېرىشكىلى بولمايدىغان سىرلىق ئامەت ئىدى. ئۇ بېدە تەرگىلى ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا، ئوت ئالغىلى قوناقلىقلارغا بېرىپ قالىدىغان بولسا، مەھەللىدىكى تېخى توي قىلمىغان بويتاق يىگىتلەردىن، ياكى خوتۇنى بولسىمۇ ھەۋەسنىڭ ۋەسۋەسىسىدە شىپىرلاپ يۈرىدىغان ئەرلەردىن بىر - ئىككىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇلار گۆھەرپاشانىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېدە تېرىشىپ، ئوت ئېلىشىپ بەرگەچ قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، گۆھەرپاشانىڭ قەلبىنى چېكىپ باقاتتى. شېكەردەك سۆزلىرى بىلەن ھاياتلىق لەززىتىنى تېتىپ بېقىشقا تىرىشاتتى. گۆھەرپاشامۇ ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىغا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى، ھېچكىمدىن قورقۇپمۇ، ئەنسىرەپمۇ كەتمەيتتى، تاتلىق كۈلۈمسىرەپ، ئوتلۇق بېقىشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ تېخىمۇ جەزبىدارلىقىنى نامايان قىلاتتى. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆز، ھەرىكەتلىرى ھەددىدىن ئاشقۇدەك بولسا قاتتىق خاپىلىغان قىياپەتتە چىرايلىقچە رەت قىلاتتى. مەھەللىدىكى بەزى غەيۋەتخور خوتۇنلارنىڭ سېسىق گەپلىرىگە ۋە خولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئېيتقان ئاچچىق تەنىلىرىگە ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇ ئۆزىگە «مەن ئەل - مەھەللە ۋە خۇدا ئالدىدا پاك. ئۇلار بۇنچىلىك ئەزۋەيلەپ كەتكۇدەك نېمە گۇناھ قىلدىم» دەيتتى.

شۇنداق، گۆھەرپاشا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن بۇيان، مۇشۇ مەھەللىلىك باقى چوقۇرنىڭ قوناقلىقتا ئۇنى تۇيۇقسىزلا مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ، تەلۋىلەرچە بىرنى سۆيىۋالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىرەر يات جىنسقا ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ باققىنى يوق.

ئۈجمە پىشقان مەزگىللەردە سەھرانىڭ سەھىرى ئاجايىپ چىرايلىق، ھەممە ياقنى قاپلىغان ئۈجمىنىڭ شېرىن ھىدى، ئۈيقۇدىن سەگىتىپ جاننى يايرىتىدىغان سەلكىن شامال. . . گۆھەرپاشا بۈگۈنمۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، سەھەرنىڭ گۈزەل پەيزىنى سۈرگەچ باغدىكى ئوتياشلىقتىن بىر تۇتام چامغۇر كۆكى تەردى. ئۇ قىر باشلىرىدا ئۈنۈپ قالغان ھەر خىل ئوتلارنىڭ چىرايلىق گۈللىرىدىن بىرنەچچە تال ئۈزۈۋېلىپ باغدىن چىقتى - دە، ئەتىگەنلىك چاي ئۈچۈن ئوچاققا ئوت ياقتى. ئاندىن ھويلا - ئارامنى پاكىز تازىلىۋېتىپ، كىچىككىنە سېۋەتنى كۆتۈرگىنىچە مەھەللىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۈجمىلىككە ئۈجمە تەرگىلى كەلدى. مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن سۆسۈن ئۈجمە مېۋىلىرى ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا يوپۇرماقلار ئارىسىدىن جۇلالىنىپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

گۆھەرپاشا ئۈجمىلەرنى ئالدىرىماي تەرگىلى باشلىدى. ئىككى تال ئۈزۈن، بىلەكتەك توم ئۆرۈمە چېچى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئالدىغا چۈشۈپ تۇراتتى. بىر چاغ ئۇ چاچلىرىنى كەينىگە تاشلىۋېتىپ بىر جۈپ يوغان ئېچىلغان كۆزىنىڭ خۇپىيانە ھالدا تەلۋىلەرچە تەشنالىق ۋە زور قىزىقىش بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ ئەرۋاھى ئۇچتى:

- نېمە بۇنچە قاراپ كەتتىڭ گومۇش!؟

- ھېچ. . . ھېچنېمىگە گۆھەر خېنىم، - بارات گومۇش ھودۇقۇپ دورداي كالپۇكلىرى ئۈستىدىكى توم بۇرۇتى لىكىلداپ كەتتى. گۆھەرپاشا شۇندىلا ئۆزىگە دىققەت قىلدى. ئۇ ئۈجمىنى ئېگىشىپ تېرىۋاتقاچقا، باغىرداق تاقىمىغان ئاپئاق كۆكسى ئالدى ئويما ياقىلىق دوخاۋا كۆڭلىكىدىن مانا مەن دەپ ئوچۇق كۆرۈنۈپ قالغانىدى. گۆھەرپاشا قىزاردى، ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك بارات گومۇشقا قارىدى، بىر خىل شېرىن لەززەتتىن مەھرۇم قالغان گومۇشنىڭ كۆزلىرى يەنە ئاللىقانداق قىزىقىش ۋە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈش ئىچىدە پارقىراپ تۇراتتى.

- ئۈجمە تېرىشىپ بېرەيمۇ دېمەيسەنغۇ؟ باشقىلار بولغان بولسا سەندەك قاراپ تۇرمايتتى ، - گۆھەرپاشا خاپىلىغان قىياپەتتە ئۇنىڭغا دوق قىلدى.

- جان دېمەمدىغان گۆھەر خېنىم، ئەكەلسىلە سېۋەتلىرىنى، - بارات گومۇش گۆھەرپاشانىڭ خاپىلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراش ئۈجمە تېرىشكە كىرىشتى.

گۆھەرپاشا بارات گومۇش بىلەن مۇشۇ مەھەللىدە ساق بىر يىل بىر قودۇقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، دائىم ئۇچرىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، تېخىچە بىرەر قېتىم ئەل قاتارى پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى. گومۇش ئۇنى ھەر كۆرگىنىدە يەر تېگىدىن ئەيمىنىپ قاراپ

قوياتتى. ئاھىدا يىغلىغاندەك كۆلۈمسىرەيتتى. بولتۇر قارىياغاچ دەرەخلىرى بىخ چىقارغان ۋاقىتلاردا ئۇ، بۇ مەھەللىگە قاياقتىندۇر مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا قاسىم تۆمۈرچى ئۇنىڭ قاۋۇل بەستىگە، ئۆكۈزنىڭ كىچىدەك كۈچلۈك بىلەكلىرىگە قاراپ ئۇنى ئۆزىنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا شاگىرتلىققا ئېلىۋالدى. ئۇ تاماق تاللىمايتتى، ھورۇنلۇق قىلمايتتى، نېمىنى قىل دېسە شۇنى قىلاتتى. دەرۋەقە بارات گۇمۇش «بۇگۈننى بۇگۈنگە، ئەتىنى خۇداغا» قويۇپ كېتىۋاتقان ياۋاش ۋە مۆمىن بەندە ئىدى. بازغان تۇتۇش ئاسان ئىشمۇ؟ خېلى - خېلى ئەركەكلەرنى كېرەكتىن چىقىرىدىغان بۇ ئىشقا كەلگەندە ئۇ قاسىم تۆمۈرچىنى ھەيران قالدۇردى. شۇنداق، ئۇ ئاشۇ كۈچلۈك بىلەكلىرىگە، قولدەك ئىشلەشنىلا بىلىدىغان ئىتائەتمەن مىجەزىگە تايىنىپ كۈن كۆچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. يېڭى كەلگەندە مەھەللىدىكىلەردىن ياتسىراپ، ھېچكىم بىلەن سالام - سائەت قىلىشماي يۈرگەچكە، مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا «گۇمۇش» دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويغانىدى.

گۆھەرپاشا ئۇنى گەپكە سېلىپ باقتى:

- سېنى خوتۇن ئالمىغانىكەن، دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ گۇمۇش! ؟

- بىزدەكلەرگە نەدىكى خوتۇنكەن خېنىم، خوتۇن خەق دېگەن ئۆيى، پۇلى بارلارغا تېگىدىكەن.

- ھا. . . ھا. . . ھا، - گۆھەرپاشا قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇجمە شېخىغا قونۇۋالغان قۇچقاچلار قوڭغۇراقتەك كۈلكە ئاۋازىدىن ئۈركۈپ پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى، - يىگىت ئىكەنسەن - دە، تېخى، تاتلىق ھەسرەپ باقمىغان. . .

- ماڭا ئۇنداق ئامەت نەدە خېنىم، - بارات گۇمۇش قېلىن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ، گۆھەرپاشانىڭ قولىدىكى كىچىك ئۇجمە سېۋىتىگە بىر تۇتام ئۇجمىنى تاشلىدى، - ئەمما مەن يۇرتىمىزدىكى ۋاقتىمدا قوشنىمىز سالى ئىمامنىڭ قىزى گۈلجەننەت بىلەن رابىخان مومايىنىڭ ئوغلى ھوشۇر قاسساپنىڭ شاپتۇللۇق باغدا سۆيۈشۈۋاتقىنىنى كۆرگەنمەن، - ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ چىرايىدا ئاللىقانداق بىر مەخپىي سىرنى باشقىلارغا دەپ بېرىۋاتقاندىكى ئەنسىرەش ۋە قورقۇمسىراش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

- ئوھوش، كۆرسەڭ سەن كۆرۈپسەن. مېنىڭ نېمە ئىشىم؟ بېرىپ تاقاڭنى سوقىنە ماڭ.

- خېنىم مەن. . .

- كەت دېدىمغۇ ساڭا، ئۆزۈم تېرىۋالىمەن قالغان ئۇجمىلەرنى.

گۆھەرپاشا قەستەن تېرىكىپ، بارات گۇمۇشنى كىچىك بالىنى قوغلىغاندەك يېنىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئەسلىدىغۇ بۇنداق قىلغۇسى يوق ئىدى، بىراق ئۇ بىرنەچچە ئايالنىڭ ئۇجمە تېرىدىغان كىچىك سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

گۆھەرپاشا تېرىپ كەلگەن ئۇجمىلەرنى سوغۇق سۇدا پاكىز چايقاپ، ئۆگزىدىكى قورۇق ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويدى، ئاندىن ئۆيدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى تۈگىتىپ، تۈنۈگۈن تەييارلاپ قويغان ئوسما يوپۇرمىقىنى ئېلىپ، ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىدا ئۇزاق ئۇۋۇلاپ ئېزىپ چاي چىنىسىنىڭ كەينىگە سىقتى، بىر قولىدا ئوسما قويىدىغان پەلكۈچ، يەنە بىر قولىدا دائىم يېنىدا ساقلايدىغان يۆپيۇمىلاق قول ئەينىكىنى تۇتۇپ، ئەينەككە قارىغىنىچە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. مۆڭلۈق، قاپقارا كۆزلەر ۋە بۇ كۆزلەرنىڭ تېگىدىكى بىر خىل مەيۈسلۈك ۋە تەنھالىق نۇرلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان تال - تال ئۇزۇن كىرپىكلەر، ئاغرىتىپ - ئاغرىتىپ سۆيۈشكە، چىشلەشكە تەشنا بولۇۋاتقان بىراق بۇ تەشنالىققا چىداپ كەلگەن ۋە چىدايدىغان ئىزلانغان لەۋلەر. . . ئۇ ئەينەكتىن ئەنە شۇلارنى كۆرۈپ قەلبى ئۆرتەندى. دەرۋەقە باشقىلارغا خۇشال - خۇرام، غەمسىز كۆرۈنگەن گۆھەرپاشانىڭ ئازابىنى، مۇڭ - ئىستەكلىرىنى كىم بىلىدۇ؟ گۈلدەك چىرايى بار بىر چوكان تازا ھاياتلىق لەززىتىنى تېتىيدىغان شېرىن پەسلىنىڭ ئاستا - ئاستا ئۆزاپ كېتىۋاتقانلىقىغا قانداق چىدىسۇن؟ ئەرسىز، لەززەتسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈنلەر بىر ئەردىن چىققان چوكان ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلىق، بەدەنىنىڭ ئوتتەك قىزىغاندىكى ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىشى قانچىلىك تەس؟ بىراق، گۆھەرپاشا چىدىدى، ھەممىگە كۆنۈپ كەتتى. تۇرمۇش ۋە تەقدىردىن ئاغرىنىپ بىرەرسىگە دەرد ئېيتىپمۇ باقمىدى.

بىر چاغلاردا ئۇنىڭ چىرايلىق لەۋلىرىگە ئاچچىق موخۇركىنىڭ قاڭسىق ھىدى كېلىپ تۇرغان ئوتتەك لەۋلەر سۆيگەن، ئىنچىكە بەللىرىنى بەقۇۋۋەت قوللار مەھكەم قۇچاقلاپ، چەكسىز ھۇزۇرلاندۇرغان. ئۇ ئاشۇ ئۇنتۇلماس شېرىن كۈنلەرنى ئەسلىگىنىدە قەلبىدىكى جاراھەت تېخىمۇ كۈچىيەتتى، يۈرىكى ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنەتتى. دېمىسىمۇ ئاشۇ كۈنلەر ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىق. گۆھەرپاشا ئەمدىلا رەڭ تۈزەپ چىرايلىق قىز بولۇپ يېتىلگەندە قوشنا مەھەللىلىك بىر يىگىتنىڭ مۇڭلۇق ئېيتقان ناخشىلىرى، ئوتلۇق بېقىشلىرى، كېلىشكەن تۇرقى ئۇنىڭ ساددا ۋە تىپتىنچ قەلبىنى قىزغىن ھېسسىياتلارغا چۆمدۈرۈپ ئېرىتىۋەتتى. ئۇلار بىر مەزگىل يوشۇرۇن مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈشتى، ئاپئاق كېچىلەرگە مەپتۇن بولۇپ، نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىشتى، ئاخىرى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىپ توي قىلىشتى. توي بولغان كۈنى گۆھەرپاشا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇن چاچلىرىنى جىگدە يېلىمى سۈرۈپ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغانىدى. ئۇسما قويغان قەلەم قاشلىرى ئاستىدىكى بۇلاقتەك كۆزلىرى بەخت ئىلكىدە چاقناپ تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن قىز - چوكانلار ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشتى. ئەرلەر يىگىتكە ھەۋەس قىلىشتى. بىراق گۆھەرپاشا ئېرىنىڭ ئۆيىدە كېلىن بولۇپ ئاران بىر يىللا تۇرالىدى. دەرھەقىقەت ئۇنىڭ ئەردىن تەلىيى چىقمىغانىدى، ئېرى هاراقكەش، قىمارۋاز ئىدى. قىماردىن تەلىيى كەلمىگەن كۈنلىرى هاراقنى بولۇشىچە ئىچىپ ئۆيگە مەست كېلەتتى - دە، بارلىق ئاچچىق - ئەلىمىنى گۆھەرپاشانى دۇمبالاپ چىقىراتتى. گۆھەرپاشا ئۇنىڭغا يېلىندى، نەسىھەت قىلدى، يىغلاپ تۇرۇپ ئېرىنىڭ مۇھەببەتلەشكەن ۋاقىتتىكى ۋەدىلىرىنى، شېرىن - شېكەر سۆزلىرىنى ئېسىگە سالدى، يەنە بولماي ئاخىرى ئۇنىڭ ئېرىدىن مېھىر - مۇھەببىتى ئۈزۈلۈپ ئاجرىشىپ كەتتى. شۇندىن بېرى نۇرغۇن ئەرلەر ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئۇ پەرۋا قىلمىدى. سىپايە، ئاق كۆڭۈل كۆرۈنگەن شېرىن سۆزلۈك ئەرلەرنىڭ توي قىلىۋېلىپلا ئۆزگىرىپ كېتىشىگە، ۋۇجۇدىنىڭ بىر يېرىدە بېسىلىپ ياتقان هاكاۋۇرلۇق ۋە خوجايىنلىق كالتەكنى كۆتۈرۈپ چىقىشىغا ئۇ ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. شۇڭا بارلىق ئەركەكلەرگە گۇمان بىلەن قاراپ توي قىلىشتىن قورقتى...

ئورما مەزگىلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى. گۆھەرپاشا ئۆيىنىڭ كەينىدىكى باغدا ئولتۇرۇپ بىرنەچچە كۈن سۇغا چىلىنىپ يۇمشاق تاسمىدەك بولۇپ قالغان چىغلاردىن باغلىق ياساۋاتاتتى. باغنىڭ پاكار سوقۇلغان كەينى تېمىدىكى كىچىك ئىشىك ئۆستەڭگە بارىدىغان چىغىر يول بىلەن تۇتىشاتتى. ئۆرۈكلەر ئەمدىلا پىشىشقا باشلىغان بولۇپ، باغنىڭ ئىچى بىرخىل گۈپپىدە تاتلىق پۇراققا تولغانىدى.

كاككۇك... كاككۇك...

گۆھەرپاشا كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكى دەرەخ شاخلىرىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ يوغان بىر تۈپ تال شېخىغا قونۇۋالغان كاككۇكنى كۆرۈپ چېھرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس مەمنۇنلۇق ۋە خۇشاللىق ئەكس ئەتتى. قەلبىدىن بىر يوشۇرۇن ئىستەك، بىر مۇڭلۇق ناخشا ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇرغۇپ چىقتى.

يۈرىكىمدە كۆيۈك ئوتى بار،
ئاخشام - كەچتە كېلەلمەسەن يار.

ئۇ، بۇ ناخشىنى كىمگە قارىتىپ، نېمە ئۈچۈن ئېيتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇنداق بىر شېرىن خۇشلۇق ئىچىدە، خۇددى ئۇنىڭغا مۇشۇنداق تەلمۈرۈش، ئازاب ۋە ئاچچىق، تەنھالىق ئىپادىلەنگەن ناخشىنى ئېيتىش كېرەكتەك.

كاككۇك ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سايراۋاتاتتى.

كاككۇك... كاككۇك...

- كۇش... ش.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قوپال، بوم ئاۋازدىن ئۈركۈپ كەتكەن كاككۇك يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. «كىمكىنا بۇ، خۇددى كاككۇك ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەۋاتقاندەك بۇنچە سەت ۋارقىراپ...» گۆھەرپاشانىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ قولىدىكى چىغنى تاشلاپ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، تام تۈۋىگە كېلىپ يولغا سەپسالدى. بىرنەچچە يېڭىدىن سوقۇلغان ئورغاقلارنى كۆتۈرۈۋالغان بارات گۇمۇش بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ھېچنېمىدىن پەرۋاسىز ئۆستەڭ تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

- هۇيت!!!

- ...

- هەي گۇمۇش!

بارات گۇمۇش چۆچۈپ كەتتى. ئۇ مېڭىشتىن

توختاپ پاكار سوقما تامدىن بويىنىنى سوزۇپ ئۆزىگە ئاچچىق بىلەن قاراۋاتقان گۆھەرپاشانى كۆردى.

- مەنما... نېمىگە بۇنچە خاپىلىق خېنىم؟

- مەن، ھېچنېمىگە....

بارات گومۇش نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي گاھ گۆھەرپاشاغا ئەيمىنىش بىلەن قارىسا، گاھ بويىنىنى قاشلاپ تەشۋىش ئىچىدە كۆزلىرىنى ئېپىچاچاتتى. گۆھەرپاشا ئۇنىڭ ھەربىر ھالىتىدىكى ئوڭايسىزلىقنى كۆرۈپ، باياتىنقى ئاچچىقى سەل بېسىقتى. «ئۇنى تەڭلىكتە قويۇپ نېمە قىلاي» ئۇ شۇنداق ئويلاپ دەرھال باغنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى - دە، بارات گومۇشقا قاراپ تاتلىق بىر كۈلۈمسىرىدى:

- باغقا كىر بارات، سېنى ئۆزۈڭ يەۋالامدىكىن دەپ چاقىرغان.

يا كەينىگە، يا ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرغان بارات گومۇش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەسلى ھالىتىگە قايتتى. چىرايىدا كۈلكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىپادە ئەكس ئېتىپ ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسەتتى:

- بۇ... قانداق... ئۆستەڭگە يېرىپ ئورغاقلارنى بىلەپ كېلەي دېگەن خېنىم.

- كىرمەمسەن، پىشقان ئۆرۈكلەردىن تېتىپ باق.

بارات گومۇش باغقا كىرگەندە گۆھەرپاشا ئۆزىنىڭ بۇ دۆتلۈكىدىن سەل پۇشايمان قىلدى. «نېمىشقا بۇنداق قىلدىم، بىر تۇل ئايالنىڭ بويتاق بىر ئەرنى بېغىغا چاقىرىپ كۈلكە - چاقچاق قىلىشى قانداق گەپ؟ تامنىڭ ئۇ تەرىپى كىشىلەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان يول تۇرسا، بوپتۇلا، بۇنداق ئەنسىرەپ كەتكۇدەك مەن يا ئۇنى ئىشرەتكە چاقىرمىسام...» ئۇ شۇنداق خىياللاردا بولۇپ كۆڭلى تىندى. ھېچنېمىنى چاندۇرماي ئاستا گومۇشتىن سوراپ باقتى.

- كاككۇكنىڭ سايرىشى بەك چىرايلىق - ھە، بارات.

- ھەئە.

- ئەمىسە نېمىشقا ئۈچۈرۈۋېتىسەن؟

- خىيالىمنى بۇزۇپ...

- قانداق تاتلىق خىيال ئۇ كاككۇكلارنى قوغلىغۇدەك؟ - گۆھەرپاشا كوچىلاپ سوراۋەردى، - خوتۇن خىيالىغۇ ھەقچان.

- ياق... ياق خېنىم، - بارات گومۇش ھېچنېمە دېيەلمەي دۇدۇقلىدى. بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىللىق تېپىپ چىقتى.

- مېنى خالامسەن؟

- مەنما... بۇ قانداق بولىدۇ خېنىم، - بارات گومۇش بۇ سۆزنى گۆھەرپاشانىڭ دېگەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك ھاڭۋېقىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. چىرايىدىن ئوڭايسىزلىق ۋە گۇمان ئارىلاش ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە گۆھەرپاشا ئۇنىڭ بىلەن قەستەن چېقىشىۋاتاتتى:

- يالغان ئېيتمايمەن، ساڭا تەگكۈم كېلىدۇ.

- مېنى يارىتامسەن؟

- يارىتىمەن.

- داداڭ قوشۇلمىسىچۇ خېنىم؟

- دۆت، ئېلىپ قاچمامسەن مېنى!

- قېچىپ كەتسەك يامان بولىدۇ خېنىم، - بارات گومۇش ئېغىر غەم باسقاندەك خورسىندى، - ئۇنىڭ ئۈستىگە نەگە ئېلىپ قاچىمەن، مېنىڭ يا ئۆيۈم يوق.

- بىچارە گومۇش، - گۆھەرپاشا بۇ سۆزنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا دېۋەتتى. بىراق شۇ چاغدا قەلبى بارات گومۇشقا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىق ئۇنىڭ ساددا ۋە ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىگە بولغان ئامراقلىق بىلەن تولغانىدى. بارات گومۇش بولسا سۈكۈت ئىچىدە ئامالسىزلىقىنى ئىپادىلەپ ئورغاقلىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە گۆھەرپاشاغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

ياز ئايلىرى گۆھەرپاشاغا ئۆزگىچە گۈزەللىك بەخش ئەتتى. ئۇ ھويلىسىغا ئۆستۈرگەن ھەشقىپىچەك گۈللىرى باراڭغا يامىشىپ، ئۇزۇن - ئۇزۇن پېلەك تارتىپ ھەر كۈنى سەھەردە غوچچىدە ئېچىلىپ كېتەتتى. ئۇ قىزىل، سۆسۈن رەڭلەر بىرلىشىپ كەتكەن، چىرايلىق ئېچىلغان ھەشقىپىچەك گۈللىرىگە قارىغانسېرى چوڭقۇر ئويلارغا پاتتى. غەمسىز باللىق چاغلىرىنى، ئەمدىلا قىز بولۇپ خۇددى مۇشۇ گۈللەردەك ئېچىلىپ، يىگىتلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان تاتلىق ئەمما چۈشتەك چاغلىرىنى ئەسلەيتتى. ئەسكى بولسىمۇ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى قەدىرلىمىگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مۇشۇنداق چاغلاردا ئۆزىگە ئالەمچە خۇشاللىق ئېرىپ، چەكسىز ھۇزۇرلاندۇرغان ئېرىنى ئېسىگە ئالاتتى. ئېرىنىڭ ئاچچىق موخوركا ھىدى كېلىپ

تۇرىدىغان لەۋلىرى، يۈزىنى ئېچىشتۇرۇپ مەستخۇشلۇق ئىلكىگە ئالغان يىرىك تۈكلۈك ئېڭەكلىرى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ، يەنە باشقىچە بىر چىرايغا - قېلىن لەۋلىرى قىمىرلاپ تۇرىدىغان، توم بۇرۇتلۇق، ياۋاشلىق ۋە رايىشلىق چىقىپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلۈك بىر ئەرنىڭ چىرايىغا ئالمىشىپ قالاتتى. بۇ چاغدا ئۇ «گومۇش ئەجەب خىيالىمغا كىرىۋالدۇ، مەن ئۇنى سېغىنغاندەك» دەپ ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىقلىناتتى. دېمىسىمۇ ئاشۇ قېتىمقى باغدىكى ئۇچرىشىشتىن بۇيان، بارات گومۇشنىڭ تىلى چىقىپ، ئايىغى يېنىكلەپ قالغانىدى. ئۇ بىكار بولسىلا گۆھەرپاشالارنىڭ ھويلىسى ئالدىدا پەيدا بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، يېقىنچىلىقىنى ئىپادىلەيتتى. گۆھەرپاشا ئۇنىڭغا چاقچاق گەپ قىلغۇدەك بولسا، خۇشاللىقىدىن ئېغىزى يۇمۇلمايتتى، تېخىمۇ تېتىكلىشەتتى. گۆھەرپاشا گومۇشنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلىرىگە تۇرۇپ ھەيران قالسا، تۇرۇپ مەھەللىدىكى كىشىلەردىن خىجىل بولاتتى، تەشۋىشلىنەتتى، بىرەر يامان گەپ چىقمىغىيتتى دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇنى توسۇپ قېلىشقا قوربى يەتمىسىمۇ، بىراق گومۇشنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمايتتى. بىر بىچارە مۇساپىرنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويۇشنى راۋا كۆرمەيتتى.

گۆھەرپاشا كەچقۇرۇن سولاشقان ھەشقىپىچەك گۈللىرىنى كۆرگىنىدە قەلبىنى چەكسىز ئازاب چۇلغىۋالاتتى. بەخت ۋە شادلىقىنى تولۇق سېزىپ بولالمايلا ئاياغلاشقان ياشلىق باھارى ھەققىدە خىياللارغا چۆمەتتى. ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ مۇشۇ ھەشقىپىچەك گۈللىرىگە ئوخشاش گۈزەللىكىنى، جەزبىدارلىقىنى تولۇق نامايان قىلالمايلا توزۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ خورسىناتتى. لەۋلىرىنى قاتتىق - قاتتىق چىشلەيتتى. نېمە ئامال؟ ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ۋاپاسىز. ياق، بۇ نۆۋەت ئۇنىڭغا چوقۇم ياخشى ئەر چىقىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ ئارتۇقچە ئەندىشە قىلمايلا ياتلىق بولىدۇ، باشقىلارغا ئوخشاش بالىلىق بولىدۇ...

مەھەللىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە كەڭ كەتكەن جىگدىلىك بار ئىدى. بۇ يەرگە مەھەللىدىكى قىز - ئاياللار پات - پات كېلىپ جىگدە يېلىمى ئېلىپ كېتىشەتتى. جىگدىلىك قويۇق، خىلۋەت بولۇپ، ئىچ - پەش تارتىشقان ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئۇچرىشىدىغان پىنھان جايىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

گۆھەرپاشا قاشلىرىغا چىرايلىق ئوسما قويۇپ، ئەنەشۇ جىگدىلىككە كەلگىنىدە كۆڭلى يايراپ كەتتى. ھەممە يەر ئاقۇش، يوپۇرماقلار قۇياش نۇرىدا شۇنداق جۇلالىق... قۇشلارنىڭ خاتىرجەم ۋە يېقىملىق سايراشلىرى... قۇياشنىڭ غايەت زور ئاق تۇزان ئىچىدىكى تال - تال نۇرلىرى... گۆھەرپاشا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن پىچاقنى چىڭ تۇتۇپ، بىر - تۈپ جىگدە غولىدىكى قاسىراقلارغا يېپىشىپ توڭۇپ قالغان يېلىملارنىڭ تۈۋىگە سانجىدى. ئۇ ئاۋايلاپ يېلىم ئېلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز كەينىدىن بىرىنىڭ شەپىسىنى سەزدى ۋە ئىتتىك كەينىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئەر تەشنالىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى.

- تۇرسۇن! - گۆھەرپاشا ھودۇقتى، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ، يۈزلىرى قىزىشتى. بۇ، ئۇنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرى ئىدى.

ئېرى گۆھەرپاشانىڭ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئىنچىكە بەللىرىدىن مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. گۆھەرپاشانىڭ قولىدىكى پىچاق ئىختىيارسىز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بار كۈچى بىلەن ئېرىنىڭ گەۋدىسىدىن ئىتتىرىپ - يۇلقۇنۇپ چىقىشقا تىرىشتى.

- ئۇنداق قىلما، مېنى قويۇۋەت تۇرسۇن!

- مەن چىدىيالمىدىم. نەچچە قېتىم سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭنى كۈتتۈم. سەندىن ئايرىلىپ يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىم. ئاڭلاۋاتامسەن، يالغۇزلۇق يامانكەن خېنىم...

- گەپلىرىڭنى ئەمدى ئاڭلىمايمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قويۇۋەت. باشقىلار كۆرۈپ قالسا سەت بولىدۇ.

- بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق.

- ئىزا تارتمايدىغان يۈزسىز، مەن ساڭا ئۆچ...

ئېرى ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا، لەۋلىرىگە، كۆزلىرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. گۆھەرپاشا بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ، پۈتۈن بەدىنى بوشاپ كېتىۋاتاتتى. ئاللىقانداق شېرىن سېزىم ئۇنىڭ قارشىلىق قىلىش قۇدرىتىنى ئاجىزلاشتۇرماقتا ئىدى.

- بىلىمەن، مەن گۇناھكار. پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا ماڭا يول قوي. قانداقلا بولمىسۇن بىز بۇرۇن

بىر ياستۇققا باش قويغان، - ئېرى سۆزلەيتتى، توختىماي سۆيەتتى، پۇرايتتى.

- ئەسكى سارالڭ، بىز ئاجرىشىپ كەتكىلى نەۋاق.

ئېرى گۆھەرپاشانى يەردىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ، نەم ئوتلارنىڭ ئۈستىگە باستى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئېرىگە بولغان ئۆچمەنلىكى توزغاقتەك توزۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە تومۇر - تومۇرلىرىغا تاراپ كېتىۋاتقان مەستخۇشلۇق ئىچىدە قوللىرىنىڭ قانداقلارچە ئېرىنىڭ بوينىغا چىرمىشىپ قالغانلىقىنىمۇ سېزەلمەي قالدى. پۈتۈن بەدىنى نازۇك تىترەيتتى. . . يىللىق نەپەس يۈزلىرىگە ئۇرۇلاتتى. دەل شۇ چاغدا ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى. كۈچلۈك بىر قول ئېرىنىڭ بوينىدىن تۇتۇپ تارتتى. ئېرى ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە يۈزىگە ئۇرۇلغان بازغاندەك بىر مۇشتنىڭ زەربىسىدىن ئوڭدىسىغا چۈشتى. گۆھەرپاشا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بارات گۇمۇش مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگكىنىچە شىردەك ھۆركىرەپ تۇراتتى. ئاچچىق - ئەلەمدىن بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك نۇرلىرى چاقنايتتى.

- مەن گۆھەر خېنىمنى ئالىمەن! ئۇ مېنىڭ. . .

ياۋاش ۋە ئېتائەتمەن بارات گۇمۇشنىڭ بۇنداق قەھرى - غەزەپلىك ئەركەك ئىكەنلىكىنى گۆھەرپاشا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاچقا، نېمە دېيىشىنى، قانداق قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋاقتىدەك گۇمۇشقا قاراپلا قالغانىدى.

- رىزقىمغا قول سۇنغۇدەك بولدۇڭمۇ دىۋانە، ھاراملىق! - تۇرسۇن ئاغزى - بۇرنى قان ھالدا خورلۇقتىن بوغۇلاتتى، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ چۆپ ئۈستىدىكى گۆھەرپاشا ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى پىچاققا تاشلاندى. «پىچاق!» گۆھەرپاشانىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ گۇمۇشقا قاراپ ۋارقىرىدى:

- بارات قاچ!

ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدىمۇ ياكى گۆھەرپاشانىڭ سۆزى تەسىر قىلدىمۇ، بارات گۇمۇش كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى.

- توختا! - تۇرسۇننىڭ قولىدىكى پىچاق ۋال قىلىپ چاقناپ كەتتى، - ئۆچەي باغرىڭنى چۇۋۇپ تاشلايمەن سەن سۇپرەندىنىڭ! . . .

تۇرسۇننىڭ بوراندەك گۈركىرىگەن ئاۋازى جىگدىلىكنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. بۇ ئاۋازدىن گۆھەرپاشانىڭ قۇلىقى ئەتراپىدا قايتا - قايتا ئەكس سادا يېنىپ، ئۇنىڭ سېزىمىنى يوقىتىۋەتتى. ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى، ھېچنېمىنى ئويلىيالمايتتى. پەقەت زىيادە قورقۇپ كەتكەنلىكتىن تۈگۈلۈپلا قالغانىدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ گۆھەرپاشا بارات گۇمۇشنى ھېچيەردە ئۇچرىتالمىدى. گۇمۇشنىڭ قاسىم تۆمۈرچىنىڭ ئۆيىدىن، مەھەللىدىن ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتكەنلىكى ھەققىدە مەھەللىدىكىلەر بىر - بىرىگە خەۋەر بېرىشىپ، بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىشتى. بىراق ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن كېتىپ قالغانلىقىنى گۆھەرپاشادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. . .


بىر كۈن ئۆتتى، بىر ئاي ئۆتتى، كۈز كېلىپ يوپۇرماقلار تۆكۈلدى، يوللاردىكى غازاڭلارنى شاماللار ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كېتىشتى. «بارات، نەلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغانسەن؟» گۆھەرپاشا ئۇنىڭ مەھەللىگە قايتىپ كېلىشىنى تىلەيتتى، ھامان قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئۈمىدلىنەتتى.

قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى گۆھەرپاشاغا ھىجرانلىق خىياللارنى سوۋغا قىلدى. ئۇ بۇلۇڭدىكى ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قەلبىدە بارات گۇمۇشقا بولغان سېغىنىشنىڭ، تەلمۈرۈشنىڭ ئاشۇ ئوچاقتىكى ئوتتەك يالقۇنجاۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. گۇمۇش كەلگەندە ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىنى ئويلايتتى. . .

قارىياغاچ دەرەخلىرى بىخ چىقاردى، شاپتۇل دەرەخلىرى چېچەكلىدى، ئۈجمىلەر پىشتى، ھەشقىپىچەك گۈللىرى يەنە ئېچىلىپ توزۇپ كەتتى. . .

گۆھەرپاشا شۇندىمۇ ئۆزىگە پىچىرلايتتى، «ئۇ يەنە كېلىدۇ. . .»

مەسئۇل تەھرىرى: روشەن سەيپۇللا



هۈسەيىن تاش

# كېرەكسىز ئەرنىڭ ئايالى

(ھېكايە)

ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك! ئۇ قاچانغىچە ياشايدۇ؟ . . . ھەممىگە قادىر ئاللا ئىگەم ئۇنىڭغا قايتىدىن پۇت - قول ئاتا قىلمىدى. ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئەرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ مەيلىتتى. لېكىن بۇ مۇمكىنمۇ؟ . . . ئۇ جەمئىيەتكە، ئائىلىسىگە، ئۆز پەرزەنتلىرىگە ھېچقانداق بىر مەنپەئەت ۋە ياخشىلىق يەتكۈزەلمەيدىغان ئارتۇقچە ئادەمگە، ئايالىغا مېھىر - مۇھەببەت ۋە بەخت ئاتا قىلالمايدىغان كېرەكسىز ئەرگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن بۇ كېرەكسىز ئەر ئۆزىنىڭ ھالىغا باقماي كۆڭلى قارىلىق قىلىپ، نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆزىگە كۆيۈنۈپ، ئۆز ئىپپىتىنى، پاكلىقىنى ۋە ۋىجدانىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئايالىنى ئادەم چىدىغۇسىز سۆزلەر بىلەن تىللايدۇ. قەستەن قېرىشىپ زىتىغا تېگىدۇ. ئەڭ يامان يېرى باشقا ئەرلەردىن كۈنلەيدۇ. مەن قانداق قىلىمەن؟ ئۇ ھەم كېرەكسىز، ھەم رەھىمسىز ئەر.

ئون ئۈچ يىل. توۋا، ساق - سالامەت ئون ئۈچ يىل! ھاردىم - ئالدىم دېمەي دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ، كېرەكسىز ئەر بىلەن قوشۇپ ئالتە جاننى بېقىۋاتقان بىر ئايال ئۈچۈن ئون ئۈچ يىل ئاز ۋاقىتمۇ؟ . . . ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ئايال ئىكەنلىكىمگە قارىماي ئەرلەر بىلەن تەڭ ھاشارلارغا باردىم، تۈگمەندە ئۇن تارتتىم، مەن يەنىلا ياخشى بولالمايمەن. بۇ مەن ئۈچۈن باش تارتىپ بولالمايدىغان قەرزمۇ، مەجبۇرىيەتمۇ؟ . . .

كېرەكسىز ئەر مەندىن مەڭگۈ رازى بولىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە ئادەمگە، كېرەكسىز ئەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا تەن بەرمەيدىغاندۇ. ئۇ دائىم زەھەردەك گەپ بىلەن ماڭا

نەشتىرىنى سانجىيدۇ. پۇت - قولى يوق ئادەم نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيتتى. . . پەقەت زۇۋانىلا بار. ناخشا ئوقۇپ جان باقالىسا مەيلىدى. ھېچبولمىسا ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى» گە پۈتۈلگەن بولسىغۇ ئاز - تولا قۇتقۇزۇش پۇلى ياكى ياردىمىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولاتتى.

دېھقان بولۇش گۇناھمۇ؟ ھازىر شەھەردىكى مېيىپلارنىڭ كۈنى يامان ئەمەسكەن، كىشلەرنىڭ سەدىقىسىگە، ساخاۋىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىكەن. مەن ئېرىمنىمۇ ئەكىرىپ قويسامچۇ؟ ياق، بۇ نە ئات، نە نومۇس ئىش - ھە! . . . كېرەكسىز ئەر يېيىشتىن، چىقىرىشتىن، ئۆزىگە مەڭگۈلۈك باقىۋەندە بولۇپ قالغان ئايالى بىلەن ئۆز پۇشتىدىن ئاپىرىدە بولغان پەرزەنتلىرىنى تىللاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ھە دېسىلا بالىلارنى «ھارامدىن بولغان» دەپ تىللايدۇ. ئەسلى ھارامدىن بولغان ئادەم دېگەن دەل ئۆزى. . . ئۇ نېمىدېگەن قارا يۈز ھە، توۋا. . . ئىي خۇدا سەن مېنى پانىي ئالەمدە راھەت كۆرمەي جاپا - مۇشەققەت تارتىپ ئۆلسۇن دەمدىغانسەن، نېمىشقا ماڭا بەرگەن ئامانىتىڭنى تېزراق ئالمايدىغانسەن؟ . . . خۇدا مېنىڭ ئالتە جاننى بېقىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ئەتىدىن - كەچكىچە توگىمەس ئىشلار، سەۋرىنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. ياشاشتىن مەقسەت ئازاب چېكىشمۇ؟ . . . مەنمۇ ئادەم. باشقىلارغا ئوخشاش خۇشال - خۇرام يورۇشنى، ياشاشنىڭ، ئائىلىنىڭ، ئەرنىڭ، مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى خالايمەن. مېنىڭ پانىي ئالەمدىكى بىر ئۆمۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلىرىم، دەرد - ئەلەملىرىم، قايغۇ - ھەسرەتلىرىمنىڭ ھەممىسى باقىي ئالەمدىكى راھەت ئۈچۈنمۇ؟ . . . بىلمەيمەن، ياق، ياق مەن ئۇنچىلىك ئەخمەق بەندە ئەمەس. قاچانغىچە ئالدىراشچىلىق، غەم - غۇسسە، بىزارلىق، زېرىكىشلىك، تېگىرقاش ۋە توگىمەس تاپا - تەنىلەر ئىچىدە ياشايمەن. مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىمۇ ئېھتىمال مەندىن ئەركىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى جىنايەتچى بارلىق مەجبۇرىيەتلەردىن خالى ھالدا ئۆز جېنىنى باقىدۇ. ئادەملەر ئۇنىڭغا ئارتۇقچە تەلەپ قويمايدۇ. مەن جىنايەتچىدەكمۇ تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەيۋاتىمەن. پەرقىمىز ئېھتىمال پەقەت مېنىڭ كىشىلەر بىلەن ئەركىن ئارىلىشالىغانلىقىمدا ئىپادىلەنسە كېرەك. لېكىن مەن باشقىلار بىلەن قانچىلىك ئارىلىشالىدىم؟ جىنايەتچىنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىدۇ. مەنمۇ ئەمگەك قىلىمەن. . . ئېرىمنى، بالامنى باقىمەن. ئىسىت، ئىسىت. . . مەن ئۆلسەم چۆچۈرىدەك بەش بالام قانداق ياشايدۇ. راست، بۇ شۇملار كېيىن ماڭا نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرەر؟ توۋا، بىز نېمىشقا ئەۋلاد قالدۇرىدىغاندىمىز؟ بالىلارمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئاتا - ئانا بولىدۇ. مەن دۇچ كەلگەن رېئاللىقنى ئۇلارمۇ بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ھاياتلىق مانا مۇشۇنداق نىسپىي قانۇنىيەت بويىچە كېتىۋېرىدۇ. بەندىلەر باش - ئاخىرى يوق مەنىسىز ھايات سەپىرىدە قاچانغىچە تىرىشىپ - تىرمىشىپ مەقسەتسىز، مەنىسىز ياشايدىغاندىمىز؟ . . . بۇنى پۇت - قولى يوق، ئەرلىكىنى نامايان قىلالمايدىغان ئەر چۈشەنمەيدۇ. چۈشەنگەن بولسا ئاللىقاچان پانىي دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولاتتى. مەن بۇرۇنراق ئۆلگەن بولسام بۇنداق ئاۋارىچىلىقلارغا قالمايتتىم. ئادەمنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ۋە خۇشاللىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈم بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بالىلارنى بېقىش مەجبۇرىيىتىدىن ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنى تارتالمايدۇ. توگىمەس ھاشار، ئالۋاڭ - ياساق، دېھقانچىلىق، سۇ جوداسى. . . يېزىمىز ماشىنىلاشقان بولسىغۇ پۇت - قولۇم ئازراق بوشاپ قالاتتى.

ئېرىمنى ھېچنەرسە ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ، ئۇ توگەشكەن ئەر. ھۆكۈمەتمۇ ماڭا بىر قېتىم يالغاندىن تەسەللىي بېرىپ، تېلېۋىزوردا ماختاپ قويدى. «ۋاپادار ئايال»، «ئۆمۈرلۈك ھەمراھلار» . . . قۇرۇق بۇنداق تېتىقسىز سۆزلەر، ئازراق پۇل بەرگەن بولسىمۇ مەيلىتتى. نەچچە تىيىنلىق تەقدىرنامىنى نېمە قىلغىلى بولاتتى؟ بىراق، كىم مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بىلەن ھېسابلىشىپ باققان؟ «ۋاپادار ئايال» بولىمەن دەپ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە ياشىسام بولىدىكەن - دە، «ۋاپادار ئايال» بولۇشتىن مەقسەت نېمە؟ تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەر ماڭا شادلىق ئەمەس بەلكى يىغا ھەم ئازاب ئاتا قىلدى. كىشلەرنىڭ ماڭا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتىشلىرىچۇ تېخى؟ ئۇلار نېمىنى بىلەتتى، ماڭا ئوخشاش كېرەكسىز ئەرنىڭ ئايالى بولۇپ باقسۇنچۇ، شۇ چاغدا ھەممىنى بىلەتتى. ساراڭلار. . .

- سەن نېمىشقا باشقا ئەرلەرنى بىزنىڭ ئىشقا ئارىلاشتۇرىسەن. ئەر سېغىنغان بولساڭ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ تېگىۋال.

توۋا، كېپىنەكنىڭ سېسىقلىقىنى قانداق قىلاي؟ ئون ئۈچ يىلدىن بېرى ھېلىمۇ ئەر سېغىنمايدىكەنمەن. يەر ئاغدۇرۇش، خامان سورۇش دېگەنلەرنى مەن ئايال كىشى قانداق قىلالايمەن. توي قىلىپ، بەش يىلنى خۇشال - خۇرام، خاتىرجەم ئۆتكۈزگەندۇق. ئۇمۇ «بالا تاپالايمەن» دېگەندەك قىلىپ ھەر يىلى بىردىن بالىغا دادا بولدى. مانا ئەمدى ھەممىنى ماڭا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى ئارتۇقچە ئادەمگە، كېرەكسىز ئەرگە ئايلىنىۋالدى. «سەنمۇ بىر ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيسەن ئەر ئالماس ساراڭ، ئۆيدە مەڭگۈ قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرىدىغان ئوخشايسەن! » بويىغا يېتىپ قالغان قىزىغا مۇشۇنداق تېتىقسىز گەپ قىلغان بارمۇ؟ ھېلىمۇ ئاتىكەم ئۆيىنىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، بەزىدە ئۆزىنىڭ قىز باللىقىغا قارىماي دېھقانچىلىق ئىشلىرىغىمۇ ياردەملىشىپ بېرىۋاتىدۇ. يەنە قانداق قىلىپ بەرسە بولىدىكىن تاڭ؟ ئۆلمەيدىغانىنىڭ، دادا تۇرۇپ ئۆز قىزىغا دەۋاتقان گېپىنى؟... ئۇنى راستىنلا ئەر ئالماسمۇ، ياق ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا كېچە - كۈندۈز ئاتىكەمنى مارىشىپ يۈرگەن يىگىتلەرنى كېرەكسىز ئەر ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۆرەلمەمتى؟ ئاتىكەمنى ئەگىشىپ يۈرگەن يىگىتلەر بىزنىڭ ئائىلىنىڭ تۈگىمەس جاپاسىدىن قورقۇپ، ئۆيىمىزگە ئەلچى كىرگۈزمىگەن گەپ. چوڭلارمۇ قاراپ تۇرۇپ، ئۆز ئوغلىنى جاپاغا ئىتتىرىپ قويۇشنى خالىمايدۇ... يېزا بويىچە گۈزەللىكتە ئاتىكەمنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان قىز يوق دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئۆز قىزىنىڭ ئەرگە تېگەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى نېمىشقا ئۆزىدىن كۆرمەيدىغاندۇ؟ كېرەكسىز ئەر ھايات ياشاۋېرىدىغان بولسا چوقۇم ئۆز باللىرىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن قىزنى قانداقمۇ قېرى قىز دېگىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بۇرۇنقىدەك كىچىك تۇرمۇشلۇق بولىدىغان ئىشلار بارغانسېرى ئازلاۋاتىدۇ. تېخى بەزى قىزلار «ئوقۇيمىز» دەپ ئوتتۇز ياشتىن كېيىن توي قىلىدۇ. شەھەر قىزلىرىنىڭ «ئاياللار ئائىلىنىڭ قۇلى ئەمەس، قانداق ياشاش ئۆز ئەركىنلىكىمىز» دېگەندەك قاراشلىرىچۇ؟ ئۆلگۈر ساراڭ، ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىدۇ... ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە، ئەينى ۋاقىتتا دادامنىڭ گېپىگە كۆنمىگەن بولسام بۈنچە تەتۈر پېشانە بولۇپ قالماسىدىم.

- قىز بالىغا ئوقۇشنى كەم قويۇپتۇ. خەت تونۇشنى بىلسەڭلا بولدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتەيمۇ دەپ قالدىڭ، كېيىن بەربىر يېزىغا قايتىپ كېلىسەن. بىز سېنىڭ كېيىنكى بەختىڭنى ئويلاپ شۇنداق دەۋاتىمىز، ئىككى تاغار سامانغا ھۆججەت يازالىدىڭمۇ بولدى، ئوقۇدى دېگەن شۇ...

ئەسلىدە دادام مېنى بەخت قويىنىغا ئەمەس بەلكى بەختسىزلىك، ئازاب، جاپا - مۇشەققەت گىردابىغا ئىتتىرگەنىكەن. دادامۇ ئۆيىمىزگە تۈۋرۈك بولالىمىدى، ئۆلدى، بۇ شۇنچىلىك دۇنيا. ئۆلۈم - بەندىلەر مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغان قانۇنىيەت. مەكتەپتە ئوقۇۋەرگەن بولسام راستىنلا يېزىغا قايتىپ كېلەرمىدىم، ناتايىن. نىساگۈل سىنىپىمىزدا ئوتتۇراھال ئوقۇيتتى. ھازىر شەھەردە باشلىقنىڭ كاتىپلىقىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇمۇ بىرەر كادىر خەقنىڭ ئەۋلادى ئەمەس بەلكى تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز قىزى. راست، «كادىرلىق» دېگەن بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان تۇغما مىراس ئەمەسقۇ. نىساگۈل ھازىرغىچە توي قىلماي يۈرۈۋاتىدۇ. تۇل ئانىسىنى يېنىغا ئەكىرىۋالدى. ئاتىكەمنى ئوقۇتارمەن دەپ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەم يەنە شۇ ئۆلۈمنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان كېرەكسىز ئەر ئۇنىمىدى.

تۇرمۇش، ئائىلە، بالا، ئەر، ئازاب بۇلار مېنى ساراڭ قىلىۋەتتى. پانىي دۇنيادىن، ياشاشتىن بەزدۇرۇۋەتتى. بىراق، مەن يەنىلا ياشاۋاتىمەن... ئوقۇۋاتقان باللارنىڭ ئۆگىنىشى يامان ئەمەس. ھازىر كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلى تۆلەيدىغان ئىش چىقتى. مەيلى ئۇلار ئوقۇسۇن، ئوقۇماي مەڭگۈ كەتمەنگە باغلىنىپ قاچانغىچە ياشايدۇ. ئۇ چاغدا باللار جىنايەتچىگە ئوخشاپ قالامدۇ؟ راست، ئۇلارنى يەنە قانداق تاسادىپىيلىقلار، بىمەنىلىكلەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. مەن توي قىلدىم. توي قىلىپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ بەش بالىنىڭ ئانىسى بولدۇم. بۇ مەن ئۈچۈن شەرەپمىدى؟ توۋا، مەن خۇددى بالا تۇغۇش، بېقىش ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرلىك بۇرچىنى ئالتە يىل ئادا قىلالىدى. كېيىن ئامال بولمىدى. ئۇ ئۆزىنى يەنىلا ئەر ھېسابلاپ يۈرىدۇ. ياق، ئېھتىمال دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرىدىغاندۇ. نېمىلا بولمىسۇن ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. ئۆلۈم ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يول. ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىسەم ئۇ مەڭگۈ ياشايدىغاندەك،

ئىشتىھاسىنىڭ ياخشىلىقىچۇ تېخى. تاماقنىڭ ئوبدىنىمۇ شۇنىڭ. . . ئەزرائىل مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق ئۇنىڭ جېنىنى ئالماقچى، بالىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن كېرەكسىز ئەرنى، ئارتۇقچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ خۇداغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، قىيامەتتە سورىقىنى ئۆزۈم بېرىمەن.

بۇ سەۋەب. . . ئۇ رەھىمدىل ئەر بولسىغۇ ياشاپ قالسىمۇ مەيلىتتى. بىراق. . . شەيتان. . . قورۇسۇن شەيتان دېگەن. مېنى شەيتان ئازدۇرمىدى، بەلكى ئۆز ئەقلىم بىلەن ئويلاپ ئىش قىلىۋاتىمەن. ئوغا بەرسەم. . . ياق، ئەڭ ياخشىسى ئۇيقۇ دورىسى بەرسەم ئۇنى ئۇدۇللا يولغا سېلىپ قويىدۇ.

— قانداق دورا لازىم؟ — سورىدى كەككە ساقال تېۋىپ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا چۈشۈپ قالغان كۆز ئەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ.

— ئۇيقۇ دورىسى، ئۇزاق بولدى پەقەت ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.

— راست، چىرايىڭىزمۇ سارغىيىپ كېتىپتۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن ئارام ئېلىشىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوزۇقلىنىشىنىڭ كەملىكىدىن بولغان. ياخشى ئوزۇقلىنىڭ، ئوبدان ئارام ئېلىڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراشنى ئۆگىنىڭ. . . دورىنى رېتسىپ بويىچە ئىستېمال قىلىڭ.

تۇۋا، مەن ئۆزۈمنى قانداقمۇ ئاسرىيالايمەن. . . ئىست، بولدىلا، يىغلاپ تاشلىماي، بولمىسا كىشىلەر مازاق قىلىدۇ. مەن قەيسەر ئايالغۇ. . . مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئاياغلىشىدۇ. قالغىنى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت. . . ئەمدى مەن يېڭى تۇرمۇشۇمنى باشلايمەن. ھايات يولۇمدا يېڭى قۇياش پارلايدۇ. ئۇ مېنىڭ بەخت قۇياشىم. . .

چەكسىز كەتكەن ئۇپۇق. بۈگۈن ئاي باشقىچىلا نۇرلىنىپ كەتكەندەك قىلامدۇ نېمە؟ ئېھتىمال ماڭا ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندۇ. ئەنە، بىر يۇلتۇز ساقىپ چۈشتى. ئۇ ئۆلدى. چوقۇم ئۆلدى. بىر بولاق دورا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ئاخشام يۇمشاقراق گەپ قىلغان بولسىمۇ دورىنى بەرمەس ئىدىم.

— ھەي بوزۇق، بۇ ۋاقىتقىچە شەھەردە نېمىش قىلدىڭ؟ ئاشناڭ بىلەن باغچا ئايلاندىڭمۇ؟

— ئۆلۈمنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغان دەيۇز «قورسىقىم ئاغرىدى، بېشىم ئاغرىدى» دەپ ئىتتەك غىڭشىپ ياتسەن، يەنە شۇ سېنىڭ دورىڭ بولمامدۇ.

تۇۋا، ئۇ مېنى قاچان چۈشىنىپ باققان، ھە دېسىلا ئېغىزىدىن پوق ئاقىدۇ. تىل ئاھانەت. . . ياكى ئادەم جەمئىيەتتىن، كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالغاندا كۆڭلىگە كىچىككىنە نەرسىمۇ سىغدۇرالمايدىغان دەرىجىدە قەبىھلىشىپ كېتەمدىغاندۇ؟ يەنە بىر يۇلتۇز ساقىپ چۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەرگەن بولسا، ياشاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاي قاراڭغۇسى باشلاندى.

شەرق تەرەپ ئاستا - ئاستا ئاقارماقتا. تاڭ ئېتىشقا ئاز قاپتۇ - دە، قوناقلارنىمۇ سۇغىرىۋالدىم: بۇ نۆۋەتلىك سۇيىدىن قالغان بولسا، بىر يىللىق ئەمگىكىم بىكارغا كېتەتتى. ئۆيگە قايتىپ كەتسەم. . . ياق، ئۆيدە ئازاب ھەم بىئارامچىلىق ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ساقلىغاندىن كۆرە كەڭ دالىدا، گۈزەل تەبىئەت قوينىدا تۇرۇپ ئۆزۈمگە پاناھلىق، روھىي تەسەللىي ئىزدىگىنىم ياخشىراق. بىراق مېنىڭ ئالدىمدا يەنە نۇرغۇنلىغان ئاۋارىچىلىقلار تۇرۇپتۇ. خۇددى مەن ئاز ياش تۆككەندەك ئېرىم ئۈچۈن يالغاندىن يىغلاش، ھازىغا كەلگەنلەرنى كۈتۈش، ھەتتا ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ «ۋاپادار ئايال» ئىكەنلىكىمنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تېنىمنى يەرگە تاشلاش، ياقا يىرتىپ يىغلاش، ئېغىزىمدىن كۆپۈك چىقىرىپ، ھوشۇمدىن كەتكەن بولۇپ يەردە سۇنايلىنىپ يېتىۋېلىش، نەزىر قىلىش. . . كالىنىمۇ ساتىدىغان بولدۇم. ئۇ ھامان ئۆلەتتى. كالىمۇ بەربىر سېتىلاتتى، ئازنا ئاخشام قىلىش، قەبرە بېشىغا بېرىش. . . تۇۋا، بۇ قائىدىلەرنى قىلىپ بولغۇچە جېنىم چىقىپ قالمىسىلا بولدىغۇ. . . ھەممە ئاۋارىچىلىقنى ئۆزۈم تېرىدىم. لېكىن ئۇ ھامان ئۆلەتتى، پوت - قولسىز توپتەك يۇمىلاق تەن. . .

ئۇپۇقنى يېرىپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قۇياشنىڭ نۇرلىرى ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىدە جۇلالىماقتا. ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋا نېمىدېگەن راھەتلىك ھاۋا - ھە. راست، ئۇ ئۆلمەي قالسىچۇ؟ ئېتىزلىقتا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈۋاتامدىمەن. مەن ئېرىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل. . .

— ئانا، ئانا. . .

بۇ ئاتىكەمنىڭ ئاۋازى. قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلگەندۇ، ئۇ ئۆلگەنمىدۇ؟

— ئانا چاپسان بول. دادامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى. قوشنىلار دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىمىز دېيىشىۋاتىدۇ.

ئۇ ئۆلمىگەن بولسا مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ. دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارسا ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىدۇ. ۋاقتىنى قەستەن كەينىگە سۈرسەمچۇ؟ . . . دورىنى خاتا بېرىپ قويۇپتىمەن دېسەم كىشىلەر ئىشىنەرمۇ، قوناقلارنى سوغىرىۋالدىم، دۆتلۈكۈمنى قارىمامدىغان، ئالدىراشچىلىقتا كەتمەننى ئېتىزلىقتا تاشلاپ قويۇپ كەپتىمەن -دە. ئاتىكەم يىغلاپ، ئېسەدەپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇنچىلىك قىلىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. باللار دادىسىنى مېنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىمنى بىلىپ قالسا ماڭا نەپرەت ئوقۇشى مۇمكىن. ئىشىك ئالدىغا بىرمۇنچە كىشىلەر توپلىشىۋاپتۇ. ئۆي ئىچى جىمجىت. باللار ئاۋازمۇ چىقىرالماي بۇلۇڭدا مىشىلداپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئىڭرىغان ئاۋازمۇ يوق. ئۇ ئۆلۈپتۇ. ھەممىسىنىڭ كۆزى مەندە.

- ھېلىلا تىنىقى توختىدى.

خۇداغا شۈكرى. ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى. قورقۇنچلۇقتا تېنىم تىترەپ، ھاسىراپ كەتكىنىمنى قارىمامدىغان، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغىنىم ياخشى. قانۇندىن كېلىپ تەكشۈرۈمىز دەپ تۇرۇۋالماس - ھە؟ راست، ئەزىزلەپ كېتىدىغان ئادەم بولمىسا كىم تەكشۈرەيتتى. ئېھتىمال شۇ تاپتا كىشىلەر مېنىڭ تەقدىرىم توغرىسىدا باش قاتۇرىشىپ كەتكەندۇ. خۇددى ئۇلار مەن ئۈچۈن ياشايدىغاندەك گەپ قىلىشىدۇ. لېكىن بۇلار مەن ئۈچۈن بەربىر. ئادەملەر ئىشلىرىنى قىلىشسۇن! بۇلۇڭدا مىشىلداپ تۇرغان باللار ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ، چۈشەنمەيدۇ.

- ۋاي رەھمەتلىك يولدىشىم، ئۆيۈمنىڭ تۈۋرۈكى ئەمەسمىدىڭ. باللارنى يېتىم قالدۇرۇپ كەتتىڭغۇ . . . يىغلاۋېرەي، سىرتقى كۆرۈنۈشتە ۋاپادارلىق ئىپادىلىنىدىغان بولغاندىكىن. ئەخمەق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ يىغلاي. . .

ئۇ ئۆلدى. ياق، مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم. مەن ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى ئەمەس، بەلكى قاتىلىمەن. جازاغا تارتىلىشقا تېگىشلىك جىنايەتچىمەن. لېكىن كىشىلەر بۇنى ئويلاپمۇ قويۇشمىدى. خۇددى كېرەكسىز ئەر - ئارتۇقچە ئادەم بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىشكە تېگىشلىكتەك ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامان گېپىنىمۇ قىلىشمىدى. خۇددى ئۇ پانىي ئالەمدە ياشىمىغاندەك ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

ئۇ ئۆلدى. قىرقى توشماي تۇرۇپلا «قېرى قىز، ئەر ئالماس» دەپ تىللىغان قىزىغا ئەلچى كىردى. توۋا، ئادەملەر نېمىدېگەن يۈزسىز - ھە؟ دادىسى گۆرىگە كىرە - كىرمەيلا قىزىنى سوراپ كىرسە، جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟ ئەمدى مەنمۇ ئەر چىقمىغاندەك ھېچنەرسىسى يوق قەلەندەر، قىمارۋازلار بىلەن توي قىلالمىدىمەن. ئۇ ئازغىنە روزىغارىمنى دوغا تىككۈەتسە قانداق قىلىمەن. كۈندە دۇمبا يەپ يۈرسەم بولمىدىكەن - دە.

بۇرۇنلاردا ئىشىك ئالدىغا يولاپمۇ قويمايدىغان مەھەللە باشلىقى مانا ئەمدى لالما ئىتتەك بوسۇغامدىن كەتمەي چۆگىلەپ يۈرىدۇ. مەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىگىسىز، ئەرسىز قالغان، كىشىلەر خالىغانچە بوزەك قىلىپ ئوينايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم.

- تۇرنىسا قانداق قىيىنچىلىق بولسا ئېيتىۋەر، مەن ھەل قىلىشىۋېتىمەن.

بۇرۇن ئەجەب ھەل قىلماپتىكىنە؟ ھاشارغا دېسە «باشقىلار ئۆتكە قويۇۋاتىدۇ. مەندىمۇ ئامال يوق» دەپ باھانە - سەۋەب كۆرسىتىدىغان باشلىقنىڭ مانا ئەمدى بىردىنلا «كۆيۈمچان»، «مېھرىبان ئادەم»گە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مەھەللىدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك مېنىمۇ، قىزىمنىمۇ ماراپ يۈرىدۇ. بىراق، يۈسۈپ مەن بۇ دۇنيادا ياشىمايۋاتقاندەك، مېنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆز بەختىنى بىكارغىلا مەن ئۈچۈن قۇربان قىلدى. مەن مەكتەپتىن چېكىنىپ چىققاندا يۈسۈپمۇ ئوقۇشنى تاشلىدى. ئۇ دەرستە سىنىپنىڭ ئالدى ئىدى. بىراق، جاھىل دادام مېنى ئۇنىڭغا بەرمىدى.

بۈلتۈر مەن خامان ساقلاۋاتقان كېچىسى ئۇ مېنى ئۆزى بىلەن بىرگە بولۇشقا تازا زورلىغان ئەمەسمىدى.

- تۇرنىسا، دائىم رەھمەتلا دەيسەن، مەن سېنىڭ قۇرۇق رەھمىتىڭ ئۈچۈن ئىشلىرىڭغا ياردەملىشىپ بېرىۋاتقىنىم يوق. مەن مەڭگۈ سېنىڭ ئوتۇڭدا پۇچىلىنىپ يۈرەمدىمەن؟

- ئۇنداق دېمىگىن يۈسۈپ، مەندىمۇ ئامال يوق. ئېرىمنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما.

- ئۇنى ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا مەن بىلەن توي قىلغان بولساڭ بۇنداق كۈنگىمۇ قالماس

ئىدىڭ.

— سەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ... كېيىن مەن ئېرىمنىڭ قىساسىغا قېلىشتىن قورقىمەن. يەنە تېخى بەش بالىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟

— ئىست، ئىست، ئۆمرۈڭنىڭ مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىست...

— كېيىن پۇرسەت بولۇپ قالار.

— قاچان...

— ...

توۋا، مەن يۈسۈپنىڭ گېپى ئۈچۈن ئېرىمنى ئۆلتۈردۈممۇ؟ ياق، مەن ئاشۇنداق بىمەنە خىيالدا بولغان بولسام ئاللىقاچان تۈگىشەتتىم.

— ئۇنداق قىلما يۈسۈپ، ئۆزىمىز يەيدىغان ئاشنىڭ ئۈستىدە...

— ئەمىسە ماڭا ۋەدە بەرگىن.

— ياق، مەن بېرەلمەيمەن.

— قېنى كۆرەرمىز.

يۈسۈپ رەنجىپ كېتىپ قالدى. راست، مەن ئۆمۈر بويى تۇل خوتۇن بولۇپ ئۆتەرمەنمۇ. مەن ئەرگە تېگىشۋېلىش ئۈچۈن ئېرىمنى ئۆلتۈرمىدىم. يۈسۈپنىڭ ئايالدىن تەلىيى چىقمىدى. مەن ئەمدىلا ئوتتۇز تۆت ياشقا كىردىم. بۇرۇن ھاشارغا ئۆكتە قوپمايدىغان دېھقانلار ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۆكتە قوپىدىغان بولۇۋېلىشتى. ئۇلار ئېرىمنى مېنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىمنى بىلىۋالدىمىكىنە. مەن نېمە كۈنگە قالغاندىمەن؟ ئۇنىڭ قىساسىغا، قارغىشىغا ئۇچراۋاتىدىغاندىمەنمۇ؟ «ئەر دېگەن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى»، «پايتىمىسى سۇرۇلۇپ قالسىمۇ ئەر» دېگەن سۆز راست ئوخشايدۇ.

ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۆيدە خاتىرجەم ئولتۇراتتىم، ئۆگزىگىمۇ چالما چۈشمەيتتى. بىر يەرگە بارساممۇ ئۆيدىن، بالىلاردىن ئەندىشە قىلمايتتىم. ھازىر ئادەم يوق يەردىمۇ ئوغرى مۈشۈكتەك بېزەڭ ئەرلەر مارىشىپ يۈرگەن. ھاجەتخانىدىمۇ ئارامخۇدا ئولتۇرغىلى قويمايدۇ، دەيۈزلەر! ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن ئەرگە تەشنا بولغان ئايال. لېكىن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى بىردەم خۇشال قىلىۋالسىلا بولدى. مەنچۇ؟ بىلمەيمەن...

— دادام قېنى، دادامنى تېپىپ بەر.

شۇملارنىڭ غەلۋىسىنىڭ كۆپلۈكىچۇ تېخى؟ مەن بالىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن. ئەۋلاد ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش جانلىقلارنىڭمۇ مەجبۇرىيىتىمىدۇ.

ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ تىركىشىشنىڭ مەقسىتى نېمە؟ توۋا، ئۇ ئۆلۈپ ئىشلىرىم تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئاتىكەمگە ئوبدانراق يەردىن لايىق كەلسە بېشىنى قوشۇپ قويسام، كۆيئوغلۇم ئىش - كۈشلىرىمگە قارىشىپ بېرەرمىكىن دېسەم كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ ئېپى بار يىگىتلەردىن ئەمەس. ھەممىسى دېگۈدەك ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپ، تەييارغا ھەييار بولىمەن دەيدىغان بىكار تەلەتلەر. توۋا، زامان نېمە بولۇپ كەتتى؟

ئاتىكەمنىڭ قىلغىنىمۇ بولمىدى. چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى. كېيىن مەندەك بولۇپ قالمىسۇن دەپ مەيلىگە قويۇۋەتسەم تاپقان يىگىتىنىڭ ئۇساللىقىغا قارىماي «تۇرسۇنغا تەگمىسەم ئۆلۈۋالىمەن» دەپ مېنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ يۈرگىنى نېمىسى؟ «تۇرسۇن لوۋاڭ» دېسە ئۇنى كىم تونىمايدۇ. بىردەم ئىچكىرىسىدە، بىردەم شەھەردە، بىردەم يېزىدا يۈرسە، مۇقىم تۇرغان يېرىنىڭ تايىنى بولمىسا ئوغرىلىق قىلىۋاتامدۇ، بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتامدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتامدۇ، قىلغان ئىشىنى خۇدا بىلمىسە بەندە بىلمەس. ئاتا - ئانىسى ياخشىراق ئادەملەر بولسىمۇ مەيلىتتى. ئانىسى ئۇچىغا چىققان ھازازۇل خوتۇن. قېرىغىنىغا باقماي يۈز - كۆزلىرىگە ئۇپىنى بولۇشىغا سۈرتۈپ، دەمدەك ئوسما قويۇپ يۈرىدۇ. «نۇرخان سەتەڭ» دېگەن نامى بىكار تارقالمىغان - دە. يېزىمىزدىكى قېرى - ياشنىڭ ھەممىسىنى بۇلغاپ بولدى ئۇ پاسكىنا. ئاتىكەم، لوۋاڭنىڭ قەيىرىنى ياقتۇرۇپ قالدىكىنە؟ گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاياللارنىڭكىدەك ئۇزۇن چېچىنى ياقتۇرۇپ قالغانمىدۇ، كالۋا؟ مەن نېمە كويىدا، ئۇ نېمە ئويدا؟ چوپچوڭ بولۇپ قالغان قىز ئائىلىسىنى، ئانىسىنى، ئۇكىلىرىنى نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ. «قىز بالا دېگەن ئوقتا توختىماي پوقتا توختايدۇ» دېگەن گەپ بىكارغا ئېيتىلمىغان ئوخشايدۇ.

ھاشىم مەزىنىنىڭ قېرىغىنىغا تەن بەرمەي ماڭا ئەلچى كىرگۈزۈپ يۈرگىنىنى قانداق قىلاي؟ ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن خوتۇن بېدىكى. ئۆتكەندە ئۆزىدىن ئوتتۇز نەچچە ياش كىچىك كېلىدىغان خوتۇن ئېلىۋېلىپ،

ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ياش يىگىتلەردەك يۈرسەن دەپ كۈلكىگە قالغىنىنى كىم بىلمەيدۇ، ئۇ داپ يۈزىنىڭ. راست، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان قېرى مەزىن ئاغرىپ يېتىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟. مېنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىم ئەرلەرنى كۈتۈش بىلەن ئۆتەمدۇ؟ خۇدا ساقلىسۇن، بۇ مەجبۇرىيەت ئەمەسقۇ. مېنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادىمىم ھاشىم مەزىن دېگەن مۇناپىق! ئۇ تەدبىر، پەتىۋالارنى چىقىرىپ ئېرىمىنىڭ بېشىنى قايدۇرمىغان بولسا بۇرۇنراق دوختۇرغا كۆرۈنۈپ ساق قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى يوق. ئۇ ئەسلىدە ساق - سالامەت، بەردەم ئەر ئەمەسمىدى. مەزىننىڭ پەتىۋاسى بىلەن كېرەكسىز ئەرگە، ئارتۇقچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. . .

ھەممىسى تۈگىدى. ھاياتلىقتا تۈگىمەيدىغان نەرسە يوق. پەقەت ماكان ۋە زامانلا تۈگىمەستۇر. كېرەكسىز ئەرمۇ ھاياتلىقنىڭ يوقىلىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا! پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشتى. ئۆلدى، ياق، مېنىڭ قولۇمدا ئۆلدى. تۇۋا، كاللامغا نېمىشقا ئاشۇ پۇت - قولسىز تەن كېلىۋالىدىغاندۇ. كېچىلىرى چۈشۈمدىمۇ بار. ھەتتا بەزىدە ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن يۇمىلاپ چىقىپ، مېنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەنسىزلىك، تىركىشىش، بىزارلىق بۇلارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئالەمدىكى جىن چىراغتەك ئارانلا پىلدىرلاپ قالغان ئۈمىدىگە باغلىنىپ قالدى. ئاشۇ جىن چىراغدەك ئۈمىد مېنى ياشاشقا سۆرىمەكتە. مەن يامان ئىش قىلمىدىم. ھەممىنى مەھەللە باشلىقى قىلدى. قورسىقىمدىكى بالىمۇ دەل ئاشۇ ساۋۇرنىڭ بالىسى.

- ئەمىسە ماڭا ۋەدە بەرگىن.

- ياق، ۋەدە بېرەلمەيمەن يۈسۈپ.

يۈسۈپ ئاڭلىسا مېنىڭ نومۇسسىزلىقىمدىن نەپرەتلىنىدۇ. راست، مەن ئۇنىڭ نىكاھلاپ ئالغان ئايالى بولمىغاندىكىن نېمە چاتىقى. مەن جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت ئۆتكۈزدۈم. دادىسىز بالا تۇغۇلسا كىشىلەر خۇددى مەن باشقا بىر غەيرىي مەخلۇق تۇغۇپ قويغاندەك ھەيران قېلىشىدۇ. كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى، كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇشىدۇ. ھەتتا مېنى تىللاپ مەھەللىدىن قوغلىۋېتىشى مۇمكىن. ياق، ياق مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ياشايمەن. بەش بالىنى كىم باقىدۇ؟ راست، ئالتىنچى بالىمۇ بار تېخى. تۇۋا، مەن ساۋۇرغا شۇنچە قارشىلىق بىلدۈرۈپمۇ، تىركىشىپمۇ ئاخىرى ئۇنىڭغا بوي سۇندۇم. قورسىقىممۇ بالا سېغىنىپ قاپتىكەن - دە. خۇدا مېنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلماقچىمىكىنە؟ . . .

ئون ئۈچ يىل. ئون ئۈچ يىل ھېلىمۇ ئەر سېغىنمايدىكەنمەن. مەن ئەر سېغىنىپ قېلىپ ئۇنى ئۆلتۈردۈممۇ؟ . . . لېكىن ئەرگە تەگمەي يەنىلا بوي ئولتۇرۇپتىمەن. ئەرگە تەگمىگەن بولسامۇ قورسىقىمدا بالا قالدى. مەن ئاشكارا ھالدا ئەخلاققا قارشى چىقتىم. بالىنى چۈشۈرۈۋەتسەم بولاتتى. دوختۇرغا كۆرۈنسەم پۇل بولمىسا بولمايدۇ. ساۋۇرنىڭ گېپىچۇ تېخى:

- سەن باشقا ئەرلەر بىلەن يېتىپ، ئەمدى شالتىقىنى ماڭا ئارتىپ قويماي دەمسەن. ھۆكۈمەت بىلىپ قالسا «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى» گە خىلاپلىق قىلدىڭ، دەپ نەچچە مىڭ سوم جەرىمانە تۆلەتمىدۇ، مېنىمۇ بالاغا تىققىسەن، بوپتۇ. بۇ ئىشنى مەنلا بىلىپ قالغان بولاي، بالىنى بىر ئامال قىلىپ ئۆزۈڭ چۈشۈرۈۋەت. كەنت كادىرلىرى ئاڭلايدىغان بولسا سېنىڭ رەسۋا بولۇشۇڭ بىلەن خەقنىڭ چاتىقى يوق، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ بالىنى ئالدۇرۇۋېتىدۇ. دۆڭ مەھەللىدىكى بىر ئايالنىڭ قورسىقىدا توققۇز ئايلىق بولغان بالىسىنى مەجبۇرىي ئالدۇرۇۋەتكەنلىكىدىن خەۋىرىڭ بارغۇ.

بىچارە بالا. . . نومۇسسىز مۇناپىق، ھەممىنى ماڭا ئارتىپ قۇتۇلماقچىمىكىنە، نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن، مەنلا ئازابچىلىق تارتامدىمەن. ساراڭلار، ھەممىسى ساراڭ! . . .

- سەنمۇ قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرىدىغان ئوخشايسەن ئەر ئالماس ساراڭ، ئاتەكمۇ لوۋاڭ بىلەن يوقالدى. كىم بىلىدۇ، ئىچكىرىسىدە نومۇسىنى سېتىپ يۈرەمدۇ تېخى. كۆرىدىغان كۈنى بارغۇ ئۇنىڭ. ئۇ مېنى ئازراقمۇ چۈشەنمىدى، ئويلاپمۇ قويمىدى.

راست، ئۇ نېمىشقا مېنى ئويلىمىغىدەك. ئۆزىگە خاس ياشاش يولى ئىزدىشى كېرەك - تە. كېيىن پۇشايمان قىلامدۇ - قىلمامدۇ بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، چاتىقىم يوق. بىراق نۇرخان سەتەڭنىڭ «قىزنىڭ ئوغلۇمنى ئازدۇرۇپ قاچتى» دەپ مەن بىلەن جېدەل

قىلىشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى، ئۇ نېمىشقا بۇ ئىشنى ئوغلىدىن كۆرمەيدۇ. مەزىن بىلەن تونۇلۇپ قالغانلىقىنى، مەزىننىڭ ئايالىنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە نۇرخان سەتەڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ. مەزىننى ئايالىدىن ئاجراشتۇرغۇزۇۋەتكەنمۇ نۇرخان سەتەڭ... يەنە تېخى مەن بىلەن سوقۇشىدۇ ئۇ بۇزۇق پاسكىنا!

ئەسلىدە ئۇ ساۋۇرنى مېنىڭدىن كۈنلىگەن گەپ، كۈنلەمچى جالاپ. ئاتەكنى تۇرسۇن لوۋاڭ دوغا تىكمۇۋەتتىمۇ تېخى. نېمە بولسا بولمامدۇ، ئەمدى گەپ باشقا باللاردا قالدى. ئۇلار يەنە نېمە كۈنلەرگە قالار. ئاچىسىغا ئوخشاش مېنى تاشلاپ كېتەرمۇ؟ ۋاقىت تەڭ كېچە بولۇپتۇ. ھۆكەر يۇلتۇزمۇ قايرىلىپتۇ. مەن قەيەرگە كېتىۋاتىمەن. شۇنداق، ئالدى بىلەن مەھەللە باشلىقى بولغان ساۋۇرنىڭ ئەدىبىنى بەرگىنىم تۈزۈك. پانىي دۇنيا زوراۋانلارنىڭ دۇنياسى ئەمەس. ئۇ مېنى تازا بوزەك قىلىۋالدى. «ھاشىر مەدىكارنى ئېلىۋېتىمەن» دەپ مېنى ئالدىدى. مەن باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقىمۇ؟ ساۋۇر چوقۇم قوغۇنلۇقتىكى ساتىمىدا ئۇخلاۋاتىدۇ. يالغۇز ۋاقتىدا قول سالغىنىم تۈزۈك. دېمىدىممۇ، چوشقىدەك خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئۇدۇللا پىچاق سالسام بولماس. ئۆزىنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن بۇ چوشقا.

- ساۋۇر.
- كىم؟ ئوغرى - ئوغرى.
- ئوغرى ئەمەس، مەن تونىسا.
- تونۇقسىز كېلىپ ئادەمنى ئەجەب قورقۇتىۋەتتىڭ، ئاستىراق تەپمەمسەن. بۇرۇنراق كېلىمەن دەپ قويساڭ بولماسمىدى. مېنى سېغىنىپسەن - دە، كېلە قوينۇمغا كىرە... قوغۇننى ھېلى ئۈزۈپ بېرىمەن.
- چاقىرسام ئويغانمىدىڭ، چوشقىدەك ئۇخلايدىكەنسەن.
- كىرە، كىرمەمسەن.
- سەن بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم.
- يەنە نېمىش؟
- ساڭا قورسىقىمدا قاپتۇ دېدىمغۇ؟
- سەن شالتىقىڭنى ماڭا ئارتماقچىمۇ؟
- مانا ئەمىسە، نومۇسسىز ھايۋان.
- سەن... ۋاي...

بۇ چوشقىمۇ ئۆلدى. پىچاقنى تىقىۋېرەي، جېنى چىقماي قالمىسۇن يەنە... بولار ئەمدى. ئۆزۈممۇ خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك قىلىمەن. ئۆيگە قايتىپ كېتەي، باللار ئويغىنىپ مېنىڭ يوقلۇقىمنى بىلسە چوقۇم ئىزدەپ چىقىدۇ. ئۇلار ئانىسىنىڭ ناپاكلىقىنى، قورسىقىمدا ئۆزلىرىگە ئۇكا بولىدىغان گۇناھسىز، دادىسىز بوۋاقنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار قاتىلنىڭ باللىرى. ئىسىت، ساۋۇرنى ئۆلتۈرمىسەم بوپتىكەن. ئادەم ئازاب چېكىۋەرگەنسېرى چىدىماس، رەھىمسىز بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. مەن نېمىدېگەن بىچارە - ھە؟ خەقنىڭ گېپىدىن قورقۇپ ئۆز تېنىمدىكى بالىغىمۇ ئىگە بولالمايدىكەنمەن. مەن ھەقىقىي قاتىلغا ئايلىنىپ قالدىم. مېنىڭ قايسى يولغا مېڭىش كېرەكلىكىم مۇھىم ئەمەس. ھۆكۈمەتكە ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىپ، ساۋۇر ماڭا باسقۇنچىلىق قىلمەن دېگەندى، ئۆزۈمنى قوغدايمەن دەپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم دەپ سەۋەب كۆرسەتسەم قۇتۇلۇپ قالارمەنمۇ؟ ياق، مەن ئۆزۈمنى ئالداپ نېمە قىلاي، ئۇلار مېنى ھېچبولمىسا مەن خۇددى ئەمگەك قىلىشنى بىلمەيدىغاندەك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزۈمنى بىكارغىلا ئاۋارىچىلىققا تۇتۇپ بېرەمدىمەن. ياق، ياق ئۆلگىنىم ياخشىراق. ئۆلگەندىمۇ «ۋاپادار ئايال» بولۇپ ئۆلىمەن. ئۆلۈشۈم كېرەك. ياق، ئالدى بىلەن ئۆيگە باراي... ئۆيدە نېمە ئىش قىلارمەن. باللارنى كۆرگىلىمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن كۈلكىلىك ئىشلار - ھە، باللارنى كۆرمىسەممۇ بولاتتىغۇ. تۇۋا، بۈگۈن ئايمۇ كۆرۈنمەيدۇ. مەھەللە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم پۈتۈن ئەركىنلىكىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرگەندەك جىمجىتلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. كېچىچە ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، توختىماي قاۋاپ چىقىدىغان ئىتمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئارقامدىن قوغۇنلۇققا ئەگىشىپ بارغان بولسا ساۋۇرنىڭ جەسىتىنى يەۋاتامدىغاندۇ. ئاچقۇچۇم قەيەردە قالدىكىنە، ساتىمىدا چۈشۈرۈپ قويمىغاندىمەن. خۇداغا شۈكرى، ھەر ھالدا بار ئىكەن: چىراغنىڭ پىلدىرلاپ قالغىنىغا قارىغاندا يېغى تۈگىگەن ئوخشايدۇ. بىچارە قوزىلىرىم ھېچنەرسىدىن خەۋىرى يوق ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇلار چۈشلىرىدە نېمىلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ. ئاپىسىنىڭ ئۆلۈم يولىغا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. تۇرسۇنئاينى زۇكام بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەندىشە قىلغانسېرى قولىنى سىرتقا چىقىرىپ ئۇخلايدىغان ئادىتىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدىم. مۇساجاننىڭ گەپ - سۆزلىرى

تولىمۇ چۈچۈك. شۇنىسى ئاچچىقى يامان، جاھىل، مىجەزى چۈسراق ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ. خەقلەرگە بوزەك بولماي ئۆزىنىڭ نېمىنى تېپىپ يېيەلىسىلا بولدىغۇ، ھەرنېمە دېگەنبىلەن بالىلار ئاق - قارىنى پەرق قىلغۇدەك بولۇپ قالدى. ئۇلارنى يەنە قانداق ئاۋارىچىلىقلار كۈتۈپ تۇرغاندۇ - ھە. ھەممىسىنى بىر قېتىمدىن سۆيۈپ چىقاي. كۆزۈمدىن ئېقىۋاتقىنى ئازاب يېشىمۇ ياكى ئانىلىق مېھرىمۇ؟ ئىسىت، ئىسىت ئەسلى ئۆلمەسلىكىم؛ بالىلارنى قاتارغا قوشۇشۇم كېرەك ئىدى. ياق، ئەڭ ياخشىسى ئۆلگىنىم تۈزۈك ئىكەن. بالىلار مېنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىم ئارقىلىق ياشاشنىڭ، تۇرمۇشنىڭ، ئادەمنىڭ، دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنسۇن، بىلىۋالسۇن. مەن ھايات قېلىپ ئۇلارنى تەربىيىلىگىنىم بىلەن ئۇلار ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي چوڭ بولىدۇ. ھەتتا ئۆز تۇرمۇشىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنىمۇ بىلمەيدۇ. مېنىڭ ئۆلۈمىم (بالىلارنىڭ ئانىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى) ئۇلارغا يېڭىچە ياشاش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، چېنىقتۇرىدۇ. ئەمدى دەريا بويىغا باراي. بالىلارغا يەنە بىر قېتىم قارىۋالاي. ھەممىسى شېرىن ئۇيقۇدا. مەن ئۇلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. خەير قوزىلىرىم، سىلەرنى نۇرغۇن - نۇرغۇن بىمەنىلىكلەر ساقلاۋاتىدۇ. ئاجايىپ - غارايىپلىقلار بىلەن تولغان دۇنيادا يەنە ئۇزاق ياشىسىلەر...

ئۇستىنى بىر قەۋەت تۇمان قاپلىۋالغان دەريا سۈيى غۇۋا ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدۇ.

ئۇچاڭدىكى چەكمەنمۇ،
ئۆشنەڭدىكى كەتمەنمۇ؟
ناخشا ئېيتسام يىغلايسەن.
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ؟

بۇ يۇسۇپنىڭ ئاۋازىغۇ؟ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا يۇسۇپ قەيەردە قالغان بولغىيتتى. ئېھتىمال تۈگمەندىن قايتقان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ئۆيلىنىۋالسا بولاتتى. بۇگۈن كېچە نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! تۇمان ئىچىدە قالغان تۇرقۇم پەرىشتىگە ئوخشاپ قالغاندۇ. پەرىشتىگە ئايلىنىپ يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتسەم بولاتتى. قەيەرگە، كىمنىڭ قېشىغا بارىمەن؟... پەرىشتىلەر قانداق ھالەتتە ياشايدۇ؟... توۋا، شەرق تەرەپتىكى چولپاننىڭ چاقنىشىدىن قارىغاندا تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان بولسا كېرەك. مۇڭلۇق ناخشا، تۇمانلىق دەريا، ئازابقا تولغان يۈرەك. ئۆلۈم ئالدىدىكى ئايال، بۇلار مېنىڭ چۈشۈمىدىمۇ؟ چۈش ۋە رېئاللىق، ياشاش ۋە ئۆلۈش دېگەنلەر نېمىگە ئايلىنىپ قالدى. بالىلار مېنىڭ ئۆلۈمىم ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ياشاش يولىنى تاللىۋالسۇن. بۇ ھەقىقىي تەربىيە، ئادەملەر ھامان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ياشايدۇ. مەن دەرياغا سەكرىمەي يۇسۇپنىڭ كېلىشىنى ساقلاۋاتامدىمەن. ئۇ ھەر ئىككى خوتۇنىدىن تالەيسىز چىقىپ قالدى. ئاتىكەم قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇكىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا بولاتتى. سوغا سەكرىسەم بىرەرسى مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ يەنە ياشاشقا مەجبۇرلىسا بولاتتى. باقىي ئالەمدە ئادەم راستتىنلا تىرىلەمدىغاندۇ، كېرەكسىز ئەر مېنى ساقلاۋاتامدىغاندۇ؟ تەڭرى ئادەملەرنى مۇنداق ئاۋارىچىلىقلارغا سېلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچىكىنە؟...

مەن ئۆلۈپ «ۋاپادار ئايال» بولۇشتىن مەقسەت نېمە؟ بىلگىلى بولمايدۇ. دەريا سەن مېنىڭ ناپاك تېنىمنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كەتكىن، ئازابقا تولغان روھىم سەھرادا قالسۇن. ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قىسمەتلىرىنى كۆرسۇن! تىنالماي ئەجەب قىينىلىپ كەتتىمغۇ...

ئايال يوتقاننىڭ ئىچىدە چۈمكىلىپ قالغان بېشىنى چىقاردى. ئەسلىدە ئۇ چۈش كۆرگەنىدى. ئۇ بىردەم جىمجىت ياتقاندىن كېيىن ئۆزىگە ئىشەنمىگەندەك يېنىدا ياتقان ئېرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى سىلاپ چىقتى. خۇداغا شۈكرى، ئېرىنىڭ ھەممە ئەزاسى جايىدا تۇرۇپتۇ.

- نېمە؟ يېرىم كېچە بولغاندا ئادەمنى ئۇخلاتماي، - دېدى ئەر نارازى بولۇپ.

- چۈش كۆرۈپتىمەن، مەن دېھقان بولۇپ قاپتىمەن. سىز تېخى بەش بالىنىڭ دادىسى بولۇپسىز، يەنە...

- بولدى، بولدى، بىزنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بالىمىز بولىدۇ، - ئەر ئايالىنى گەپ قىلدۇرماي چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئەسلىدە ئايال ئېرىگە چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغانىدى. راست، بۇ كۆڭۈلسىز چۈشنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يۇسۇپ يېزىدا يەنىلا دېھقان بولۇپ يۈرگەنمىدۇ؟...

مەسئۇل تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت



روزى يۈسۈپ باتۇر

# ئوغۇرلاپ كېتىلگەن پوۋېست

( هېكايه )

«ئاھ، گىتار» ناملىق پوۋېستىم ئېلان قىلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ناتونۇش كىتابخانىنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خېتىدە تولۇپ ـ تاشقان ھاياجان بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ مەن بىلەن ئاشۇ باغدا بىرگە سەيلە قىلغاچ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مۇڭداشقۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مەن قاتتىق تەسىرلەندىم. بىر ئەسەرنىڭ كىتابخانلاردا شۇنچىلىك زوق قوزغىيالىشى ئاپتور ئۈچۈن چوڭ شەرەپ ئىدى.

خىيالغا پېتىپ ئولتۇرسام دوستۇم كىرىپ كەلدى.

ـ يەنە قانداق يېڭى ئەسەر ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىسەن؟ ـ دېدى ئۇ.

ـ يېڭى ئەسەر ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى يېڭى مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمەن، ـ دېدىم ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.

ـ قانداق يېڭى مەسىلە ئۇ، قېنى ئېيتىپ باقمامسەن؟

ـ بىر كىتابخان ماڭا خەت يېزىپ، مەن بەرپا قىلغان باغنى (ئاشۇ ئەسەردە) مەن بىلەن بىرگە سەيلە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، ـ دېدىم خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ.

ـ ئەمەلىيەتتە ئۇنى قايسى باغقا باشلىسام بولاركىن، دەپ ئويلىنىپ كېتىپسەندە؟

ـ شۇنى دېمەمسەن، ئۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىلا باغدە! ئۇنى مەن توقۇپ چىققان. ناۋادا رېئاللىقتا شۇنداق بىر باغ ھەم شۇ باغنى بەرپا قىلغان ھەقىقىي بىر باش قەھرىمان بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟!

ئىشىك يەنە چېكىلدى، مەن ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى بىر يىگىت تۇراتتى.

ـ ياخشىمۇ سىز؟ بىر كىمنى ئىزدەمتىڭىز؟ ـ سورىدىم ئۇنىڭدىن ئۈچۈق چىراي سالاملىشىپ.

ـ «ئاھ، گىتار» ناملىق پوۋېستنى ئۆزلىرى يازغانمۇ دەيمەن؟ مەن ژۇرنالدا رەسىملىرىنى كۆرگەن.

ـ شۇنداق، قېنى ئۆيگە كىرىڭ، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى، ـ يىگىتنى ئۆيگە باشلىدىم.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ دوستۇم بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى، مەن مېھمانغا چاي تۇتتۇم.

ـ ئەمىسە سىلەر بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئازراق يېگۈدەك بىرنەرسە ئېلىپ كىرەي، بۈگۈن ئايالىم ئۆيدە يوق، ـ دېدىم. ئاندىن ھېلىقى يىگىتكە قاراپ، ـ بىز مۇشۇنداق غەلىتە ئادەملەر

قارالڭ، ھەر - ھەر ئىشلارنى ھەتتا قورساقنىمۇ، «قۇرۇق پارالڭ» غا تېگىشىۋېتكىلى ئارانلا تۇرىمىز. . . ئەمىسە مەن چىقىپ كىرەي - ھە!

دېھقان يىگىت (ھازىرچە شۇنداق دەپ تۇراي) كۈلۈپ قويدى، ئاندىن:

- رەھمەت، مەن تاماق يەۋالغان، سىلەر تاماق يېمىگەن بولساڭلار، ئىختىيارىڭلار، - دېدى.

- ھەي، - دېدى دوستۇم گەپ قىستۇرۇپ، - ئەسكەرتمىسەممۇ يادىڭدا باردۇ؟ ھېلىقى نەرسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئىككى مېڭىپ يۈرمە يەنە.

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم.

- ماقۇل، ئۇنتۇپ قالمايمەن، زاكوسكىسىمۇ بار تېخى.

- ئۆزلىرى مۇشۇنداق نەرسىنى دەۋاتىدىلىغۇ ھەقاچان، - دېدى ئۇ يىگىت قول سومكىسىنى ئالدىغا ئېلىپ، - ئەگەر لايىق كۆرسىلە بۇنى مەنلا ئالغاچ كەلگەنىدىم، - ئۇ ئىككى بوتۇلكا ئالىي دەرىجىلىك ھاراقنى چاي ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويدى. بۇ ئېسىل ھاراق بوتۇلكىلىرىغا قىپقىزىل لېنتا چېگىلگەنىدى. دوستۇم ئىككىمىز دەرمەھەل كۆز سوقۇشتۇرۇۋالدۇق.

- بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ بۇنداق قىلسىڭىز سەت تۇرىدۇ.

- ئەيىبكە بۇيرىمىسىلا، ئۆزلىرىدىن ئۆتۈنەي، كۆڭلۈمنى قايتۇرمىسىلا. . .

دوستۇم ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى يەنە ئۇچراشتى.

- ئۇنىمىدىڭىز، بوپتۇ ئەمىسە، رەھمەت سىزگە، - مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ سىرتقا ماڭدىم.

خىيالىمدا بۇ ناتونۇش يىگىتكە بولغان ھەر خىل ئويلار كەچتى، مەن ئۇنى زادىلا تونىمايتتىم. يىگىتنىڭ بىز بىلەن پاراڭلاشقۇسى باردەك قىلىدۇ، شۇ چاغدا ھەممە ئىش ئايدىڭلىشار. مەن ئاشپۇزۇلدىن 20 مانتا، 20 سامسا ئېلىپ قايتتىم.

ئۈچەيلەن غىزالانغاچ پاراڭلاشتۇق. دوستۇم ئالدىدا گەپ باشلىدى، ئۇ ھېلىقى يىگىتكە قاراپ:

- دوستۇم بۈگۈن قەلەم ھەققى ئاپتىكەن، ئۇنىڭ قەلەم ھەققى ئالسىلا دوستلىرى بىلەن ھال - مۇڭ قىلىدىغان ياخشى ئادىتى بار، - دېدى. ئۇ «ياخشى» سۆزىنى ئالاھىدە مەنىلىك قىلىپ ئېيتقانىدى، - ناۋادا ئاشۇ ئەسەردىكى قەھرىمانلىرى-نىڭ پروتوتىپلىرى بولسا ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرسا تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ، - ئۇ «پروتوتىپ» دېگەن سۆزنى يىگىتكە چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولىۋىدى، يىگىت گەپنى شاققىدىلا تارتىۋالدى. ئۇ، بۇ ئاتالغۇنى ئاللىقاچان چۈشۈنىدىكەن ئەمەسمۇ!

- ئۇنداقتا بەك ياخشى بولغۇدەكقۇ. مەنمۇ ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىرى، - دېدى ئۇ قىلچە تەمتىرىمەيلا ماڭا قاراپ.

دوستۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئۈچىنچى قېتىم شۇنداق ئۇچراشتىكى، بىز ھەيرانلىقىمىزنى يوشۇرالماي قالدۇق. بىز دەرھال ئۇنىڭغا تىكىلدۇق.

- ئالدى بىلەن تونۇشىۋالساق قانداق؟ - دېدى دوستۇم ئارىدىكى ئوقۇشماسلىقنى يېشىش مەقسىتىدە.

- شۇنداق قىلايلى، ئالدى بىلەن تونۇشىۋالايلى، - دېدىم مەنمۇ.

يىگىت ھەر ئىككىمىزگە قاراپ قويۇپ سەل تارتىنىپراق سۆزلىدى، قارىغاندا بىز ھەيرانلىقىمىز بىلەن ئۇنى سەل ئەيمەندۈرۈپ قويغاندەك قىلاتتۇق.

- مەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن، - دېدى ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ، - بىرىنچىدىن، ئۆزلىرىدىن ئەپۇ سورىغىلى، ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرىگە رەھمەت ئېيتقىلى ئالاھىدە ئىزدەپ ئۆيلىرىگىچە كەلدىم. مەن ئۆزلىرىنى خېلى چوڭ ياشلىق ئادەمدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. . . - ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ چايدىن ئوتلىدى. ئۇنىڭ دېھقانلارغا خاس كۆچلۈك، يوغان قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. بۇ ئۇنىڭ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

مەن دوستۇمغا بوتۇلكىنى ئىشارە قىلدىم، ئۇ دەرھال بوتۇلكىنى ئېلىپ ئاچتى- دە، ئۈچ رومكىغا تەڭلا قۇيۇپ ئالدىمىزغا قويدى.

- خوش! - ئۈچىمىز تەڭلا ئىچىشتۇق.

دىققىتىمىز ھېلىقى يىگىتتە بولدى، ئىككىمىز بىزنى ھەيران قالدۇرغان، ئەجەبلەندۈرگەن ئىشلارنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقاتتۇق. «ئۇ قانداق قىلىپ مېنىڭ ‹قەھرىمانىم› بولالايدۇ. ئۇ مېنىڭ ئەسىرىمدىكى قەھرىمان ياكى قەھرىمانىمنىڭ پروتوتىپى (رېئال تۇرمۇشتىكى ئەندىزىسى) بولسا مەن ئۇنى بىلىشىم، ئۇنى تونۇشۇم ياكى ئۇنى

چۈشىنىشىم كېرەكتىمغۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنى پەقەتلا ئۇچراتمىدىم يوق. قىزىق، بۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىش ئىكەن. يىگىت بۇ سۆزلەرنى ھەرگىزمۇ ئويلىشىپ قىلىۋاتمىغاندۇ؟ ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى - ھە».

- مەن راستىنىلا ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىرى. مەن ئۆزلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدىكى باش قەھرىمانىنىڭ راستلىقىغا بىرىنچى بولۇپ كېپىل بولالايمەن. لېكىن ئۆزلىرى مېنى تونۇمايلا. پوۋېستلىرىمۇ يېقىندىلا ئېلان قىلىندى. بۇ شۇنداق، بىراق ئۆزلىرى مېنى ئاساس قىلىپ يازغان ئەمەس، مەن شۇ قەھرىماننى ئۈلگە قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى قەھرىمانلىرى بولغان.

مانا ئەمدى ئۇنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ قىزىق تۇيۇلغىلى تۇردى. بۇ قانداق گەپ؟ مېنىڭ ئەسىرىم ئېلان قىلىنغىلى بىر ئايمۇ بولمىدى. ئەسەر قەھرىمانىمنىڭ بەش يىللىق پائالىيەت جەريانىنى ئۇ قانداقمۇ باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش قەھرىمان بولالايدۇ؟ ئۇنى ئۈلگە قىلدىم دېگىنىچۇ تېخى؟ ئۇ يەنە قانداق قىزىق گەپلەرنى قىلاركىن؟

- مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ھەقىقەتەن ھەيران قېلىۋاتىدىلا. راست، ئۆزلىرىنىڭ ئۇ پوۋېستلىرى يېقىندىلا چىقتى. مەن ئۇنى ژۇرنالدا كۆرۈپ ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇدۇم. ئاندىن ئالدىراپ ساندۇقۇمنى ئېچىپ قانچە يىلدىن ساقلاپ كېلىۋاتقان قولىيازمىنى ئېلىپ ژۇرنالدىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن ھەممىنى چۈشەندىم. خىيال سۈرۈپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ خىيالىمغا بىر ئىش كېلىۋېلىپ بىئارام بولۇپ يۈردۈم. ئاخىرى مەن ئۆزلىرىنى ئىزدىدىم، - يىگىت بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، - ئۇ ئىشقىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن بولدى. ئۆزلىرى ئۇنتۇپ كەتكەنلا، ئەمما مەن ھەرگىز ئۇنتىيالمايمەن. شۇڭا ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلىشىم. مەن جىق گەپ قىلىپ كەتتىم - ھە؟!

- ياق، ياق، سۆزلەۋېرىڭ. مەن بەك قىزىقىۋاتىمەن. خالىسىڭىز باشتىن سۆزلەپ بەرسىڭىز، - دېدىم مەن ئۇنىڭ تېزراق سۆزلىشىنى كۈتۈپ. ئۇنىڭ دەسلەپ مۇجمەلدەك تۇيۇلغان گەپلىرى بۈرۈنقى ئىشلارنى ئېسىمگە سېلىپ، سىرلار بارا - بارا يېشىلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

- ماقۇل، - دېدى ئۇ ئالدىرىماي ئويلىنىپ، - مەن كىچىك ۋاقتىمدا دۇيدىكىلەر دادامنى پومبىشچىك دەپ كۈندۈزى ئېغىر ئەمگەككە سالاتتى. ئاخشاملىرى يىغىنلارغا ئېپكېتەتتى. دادام ناھايىتى كەچ ھارغىن قايتىپ كېلەتتى، بەزىدە شۇنچە كۈتسەممۇ كەلمەيتتى، مەن كېچىچە قورقۇپ ياتاتتىم. بىر قېتىم دادام تاڭ ئاتقۇچە قايتىپ كەلمىدى. ئەتىسى ئىزدەپ چىقسام، دادام دۆي ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا يىقىلىپ قاپتۇ. بەدەنلىرى تاياق زەربىسىدىن ئىششىپ، كۆكىرىپ كەتكەنىدى. دادامنى ھە دېسە كەچتىكى كۈرەش يىغىنلىرىدا كۈرەشكە سالاتتى، كۈندۈزلىرى ھايۋاندەك ئېغىر ئەمگەككە سالاتتى. مەن يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى مەكتەپكە باردىم. بىراق باللار مېنى بەكلا بوزەك قىلاتتى، ئۇرۇپ قەستەن يىقىتىپ ئوينايتتى. بەزىلىرى مېنى سۇغا ئىتتىرىۋېتەتتى، كېيىن سۇنى پاسكىنا قىلدىڭ دەپ، تارتىپ ئېچىقىپ يەنە ئۇراتتى. بىر كۈنى زىمىستان سوغۇقتا بىرنەچچە بالا بىر بولۇپ مېنى چوڭ ئۆستەڭگە سۆرەپ كېلىپ ئىتتىرىۋېتىپ قېچىپ كەتتى. مەن سۇغا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋەردىم. مەن ئۈنۈمنى چىقىرالمايتتىم. ۋارقىرىغىنىم بىلەنمۇ مېنى پومبىشچىكنىڭ بالىسى دەپ ھېچكىم قۇتقۇزمايدىغۇ، دەپ ئويلايتتىم. مەن ئېقىپ كېتىۋەردىم. بىر چاغدا سۇ يېيىلىپ، تېيىزلاپ ئاققان جايغا كەلگەندىلا ئورنۇمدىن مىڭ تەسلىكتە تۇرۇپ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك قىرغاققا چىقىۋالدىم. چىقىپلا توڭلاپ كەتتىم، ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم، كەلسەم دادام ئۆيدە يوق ئىدى. ئۆيىمىزدە قالغۇدەك ئوتۇنمۇ بولمىغاچقا نېمە قىلارىمنى بىلمەي يىغلاپ تۇرسام قوشنىمىز ھاشىخان مومام كىردى. ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ نېمە بولغانلىقىمنى سورىغىلى تۇردى. ئاندىن مېنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ، كاڭغا ياتقۇزدى. يوتقان - كۆرپىلەر بىلەن مېنى مەھكەم چۈمكەپ قويدى. شۇ ئاخشىمى مەن دادامنى يەنە ئىزلىدىم، ئىزدەپ ھەممە يەرگە باردىم، تاپالمىدىم. دادام شۇ يوقىغانچە يوقاپلا كەتتى. بەزىلەر دادامنى قېچىپ كېتىپتۇ، دېيىشتى. گەرچە دادام مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتكەن بولسىمۇ ھەرگىز رەنجىمىدىم، دادامنى ئامالسىز ئىدى. «دادام بۇ سوغۇقتا نەلەردە، قانداق قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟» ئاخىرى مەنمۇ ئۆينى

تاشلاپ چىقىپ كەتتىم، ـ يىگىت چوڭقۇر بىر تىنىپ توختاپ قالدى. ئۇ ئالدىدىكى رومكىنى گۈپپىتىلا كۆتۈرۈۋېتىپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى، ـ ماڭا ـ ماڭا پويىز ئىستانسىسىغا كەپقاپتىمەن. ۋوگزالغا كىرىۋېلىپ ئۆز ئۆزۈنىچە تۇردۇم. پويىزلار ئۇياقتىن كېلىپ بۇ ياققا، بۇياقتىن كېلىپ ئۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بەزىلىرى توختىمايلا ئۆتۈپ كەتسە، بەزىلىرى بىرپەس توختاپ ئاندىن ماڭاتتى. بىرپەس قاراپ تۇرۇۋېدىم، بىر پويىز كېلىپ توختىدى. ئىشىك ئېچىلىپ ئىككى ئادەم چۈشتى، ئىشىك يەنىلا ئوچۇق تۇراتتى. مەن ئالدى ـ كەينىمگە قاراپ، قورقۇمسىراپ پويىزنىڭ ئىشىكىگە ياماشتىم. ماڭا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى، پويىزغا چىقىۋالدىم. ئۇ چاغدا مەن توققۇز ياشتا ئىدىم. مېنىڭ پويىزنى كۆرۈشۈممۇ، پويىزغا چىقىشىممۇ تۇنجى قېتىم بولغاچقا، پويىزلارنىڭ نەدىن كېلىپ نەگە بارىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. ۋاگون ئارىلاپ يۈرۈپ بىر بوش ئورۇنغا كېلىپ جىممىدىلا ئولتۇرۇۋالدىم. ۋاگوندىكى تىقما ئولتۇرۇشقان ئادەملەرگە قورقۇنچتا يەر تېگىدىن قاراپ قوياتتىم. پويىز قاتتىق سىلكىنىپ قوزغالدى. قورققىنىمدىن خۇددى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. پويىز شۇ ماڭغىنىچە مېڭىۋەردى. بىر چاغدا قورسىقىم ئېچىشقا باشلىدى، يانچۇقۇمدىكى بىر پارچە قاتتىق ناننى ئېلىپ يېدىم. نېرىقى تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر ئادەم ماڭا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىلىندى. بىرەر ـ ئىككى سائەت ئۆتۈۋىدى سەل يۈرەكلەنگەندەك بولدۇم ـ دە، ئولتۇرغان يېرىمدە قىڭغىيىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغانسام ھېلىقى ئادەم ئالدىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان يۇمشاق بىر خىل ناننى ئىشتىھا بىلەن يېگىلى تۇردى. ئۇنى كۆرۈپ قورسىقىم ئېچىپ، ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلگىلى تۇردى. ئۇنىڭغا ھەرقانچە قىلىپمۇ قارىماي تۇرالمىدىم، كۆزۈم ئۇنىڭ قولىدىكى نان ئىدى. ئۇ ئادەم بىلگەندەكلا نېنىنىڭ يېرىمىنى سۇندۇرۇپ ماڭا تەڭلىدى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم ۋە بىرپەستىن كېيىن ناننى گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئالدىم. ئۇ كىشى ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ «يېگىن» دەپ ئىشارە قىلدى. مەن ناننى ئالدىراپ يېيىشكە باشلىدىم. . .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم تاماق يېمەكچى بولسا ماڭىمۇ ئوخشاش ئېلىپ بېرىپ تۇردى. مەنمۇ تارتىنماي يەيتتىم. ئىككى كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن بىر كەچتە ئۇ ئادەم پويىزدىن چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى، پويىز ۋوگزالدا توختىشىغا مېنىمۇ بىللە چۈشۈشكە ئىشارە قىلدى. مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قاراپ قېلىۋىدىم، ئۇ مۈرەمدىن ئىتتىرىپ مېڭىشقا بۇيرىدى. مەن گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدىم. مەن نەگە كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلەلمەي، ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قارايتتىم. ھاۋا شۇنچە سوغۇق، ئەتراپ ئاپئاق قار، ھەممىلا يەردە چىراغلار ۋالىلداپ چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئادەم قولۇمدىن يېتىلىگىنىچە مېنى تاغ باغرىدىكى ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۆيدە باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئاخشىمى قورسىقىمنى ئوبدان توقلاپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئەتىسى ئويغانسام ئۇ يۇمىلاق ئۈستەلدە تاماق يەپ ئولتۇراتتى. مەنمۇ يۈزلىرىمنى چالا ـ بۇلا يۇيۇپلا ناشتا قىلىش ئۈچۈن ئۈستەل ئالدىغا كەلدىم ۋە تەخسىدىكى مومىغا قولۇمنى سۇندۇم، ئۇ قوپاللىق بىلەن قولۇمنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزى بىر خىلدا يەپ ئولتۇرىۋەردى. ئۇ شۇ چاغدا ماڭا بىردىنلا باشقىچە كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي بىر تەرەپتە شۈمشىيىپ قاراپ تۇراتتىم. شۇ كۈنى ئۇ ماڭا كۈن بويى يەيدىغان ھېچنەرسە بەرمىدى، ھەتتا ئۆيدىنمۇ چىقارمىدى. قورسىقىم ئېچىپ چىدىيالماي يىغلىۋەتتىم، ئاخىرى ئۇنىڭغا يېلىنىپ، ئايىغىغا يىقىلىپ يالۋۇردۇم. ئۇ ماڭا پەرۋاسىزلا قاراپ قويدى. بىر چاغدا مۈرەمدىن تارتىپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇۋەتتى ـ دە، بېرىپ ئىشىكنىڭ كەينىدىكى داسنى ئەكىلىپ، ئۇنىڭغا ئىككى چايداندىكى قايناقسۇنى قۇيۇپ ئوتتۇرا قىلدى ـ دە، بىر تال مومىنى ئوشتۇپ، بىر پارچىسىنى داستىكى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قايناقسۇغا چۆرىدى. ئاندىن ماڭا مەسخىرىلىك قاراپ «ئېلىپ يە!» دېگەن ئىشارىنى قىلدى. قايناقسۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان كىچىككىنە نان پارچىسىغا قاراپ يۇم ـ يۇم يىغلىدىم، ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيتتىم، ـ يىگىت سۆزلەپ كېلىپ چوڭقۇر، ھەسرەتلىك بىر تىنىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ شۇنداق دېدى، ـ بولدىلا، ئۇ ئىشلارنى سۆزلىمەي، ئەسلىدە مەن چوڭ بىر ئوغرىنىڭ قولىغا چۈشۈپتىمەن. ئۇ كۈنلەرنى

ئويلىسام پەقەتلا چىداپ تۇرالمايمەن. قىلغان جىنايەتلىرىم ئۈچۈن ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسىمۇ ئاز، ـ ئۇ شۇنداق دەپ توختاپ قالدى.

ـ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار سىزگە بەك ئېغىر كەلمىسە داۋاملىق سۆزلەپ بەرسىڭىز، بولامدۇ؟ ـ دېدى دوستۇم ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلىپ.

ـ سۆزلەپ بەرسەممۇ بېرەتتىم، ئەمما ياخشى ئىش بولىسغۇ سۆزلىسەم. . . مەن شۇندىن كېيىن ئوغرىلارنىڭ شايكىسى بولۇپ قالدىم. ئاخىرى چوڭ بىر يانچۇقچىغا ئايلاندىم. بىز دائىم پويىزدا ئوغرىلىق قىلاتتۇق. ئايلار، يىللار ئۆتتىۋەردى. تۇتۇلۇپ قالساق سولاقا كىرەتتۇق. مەنمۇ نەچچە قېتىملار كىردىم. بەزىدە نېمشقىكىن ئاسانلا قايتىپ چىقاتتىم، بەزىدە بىرەر يىلمۇ يېتىپ كېتەتتىم. ھېلىقى قېرى بىزنىڭ باشلىقىمىز ئىدى، شۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلاتتۇق، تاپقان ھەممە نەرسىگە ئۇ ئىگە بولاتتى. ئاخىرى ئۇ ئۆلۈۋىدى ئاندىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇق. ئارىدا ئۈچىمىز شىنجاڭلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بىز شىنجاڭغا قايتىپ چىقتۇق. ئۇ چاغلاردا مەن 20 ياشلاردا ئىدىم. بىز يەنە پويىزدا ئوغرىلىق قىلاتتۇق. كىشىلەر ئۇيقىغا كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سومكىلىرىنى ئېلىۋېلىپ، كىچىك بېكەتلەردە پويىز توختىشىغا چۈشۈپ كېتەتتۇق. بىر قېتىم بىز يەنە «ئۇۋ» غا چىقتۇق، پويىزدا يولۇچىلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ئەمما يەنىلا «تاپاۋەت» بولۇپ تۇراتتى. تۈن نىسپى بولۇپ، كىشىلەر ئۇيقىغا كەتكەنىدى، بىز دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، بىرنەچچە سومكىنى ئوغرىلىدۇق ـ دە، × × بېكىتىدە چۈشۈۋالدۇق. بۇ قېتىم ئولجا ئالغان نەرسىلەر ئىچىدە چىرايلىق بىر قول سومكىسىمۇ بار ئىدى. . .

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە مەن ئىختىيارسىز مىدىرلاپ ئورنۇمدا ئولتۇرالمايلا قالدىم. ئەمدى ماڭا ھەممە نەرسە ئايدىڭلىشىپ كېتىپ باراتتى. مەن يېقىندا ئېلان قىلغان پوۋېستىمنى بۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى يازغانىدىم. يېزىپ، تۈزىتىپ بولۇپ، ئاققا كۆچۈرىدىغان چېغىمدا توساتتىن سەپەرگە چىقىدىغان بولۇپ قېلىپ، ھەممىنى تەڭلا ئېلىپ ماڭدىم. ئەپسۇس، يولدا ھەممىنى ئوغرىغا بەرگەنىدىم. دەل شۇ يەردە ـ يىگىت ئېيتقان بېكەتتە ئوغرىلاتقانىدىم.

تۇغرا، ئۇلار پويىزدىن چۈشۈشكە مەن ئويغىنىپتىمەن. ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بىخەستەلىكىمگە قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ، تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەنىدىم. بىراق نېمە ئامال؟ ھەرقانچە ئازابلانساممۇ ئوغرى ئۇنى قايتۇرۇپ بېرەمتى؟ مەن ئاخىرى تەقدىرگە تەن بېرىپ شۈكلەپ قالغانىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە شۇ ئىشنى ئويلىساملا ئىچىم ئاچچىق بولاتتى. مەن بۇ ئىشنى ئەينى ۋاقىتتا دوستۇمغا سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئۇ باشقىدىن يېزىشىمنى ئۆتۈنەتتى. بىراق ھەرقانچە قىلسامۇ قولۇم بارمىدى. مۇشۇ يېقىندا ئاندىن خېلى كۈچەپ قايتا يېزىپ چىققانىدىم. شۇنداق قىلىپ ئۇ پوۋېستىم ئالتە يىل كېچىكىپ ئېلان قىلىندى. ئەينى چاغدا سومكامنى مۇشۇ يىگىت ئوغرىلاپ كېتىپتىكەن ئەمەسمۇ. قېنى، ئۇ ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىۋىدىكىن؟ مەن خىيالدىن ئۆزۈمنى قايتۇرۇپ كېلىپ دېھقان يىگىتنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم.

ـ بىز سومكىنى ئاچتۇق. ئۇنىڭدىن خەت يېزىلغان بىر دەستە قەغەزلەر، ھېچنېمە يېزىلمىغان بىرمۇنچە دەپتەرلەر چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن. باشقىلار ئۈمىدسىز ھالدا كارى بولماي نېرى بېرىپ ئولتۇردى. مەن نېمە خەتلەركىن دەپ ھەجىلەپ ئوقۇشقا باشلىدىم. . .

ـ شۇندىن كېيىن سىز ئۇنى قانداق قىلدىڭىز؟ ـ سورىدىم مەن يىگىتتىن.

ـ باشقىلار نېمىكەن دېيۋىدى، سالام خەتكەن دېدىم. ئۇلار كۆيدۈرۈۋېتەيلى دېيىشتى، مەن ئوقۇپ بولۇپ كۆيدۈرۈۋېتەي دەپ ئېپقالدىم. مەن باشتىكى «گىتار» دېگەن سۆزنى ئوقۇپلا ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغانىدىم. چۈنكى كىچىك ۋاقتىمدا بىزنىڭ ئۆيدىمۇ ئەنە شۇنداق بىر گىتار بار ئىدى. ئۇنى دادام ياش ۋاقتىدا دادىسى (بوۋام) چەت ئەلدىن ئەكىلىپ بەرگەنىكەن. بوۋام ناھايىتى باي بولۇپ، يۇرتمۇ يۇرت كارۋان تارتىپ سودا ـ سېتىق قىلاركەندۇق. ئەمما بۇ يۇرتتا ئۇنداق سازلار بولمىغاچقا ھەم ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغاچقا ئۇنى چېلىشنىمۇ بىلمەيدىكەن. دادام تىرىشىپ يۈرۈپ، كېيىن خېلىلا ئوبدان چالىدىغان بوپقاپتۇ. دادام دائىم: «چوڭ بولساڭ ساڭىمۇ چېلىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن. مەندىن كېيىن قالىداڭ ئوبدان ساقلا. بۇ بوۋاڭدىن قالغان تەۋەررۈك» دەيتتى. . . نېمە دېسەم بولار؟ ئۇ

چاغلاردا ئۆزۈم كىچىك بولسامۇ ھەممە ئىشلار ئېسىمدە. دادام ئىككىمىز كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆردۇق. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ھە دېسە كىرىپ «يوشۇرۇپ قويغان ئالتۇنلارنى چىقىرىڭلار!» دەپ ئۆرىدىغاننى ئۆرۈپ، چاقىدىغاننى چېقىپ بىر قىلاتتى. بىركۈنى ئۇلار ھېلىقى گىتارنى دادام يوشۇرۇپ قويغان جايدىن تېپىۋېلىپ «كاپىتالىزم سازى» نى ساقلاپسىلەر دەپ ئۇرۇپ چېقىۋەتتى، ئۇنى ئاز دەپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇ چاغدا دادام ئۇنىڭ پارچىلىرىنى سىقىمدىغىنىچە ئاچچىق يىغلىۋەتكەنىدى. . . مۇشۇ يېقىنقى يىللارغا كەلگەندىلا كىشىلەرنىڭ گىتار چېلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. شۇڭا «گىتار» دېگەن سۆزنى كۆرۈپلا ئۇ ناھايىتى ئۆزۈن يېزىلغان خەت بولسىمۇ ئۇنى چوقۇم ئوقۇپ بېقىش خىيالىغا كەلگەنىدىم. مەن ئۇنى ساقلاپ يۈردۈم. بىر كېچىسى بىز ئادەمسىز بىر سايدا پويىزدىن چۈشۈپ قالدۇق. شۇ كېچىسى مەن باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئوغرىلىۋالغان يۈز يۈەن پۇلغا ھېلى خەتلەرنى قوشۇپ، بىر سولىياۋ خالتىغا ئوبدان ئوراپ، چىگىپ سايلىقنىڭ ئۆزۈم بىلىدىغان يېرىگە كۆمۈپ قويدۇم (ئۇ پۇلنى ئوتتۇرىغا قويسام تەڭ تەقسىمات بولۇپ كېتىشىدىن قورقاتتىم). كېيىن كېلىپ ئېلىۋالارمەن دەپ ئويلىدىم، بىزنىڭ بۇنداق ئويۇن ئوينايدىغان چاغلىرىمىز جىق ئىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي قولغا چۈشۈپ قالدۇق، مەن تۈرپاندا 15 كۈن سولاقتا ياتتىم، باشقىلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. سولاقتىن چىقىپ ئاچ قورساق كوچىدا ئايلىنىپ يۈردۈم ۋە ئاخىرى بىر ئادەمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئاشخانىغا كىردىم. ئۇ كىشى تاماق بۇيرۇتۇپ بولۇپ ئولتۇردى. مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم.

- سىزچۇ نېمە تاماق يەيسىز؟ - دېدى ئاشپەز ماڭا قاراپ.

- ئالدىرىماي يەي، - مەن بېزىرىپ ئولتۇرۇۋەردىم. بىرەر ئېپى كېلىپ قالار دېگەن ئويلىرىم ئەمەلگە ئاشمايۋاتاتتى. قورسىقىم ئېچىپ بولماي ئاخىرى ئاشپەزنىڭ يېنىغا باردىم.

- ئاكا، ماڭا بىر تەخسە لەڭمەن بەرگەن بولسىڭىز. پۇل تاپقاندا نەچچە پۇل دېسىڭىز بېرەي. ماڭا ئىشىنىڭ، مەن يالغان ئېيتمايمەن: ھازىر يېنىمدا ھېچنەرسە قالماپتۇ، - دېدىم ئاشپەزگە يىلىنغان ھالدا. ئۇ ماڭا بىرپەس قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

- ھەي ئوكام، مۇشۇ تۇرقۇڭدا ئەمگەك قىلساڭمۇ جېنىڭنى بېقىپ كەتمەمسەن؟ قاراپ باقە ئۆزۈڭگە، ئىشلەيمەن دېسەڭ ھازىر ئىش دېگەن جىق. ئەنە ئاۋۇ دېھقان ئاكىغا دېسەڭمۇ ساڭا ئىش تېپىپ بېرەلەيدۇ. ئۆزىنىڭمۇ يېتىشەلمەيۋاتقان ئىشلىرى بارمۇ تېخى، ھە ئاكا، - دېدى ئۇ ھېلىقى ئادەمگە قاراپ قويۇپ. ئۇ مېنى بىر تىلەمچى كۆرگەن چېغى سۆزلەپلا كەتتى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ، گەپ قىلغىنىمغىمۇ جاق تويدۇم.

- شۇنداق ئوكام، - دېدى دېھقان ماڭا قاراپ، - راست ئىشلىمەكچى بولسىڭىز مېنىڭكىدە ئىشلەڭ. ئىش ھەققىڭىزنى رازى بولغۇدەك بېرىمەن.

مەن كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا بېشىمنى ساڭگىلىتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

- ئۆيلىرى نەدە؟ - سورىدىم ئۇنىڭدىن.

- يىراق ئەمەس، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرساق ئىككى سائەتتە يېتىپ بارىمىز. قانداق، ئىشلەيدىغان بولدىڭىزمۇ؟

- ماقۇل، - دېدىم بېشىمنى لىڭشىتىپ، بۇمۇ مېنىڭ بىر ئامالىم ئىدى.

بىز تاماق يەپ بولۇپ ئاشخانىدىن چىقتۇق. مەن ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي «غىپپىدە» تىكىۋېتەيمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئەمما تىكىۋەتسەم نەگە بارىمەن؟ ئىشىم يەنە ئەپلەشمىسىچۇ، ئالدىرىما، دېدىم ئىچىمدە ئۆزۈمگە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيىگىچە بېرىپ باقمايمەنمۇ، شۇ چاغدىمۇ نېمىلا قىلسام ئۈلگۈرەلەيمەنغۇ، دەپ ئويلىدىم. مەن دېھقاننىڭ ئۆيلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ ئۆيلىرى شۇنچە چوڭ ھەم شۇنچە چىرايلىق بېزەلگەنىدى. مەن بارغان كېچىسىلا پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىدىن ئېلىپ قاچايمىكىن دەپ ئويلىدىمىيۇ، بىراق ئۇنداق قىلغۇم كەلمىدى. شۇ كېچىسى دادام چۈشۈمگە كىرىپ قېلىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. دادام زادى ھاياتمىدۇ؟ نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. توققۇز ياش ۋاقتىمدا چىقىپ كەتكەنچە يۇرتنى، دادامنى پەقەتلا كۆرمىگەنىدىم. شەھەرمۇ شەھەر قېچىپ يۈرۈپ، يېزىلاردا بۇنچىلىك چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتكەنلىكىنى نەدىن بىلەي، ئاڭلاشنىغۇ ئاڭلىغان بىراق پەقەت ئىشەنمەيتتىم.

ئويلىمىغان يەردىن مەن بۇ دېھقاننىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم ھەم ھەممىنى چۈشەندىم، ئىشلىسىلا جان باقىلى ھەم پۇل تاپقىلى بولىدىكەن. مېنىڭ دادامنى كۆرگۈم كەلدى، دادامنى ئىزدەپ بېقىش ئويۇمنى ئۇنىڭغا دېۋىدىم، ماڭا ئىش ھەققىگىز دەپ 500 يۈەن پۇل بەردى. پۇلنى ئېلىپ يىغلاپ تاشلىدىم ۋە بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار دادامنى تاپالماي قايتىپ كەلسەم يەنە قارشى ئالىدىغانلىقىنى، مېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يولغا سېلىپ قويدى. مەن يۇرتقا كەلدىم، بىراق دادام يوق ئىدى، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتىپتۇ. باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىمۇ ياكى دادام ئۆزىنى تاشلىۋالغانمۇ، دادامنىڭ جەسىتى تاشلاندۇق كارىز قۇدۇقىدىن تېپىلغانىكەن. مەن دادامنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرۇپ، قەبرىنى قۇچاقلاپ ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا يىغلىدىم.

بىزنىڭ ئويلىرىمىز ئاللىقاچان چېقىۋېتىلگەنىكەن. يېزا كادىرلىرى مۇزاكىرىلىشىپ، ماڭا بىر ئېغىز كونا ئۆينى ۋاقىتلىق ھەل قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇرۇنقى ئىشلاردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، ئەترەتتىن ئاجرىتىپ بەرگەن يەرگە ئىشلەشكە باشلىدىم. باشقا كىشىلەرگە ئانچە ئارىلاشقۇم كەلمىگەچكە بىكار چاغلىرىمدا ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتىم. بىركۈنى تويۇقسىز ھېلىقى كۆمۈپ قويغان نەرسىلىرىم ئېسىمگە كەلدى - دە، ئۇنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ جاينى ئاسانلا ئىزدەپ تاپتىم، كۆمۈپ قويغان نەرسىلەر شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئۆيگە كېلىپ ھېلىقى ئۈزۈندىن - ئۈزۈن يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇدۇم. ئەسلىدە ئۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بىر يىگىتنىڭ قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ، تىرىلماي تاشلىنىپ ياتقان بوزلۇقنى ئۆزگەرتىپ، چوڭ بىر باغ بىنا قىلغانلىقى يېزىلغان ھېكايە ئىكەن. مەن ئۇنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، تۇرۇپلا كاللامدا شۇنداق بىر باغ بىنا قىلىش ئويى پەيدا بولۇپ قالدى. چۈنكى بىزنىڭ يۇرتتىمۇ ئەنە شۇنداق بىكار تۇرغان يەرلەر جىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شۇ ئىشقا بەل باغلىدىم. مەن شۇ پوۋېستتا يېزىلغانىدەك قىلدىم ۋە ھارماي ئىشلىدىم. ئىشقىلىپ ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق جاپاسى بولىدىكەن. مانا ئاخىرى ئويلىغىنىمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم. بەش يىل بولدى، تىككەن كۆچەتلەر ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ تولۇق مېۋىگە كىرىپ بولدى.

تاپقان كىرىمدە قەرزلىرىمنى قايتۇرۇپ يەنە بىرمۇنچە پايدا ئالدىم. يېقىندا « × » ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر پوۋېستنى ئوقۇپ قالدىم، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ھېلىقى مەن ئوقۇغان ھېكايىسىغا ئوخشايدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككىسى بىر نەرسە ئىكەن. شۇ چاغدا مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى دەرھاللا چۈشەندىم، ئەسلىدە ئۆزلىرى ئۇنى كۆچۈرىدىغان چاغلىرىدا ئوغرىلىتىپ قويۇپ . . . يېقىندا قايتىدىن يېزىپ چىققان بولسىلا كېرەك. شۇنداق قىلىپ مەن ئۆزلىرىگە چوڭ زىيان سالغانلىقىمنى چۈشەندىم. ئەمدىلىكتە بولسىمۇ ئۆزلىرىدىن ئەپۇ سورىماقچى بولدۇم. ئەمما ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى ئىشلارنى ئۆلگە قىلىپ، ھازىرقىدەك چوڭ باغۋەنچىلىك مەيدانىنى قۇرۇپ چىققىنىم ئۈچۈن شۇ ھېكايىنى يېزىپ چىققان ئۆزلىرىدەك بىر كىشىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كېلىپ كۆپ ۋاقىتلىرىنى ئالدىم. بۇ ئىشىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرسىلە.

- پاھ، بۇ ئاجايىپ قالتىس ھېكايە ئىكەن، - دېدى دوستۇم دېھقان يىگىتنىڭ سۆزى تۈگىشىگە ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، - قارا، ھەقىقىي قەھرىمان كۆز ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سەن خۇشال بولۇشۇڭ كېرەك.

- توغرا دېدىڭ، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم خۇش بولىمەن. رەھمەت سىزگە، - دەۋەتتىم ئىختىيارسىز دېھقان يىگىتنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، - ئەسلىدە سىز مېنىڭ تۇنجى كىتابخانىم ئىكەنسىز. شۇنداقلا ئاخىرقى ھېسابتا مېنىڭ ھەقىقى قەھرىمانىم بولۇپ چىقىپسىز. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى. ئەينى ۋاقىتتا پوۋېستىمنىڭ ئوغرىلاپ كېتىلگىنىگە ھەرگىز ئەپسۇسلانمىسام بولغۇدەك. ئۇ ئۆز رولىنى جارى قىلىپ بوپتۇ.

- شۇنداق، ئۇ رولىنى جارى قىلدۇردى. ئەمما ئۆزلىرىگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتسام بولار؟

- رەھمەتنى مەن سىزگە ئېيتسام بولىدۇ.

- ئوغرىلاپ كەتكىنىم ئۈچۈنمۇ؟!

بۇ سەمىمىي چاقچاقتىن ئۈچىمىز قاتتىق كۈلۈشتۇق. ئاپتور، كىتابخان ۋە ئەسەر قەھرىمانى شۇنداقلا دوستلارنىڭ ئورتاق كۈلكىسى كىچىككىنە ئۆيدىن ھالقىپ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىك - دېرىزىلەردىن كەڭ ساماغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

مەسئۇل تەھرىرى: روشەن سەيپۇللا

راجى تۇردى

# غۇۋا تەبەسسۇم

(ھېكايە)

ئېھسان چۈشتىن بۇرۇنقى ئاخىرقى دەرستىن چىقىپلا ئاچلىقتىن غۇلدۇرلاپ كېتىۋاتقان قورسىقىنىڭ تەشنالىقىنى بېسىش ئۈچۈن، مەكتەپ ئاشخانىسى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، فاكۇلتېتىنىڭ خەت - چەك تارقاتقۇچىسىدىن بىرپارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدى - دە، كونۋېرتقا پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. خەت ئۇنىڭ دادىسىدىن كەلگەنىدى. «يەنە شۇ، ئوبدان ئوقۇ، پۇلنى تېجەپ ئىشلەت، دېگەندەك قۇرۇق گەپلەرنى يازغاندۇ...» دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ خەتنى يانچۇقىغا پۇرلاپ تىقىۋېتىپ.

ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىغا كىرگەندە، ئاشپەزلەر ئالدىراشلىق بىلەن ھەر خىل تاماق، سەيلەرنى يوغان داسلارغا ئۇسۇپ دۆۋىلەۋاتاتتى. ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن تۆت دانە مومىنى قولىغا ئېلىپلا قاچىسىغا قايناقسۇ قۇيۇپ بىر ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بىرتال مومىنى يەپ تۈگەتمەيلا، ئاشخانىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىي - چۇلىرى قاپلاپ كەتتى. قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىشىپ، ئاشپەزلەرنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بىردەمدىلا ھەرخىل گۆشلۈك قورۇمىلار بىلەن لەگمەن، گاڭپەن ئۇسۇلغان قاچىلارنى كۆتۈرۈشكەن بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ئېھساننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇپ تاماقلىرىنى تېزلىك بىلەن يېيىشكە باشلىدى. باشقىلارنىڭ قاچىلىرىدىن تارقىلىۋاتقان مېزىلىك پۇراقلار ئېھساننىڭ گېلىنى غىققىدە بوغۇپ قويغاندەك بولدى. ئۇ ئىشتىھا بىلەن ھوزۇرلىنىپ تاماق يەۋاتقانلارغا بىرپەس قاراپ تۇردى - دە، تۈكۈرۈكىنى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ، ئېشىپ قالغان ئىككى دانە مومىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ياتىقىغا كىرگەندە باشقىلار تېخى تاماقتىن قايتمىغان بولۇپ، ياتاق ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇ يانچۇقىغا سىغىۋالغان ئىككى تال مومىنى چىقىرىپ بىرىنى ئاغزىغا ئاپاردى، بىرىنى ساندۇق ئۈستىدىكى گېزىت ئۈستىگە قويدى. ئۇ تەمسىز، تۇزسىز مومىنى چايناۋاتقاندا، گۆشلۈك سەي بىلەن چاپتەك سوزۇلغان لەگمەنلەرنى يەۋاتقان قىز - ئوغۇللار كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئۇ لەگمەنگە ئامراق ئىدى. يېنىدا پۇلى بولسىلا مەكتەپ ئالدىدىكى شەخسلەرنىڭ ئاشخانىسىغا چىقىپ، ئايرىم سەي قورۇتۇپ لەگمەن يەيتتى. لەگمەن ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق ئېسىل تامىقى ئىدى. لەگمەن يېگەن چاغلاردا ئۆزىنى بۇ دۇنيادا ئەڭ كاتتا، بەختلىك ئادەمدەك ھېس قىلاتتى. «قاچانغىچە مۇشۇنداق قىينىلىپ ئۆتەرمەن؟ قول ئىلكىدە بار بىرەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولسام مەنمۇ باشقىلاردەك پوزۇر كىيىنىپ، ياخشى يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - يايرىغان بولاتتىم...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە بايىلا تاپشۇرۇۋالغان خەتنى ئېسىگە كەلتۈردى. «بەلكىم ئىككى - ئۈچ يۈز كويلۇق خۇش خەۋەر باردۇر بۇ خەتتە...» دېگەنلەر لاپ قىلىپ كاللىسىغا كەلدى ۋە ئالدىراش يانچۇقىدىن كونۋېرتنى ئېلىپ يىرتىپ ئاچتى. بىر ۋاراق قېلىن دەپتەر قەغىزىگە قىسقىلا قىلىپ مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ئوغلۇم ئېھسان سالامەت تۇرۇۋاتامسەن؟ بۇ قېتىم ساڭا بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكچىمەن. كالتايلىق مەھەللىسىدىكى ئەمەت بېدىكنىڭ خىرويىن سودىسى قىلىدىغان قىمارۋاز بالىسى مەمەت چوقۇرنى بىلىسەنغۇ، ئالدىنقى ھەپتە شۇنىڭ بىلەن دو تىكىشكەنتىم، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، بىر ئاخشامدىلا ئۇنىڭ ئۆي - باغلىرىنى ئۇتۇۋالدىم. ئۇ، ئۇ باغلار ئاتامدىن قالغان مىراس ئىدى، شۇنىڭ بەدىلىگە ساڭا بىر بولاق ئاق تاماكا بېرەي دېدى. دەسلەپ ئۇنىمىغانىدىم. ئوبدان ئويلاپ باقسام بۇمۇ

خېلى پۇلغا يارايدىكەن. جىڭلاپ باقسام ئۈچ يۈز ئەللىك گرام كەلدى.

ئەسلى مەقسەتكە كەلسەك، بۇ نەرسىنى بۇ يەردە پۇل قىلىشقا كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇكاڭ ئاقىلدىن ساڭا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولدۇم. بۇنداق نەرسىلەرنى چوڭ شەھەرلەردە پۇل قىلماق ئاسان دەپ ئاڭلىغان. بۇ يىل يەردىنمۇ تۈزۈك نەرسە چىقمىدى. نەرسە - كېرەكلەرنىڭ باھاسى ھەسسىلەپ ئۆرلەپ كەتتى. مەن ئاناڭ ۋە باشقا ئۇكىلىرىڭ ھەممىمىز قىينىلىپ قالدۇق. شۇڭا بۇ نەرسىنى سېتىپ بولۇپلا پۇلىنى ئەۋەتىۋەتكىن.

خەير سالامەت بولغايسەن

داداڭ ھوشۇراخۇندىن.»

ئېھسان قوۋۇزىدا چىڭقىلىپ قالغان مومىنى كۆچەپ پۇرقۇرۇۋېتىپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھاياجانلانغان نېرۋىلىرى بىرەر مىنۇتقىچە ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي قالدى. قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ، ئايروپىلان غارقىراپ ئۇچقاندەك، ئاسمان گۈمبۈرلىگەندەك ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك بولدى. كۆزلىرىگە زېمىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك، ئاسمان زېمىنغا ئاغدۇرۇلۇۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ قۇلاقلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن مەھكەم ئېتىۋېلىپ بىرپەس قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن، يەردە ياتقان خەتكە ئېڭىشىپ قاراپ، خەتنى يەنە بىرقۇر ئوقۇپ چىقتى. يەنە شۇ گەپ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئون - يىگىرمە باغلام پۇل كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ خەتنى قايتا - قايتا بىرنەچچە قېتىم ئوقۇغاندىن كېيىن چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى - دە، ساۋاقدىشى سېلىمنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى. ئۇ تاماقتىن يانغان سېلىمنى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىن تېپىۋالدى. مەكتەپ ئالدى ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان قازاندەك قىزغىن بولۇپ، قايناق، ئاۋات بازارغا ئوخشاپ قالغانىدى. سېلىم بەش - ئالتە قەدەم نېرىدا غۇژمەكلىشىپ تۇرغانلارنىڭ توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۆزى تەرەپكە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان ئېھسانغا قاراپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى. سېلىم مۇشۇ شەھەرلىك باي بىر تىجارەتچىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ مەكتەپتە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇيتتى. ئارىلىشىدىغان ئاغىنىلىرىمۇ ئاساسەن سىرتتىكى تىجارەتچىلەردىن ئىدى. لېكىن مەكتەپ ئىچىدىكى ئەڭ مودا، ئەڭ چىرايلىق قىزلار بىلەن كۆپ ئارىلىشاتتى. ھازىرمۇ يېنىدا كالتە چاچلىق، ئوغۇل باللاردەك كىيىنگەن چىرايلىق بىر قىز بار ئىدى. ئۇ ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن ئارىلاشمايتتى. شۇڭا ئېھساننىڭ ئۆزىگە ئىلتىجالىق نەزىرى بىلەن قاراپ كېلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئانچە خوش يېقىپ كەتمىگەنىدى. «پۇل سورايسەنغۇ تايىنلىق. . . » دېگەنلەرنى چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىدىن ئۆتكۈزگەن سېلىم قىزنى باشلاپ بۇرۇلۇپلا باشقا تەرەپكە كەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. ئېھسان ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ قىزغا دېدى:

- خاپا بولماي كېتىپ تۇرغان بولسىڭىز، سېلىم بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ئىدى.

- دەۋەرمەمسەن؟ - دېدى سېلىم ئۇنىڭ بۇ يولسىز بۇيرۇقىدىن غەزەپلىنىپ توڭلۇق بىلەن.

- مەخپىي گەپ ئىدى، - دېدى ئېھسان قەتئىيلىك بىلەن. قىز دىمىقىنى قاققىنىچە ئېھسانغا ئالىيىپ قويۇپ مەكتەپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

- تېزراق ئېيتە، - دېدى سېلىم ئېھسانغا ھۆرپىيىپ، - ئاۋۋال ئېيتىپ قوياي، پۇل سورىساڭ مەندە پۇل يوق جۇمۇ.

- پۇل سورىمايمەن. باشقا گەپ، سەنمۇ چوقۇم خۇشال بولىسەن، - سېلىم ئېھساننىڭ «پۇل سورىمايمەن» دېگەن سۆزىدىن كېيىن كۆڭلىنى تىندۇردى. ئېھسان ئۇنىڭ قولىدىن سۆرەپ دېگەندەك ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كىچىككىنە باغچىغا ئېلىپ كىرىپ بىر بېتون ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاچقا ھەرقانداق ۋاقىتتا شاۋقۇن - سۈرەن ئۆكسۈمەيدىغان بۇ باغچا ھازىر تىپتىنچ ئىدى.

- گېپىڭنى تېزراق ئېيت، - دېدى سېلىم ئېھساندىن يۈزىنى ئۆرۈپ تۇرۇپ.

- دادام بىر بولاق ئاق تاماكا ئەۋەتكۇدەك. پات ئارىدا ئىنىم ئاقىل ئېلىپ چىقماقچى بوپتۇ. شۇ نەرسىنى پۇل قىلىشقا ياردەملىشەرمىكىن دەپ. . . - دېدى ئېھسان سەل ھودۇققاندەك تىترەپ تۇرۇپ.

- بىر بولاق ئاق تاماكا؟ - دېدى سېلىم ھەيران بولغان ھالدا ئېھسانغا چەكچىيىپ قاراپ، - سېنىڭ سەھرايىڭدا ئاق تاماكا نېمە قىلىدۇ؟

- ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ - ئېھسان يانچۇقىدىن دادىسىنىڭ خېتىنى چىقىرىپ سېلىمغا تۇتقۇزدى، - ئىشەنمىسەڭ مانا، ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق.

سېلىم خەتنى قايتا - قايتا ئوقۇدى. ئۇنىڭ خەت قۇرلىرى ئۈستىدە تېز - تېز يۈگۈرۈۋاتقان كۆزلىرى بارغانچە چوڭچەكتەك چەكچىيىپ، يوغىناپ بارماقتا

ئىدى. ئېھسان سېلىمنىڭ ھاياجاندىن سەل - پەل تىترەۋاتقان مۇرنىسىگە، يوغىناپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىگە تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. سېلىم خەتنى تۇتقىنىچە بىرنەچچە سېكۇنت قېتىپ تۇردى - دە، ئېھسانغا قاراپ:

- ئامىتىڭ كەپتۇ ئېھسان. ئەمدى پۇل دېگەننى يۇزلەپ - مىڭلاپ خەجلەپ ھەممىمىزنىڭ كۆزىنى قىزارتىۋېتىدىغان بولدۇڭ. قىز بالا دېگەنلەرنى ئەتراپىڭدا پىرقىرايدىغان، ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىلىۋالالايسەن. . . - دېدى.

- ئەگەر پۇل قىلىشقا ياردەملەشسەڭ تاپان ھەققىڭگە قانچىلىك دېسەڭ بېرەتتىم، - دېدى ئېھسان ھاياجاندىن تىترەپ كېتىۋاتقان پۇت - قوللىرىنى زورىغا ئۇيان - بۇيان ھەرىكەتلەندۈرۈپ.

- بەش مىڭنى بېرەلەمسەن؟

- قانچىگە ساتقىلى بولار؟

- ئۈچ يۈز ئەللىك گىرام ئاق تاماكىنى ئاز دېگەندە ئاتمىش مىڭغا ساتىمىز.

- دېگىنىڭدەك بولسۇن. كېلىشتۇق، - دېدى ئېھسان ئاتمىش مىڭ يۈەن پۇلنى ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندەك قوللىرىنى مەھكەم گىرەلەشتۈرۈپ تۇرۇپ.

- پۇل قىلىشقۇ ئوڭاي، بىراق بۇ سودىنىڭ قانۇن ئالدىدىكى جاۋابكارلىقى ئادەمنى ئۆلۈمگە سۆرەپ بارىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق گەپ - سۆزىمىز، ھەرىكىتىمىز قەتئىي مەخپىي بولۇشى كېرەك.

- چۈشىنىمەن، - دېدى ئېھسان سېلىمنىڭ گېپىنى بۆلۈپ. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەپتۇ، جاپادىن قورققان راھەتكە يەتمەپتۇ» دېگەندەك ئازراق جاپا تارتىش بەدىلىگە شۇنچىۋالا پۇلغا ئېرىشكىلى بولسا. . .

- پۇلغا چوقۇم ئېرىشەلەيسەن، جاپامۇ تارتمايسەن. بۇ ئىشقا قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئېغىزىڭ چىڭ، ھەرىكىتىڭ تەبىئىي بولسۇن، دەرستىن كېيىن مەن سېنى بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باراي، قالغان گەپلەرنى شۇ چاغدا قىلىشايلى.

چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتلىك دەرسنى ئېھسان خۇددى مىڭ يىل جاپا تارتقان ئادەمدەك تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزدى. دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەنلا، ئۇ، مۇئەللىمدىن بۇرۇن ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى ۋە سېلىمنى ئالدىرىتىپ سۆرىگىنىچە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار تېزلىك بىلەن مېڭىپ بىردەمدىلا شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تار بىر كوچىغا كىرىپ كېلىشتى. ئېھسان بۇ شەھەرگە كەلگىلى ئىككى يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ ھازىرغىچە بۇنداق تار، ئەگرى - بۈگرى قاراڭغۇ كوچىلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ توخۇ كاتىكىدەك كىچىك ئۆيلەرگە، سېمىزرەك ئادەم سىڭايان بولمىسا كىرگىلى بولمايدىغان كىچىك ئىشىكلەرگە، بالىخانىلارغا ئەجەبلىنىپ قاراپ «بۇ ئۆيلەردە ئادەم ئولتۇرامدىغاندۇ؟ قانداق ياتىدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ماڭاتتى.

- يېتىپ كەلدۇق، - دېدى سېلىم كۆك رەڭدە سىرلانغان بىر قاناتلىق كىچىككىنە ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قەدىمىنى توختىتىپ.

ئۇلارنى تاقىرباش، سېمىز، دوغىلاق بىر يىگىت تارغىنا ھويلىدا قارشى ئېلىپ، سېلىمدىن قايتا - قايتا ئەھۋال سوراپ كەتتى. ئېھسانغا قولىنىڭ ئۇچىنى بېرىپلا كۆرۈشتى.

ئۆي ئىچى ئېھساننىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن خېلىلا ئازادە بولۇپ چىقتى. زامانىۋى جاھازىلاردا بېزەلگەن ئۆي سالقىن بولۇپ ئەينەكتەك چاقناپ تۇراتتى. سېلىم بىلەن تاقىرباش خېلى ئۇزۇنغىچە تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئېھسان ئالدىغا قويۇلغان ئىستاكاندىكى خۇش پۇراق چايدىن ئانچە - مۇنچە ئوتلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ تېزراق مەقسەتكە كۆچۈشىنى تىلەپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئەل - ئاغىنىلىرى، ئاشنىلىرى ئۈستىدە بىرەر سائەت يورغىلىغاندىن كېيىن سېلىم ئەسلى مەقسەتكە كۆچتى:

- نىجات يېقىندىن بېرى تىجارەت ئىشلىرىڭ خېلى ياخشى بولۇۋاتامدۇ؟ - دېدى ئۇ گەپنى سەل ئەگىتىپ.

- نەدىكىنى، تەكشۈرۈش چىڭ بولۇپ كەتتى. شۇڭا، تاماكا ۋاقتى - ۋاقتىدا كەلمەي ئون نەچچە كۈندىن بېرى خېرىدارلارنى قۇرۇق يولغا سېلىۋاتىمەن، - دېدى تاقىرباش ھەسرەتلىنىپ.

- بۈگۈن ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. تاپان ھەققىمگە قانچە بېرىسەن؟ - دېدى سېلىم تاقىرباشقا تىكىلىپ تۇرۇپ سىرلىق كۈلۈمسىرەپ.

- ئاۋۋال گەپنى ئوچۇق ئېيت، سېنى چوقۇم رازى قىلىمەن، - دېدى تاقىرباش سېلىمغا دىققەت بىلەن قاراپ.

- ئۈچ يۈز ئەللىك گىرام ئالىي دەرىجىلىك ئاق تاماكا، - دېدى سېلىم.

- پۇلچۇ؟ - دېدى تاقىرباش سەل چۆچۈگەندەك تەلەپپۇزدا ئالدىراپ.

- يەتمىش مىڭ، - دېدى سېلىم كەسكىنلىك بىلەن.

- تاپان ھەققىڭ شۇنىڭ ئىچىدە بولسۇن. بولدى، كېلىشتۇق، - دېدى تاقىرباش سېلىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، - مال قاچان قولغا تېگىدۇ؟

سېلىم ئېھساننىڭ دادىسىدىن كەلگەن خەتنى تاقىرباشقا بەردى. تاقىرباش خەتنى بىر ئوقۇپلا ئېھساننىڭ قولىنى دوستانىلىق بىلەن سىقتى.

- زاكالەت ئۈچۈن ئاۋۋال ئون مىڭ يۈەن بېرىمەن، سېلىمنىڭ تاپان ھەققىنىمۇ ئاۋۋال بېرىمەن، گېپىمىز گەپ بولسۇن. مال يېتىپ كەلگەن ھامان باشقىلارنىڭ ئىشىكىدە دوقۇرۇپ يۈرمەي، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەل. ئەگەر باشقىلارغا سېتىۋەتمەكچى بولساڭ، ئالدىن بەرگەن ئون مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلنى ئەللىك مىڭ يۈەن قىلىپ سەندىن قايتۇرۇۋالىمەن، - دېدى تاقىرباش ئېھسانغا تەھدىت ئارىلاش.

- خاتىرجەم بول، مەن كېپىل، - دېدى سېلىم مەيدىسىگە شاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، - بىراق ئېھسان ماڭا بەرمەكچى بولغان بەش مىڭ يۈەن تاپان ھەققىنىمۇ ئۆزۈڭ بېرىدىغانغا قوشۇپ، ئون مىڭ يۈەن پۇلنى ئالدىمغا قوي، - ئۇنىڭ چىرايىدا تەھدىت ئىپادىلىرى پەيدا بولدى.

- بولىدۇ، - دېدى تاقىرباش ۋە كىچىككىنە تۆمۈر ساندۇقتىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئىككى باغلام ئېلىپ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئاندىن ئېھسانغا قاراپ، - مەندىن ئېلىشىڭ ئەللىك مىڭ يۈەن، ئۇنى مال قولۇمغا تەگكەن ھامان ئالىسەن، - دېدى.

ئېھسان بىلەن سېلىم ھەربىرى بىر باغلامدىن پۇلنى قويىنىغا تىقىشىپ تاقىرباش بىلەن خوشلاشتى. ئېھساننىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن سوقاتتى. ئۇنىڭدا يۈز بېرىۋاتقان رېئاللىقنى خىرە چۈشتەك ھېس قىلاتتى. ئويغىنىپ كەتسىلا يەنە بۇرۇنقى نامرات ئوقۇغۇچى بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ قويىنىدىكى پۇلنى چاپىنى سىرتىدىن پات - پات سىلاپ قوياتتى. شۇنداق چاغلاردا قولى بىرپارچە چوغنى تۇتۇپ سالغاندەك، جىمى ئەزاسى جۇغۇلداپ كېتەتتى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى تۇتۇش تۇگۇل كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. سېلىم بۇنچىلىك پۇللارنى كۆپ قېتىم كۆرۈپ، كۆتۈرۈپ خەجلەپ ئادەتلەنگەن بولسا كېرەك، پەرۋاسىز ھالدا ئىسقىرتىپ كېتىۋاتاتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپلا ئېھساننىڭ تۇرمۇشىدا ئاسمان - زېمىن پەرقلەنگۈدەك ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ بىرنەچچە قۇر مودا كىيىملەرنى سېتىۋېلىپ كۈندە بىر قۇر كىيىم ئالماشتۇرىدىغان، تاماقنىمۇ مەكتەپ ئالدىدىكى يېڭى ئېچىلغان كىچىككىرەك بىر رېستوراندىن يەيدىغان بولدى. ھەركۈنى كەچتە سېلىم بىلەن بازارغا كىرىپ قىزىل پەردە تارتىلغان قەھۋەخانىلاردا چىلاشقۇدەك ئىچىپ، گۈزەل خېنىملارنىڭ قويىنىدىمۇ بىرنەچچە كېچە ھۇزۇرلاندى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئېھساننىڭ ئىنىسى ئاقىل يېتىپ كەلدى، ئاقىل ئاكىسىنى ئىزدەپ مەكتەپكە كىرگەندە، پوزۇر كىيىنگەن قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ مەخلۇقنى كۆرگەندەك ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ قېلىشتى. دېمىسىمۇ ئاقىلنىڭ تەقى - تۇرقى قارىغان كىشىگە غەلىتە تۇيغۇ بېرەتتى. ئالتىنچى ئاي بولۇشىغا قارىماي تۈگمىسىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ كىيىۋالغان ئۆڭۈپ كەتكەن چاپىنى، پۇتىغا كىيىۋالغان سايما كەشى، بىرنەچچە يەردىن يامىلىپ كىرلەشكەن ئىشتىنى، بېشىغا كىيىۋالغان چەت ئەل شىلەپىسى، كىرلىشىپ كېپەك ئۆرلەپ شىلەپىسىگە پاتماي سالۋىراپ چىقىپ تۇرغان چاچلىرى ئۇنى تولىمۇ كۈلكىلىك تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئۇ مەكتەپ ئىچىگە كىرىپلا كۆزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇپ كەتتى. ئۆزىگە قارىشىپ پىخىلداپ كۈلۈشۈۋاتقان قىزلارنى كۆرگەندە نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، چىرايىنى تۆمۈر رەڭگىگە كىرگۈزۈپ، ئاچچىقلىنىپ قىزلارغا ھومايدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك كۈلكىگە سەۋەب بولاتتى.

ئاقىل مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، بىر قىز بىلەن گۈللۈكتە قىچىقلىشىپ ئولتۇرغان ئېھسان ئۇنى كۆرگەنىدى. لېكىن ئىنىسىنىڭ ھېلىقىدەك تەقى - تۇرقىدىن ئۆلگۈدەك ھالغا كەلگەن ئېھسان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن خىجىل بولۇپ قىزغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن سېلىمنى ئىزدەپ گۈللۈكتىن يۈرۈپ كەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن سېلىم ھەممە نەرسىلەرگە ساراڭلاردەك ھاڭۋېقىپ قاراپ باشقىلارغا كۈلكە تېپىپ بېرىۋاتقان ئاقىلنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

- ئاقىلمۇ سەن؟ - دېدى سېلىم ئۇنىڭ يېنىغا

كېلىپ پىچىرلاپ.

- ھە، - دېدى ئاقىل. تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك ۋارقىراپ.

- ئاكاڭ سېنى ئاۋۇ ئۇدۇلدىكى مەسچىتنىڭ ئالدىدا ساقلاۋاتىدۇ. تېز بار، - دېدى سېلىم ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن يۈز مېتر نېرىدا چوقچىيىپ تۇرغان مەسچىتنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ. ئېھسان ئىنىسىنى مەسچىت ئالدىدا كۆپ ساقلىمىدى. ھايالشىمايلا يېتىپ كەلگەن ئاقىل ئاكىسىنى تونۇماي ئەتراپقا بويۇنداپ قارىغىنىچە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئېھسان ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى. ئاقىل ئاكىسىغا بىر ھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

- بەللى ئېھسان تاز، نېمىگە ئوخشاپ قالدىڭ؟ دادام ئېلىپ بەرگەن چاپان، ئىشتان، تۇماقلىرىڭ قېنى، - دېدى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

ئادەم يوق يەر بولغان بولسا ئىدى، ئېھسان ئۇنى ئىككى تەستەك سالغان بولاتتى. لېكىن بۇ يەردە سۈكۈت قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

- تولا گەپ قىلما سارالڭ، ماڭە بازارغا، - دېدى ئېھسان ئىنىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ، ئېھسان ئاقىلنى ئاۋۋال مۇنچىغا ئەكىرىپ يۇيۇندۇردى. ئاندىن ساتىراشخانىغا ئەكىرىپ چاچلىرىنى ياستىپ، مايلىتىپ پۇركۈتتى. ساتىراشخانىدىن چىقىپ بىرقۇر ئۇستىباش سېتىۋېلىپ كىيگۈزدى. . .

شۇ كۈنى كەچتە ئېھسان بىلەن سېلىم بىر بولاق خىرۇئىننى ئېلىپ تاقىرباشنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كىلىشكەندە، تاقىرباش كۆزلىرى پىلىلداپ قالغان، ئورۇق تەنلىرى جالاقلاپ تىترەپ تۇرغان ئىككى چېكەرمەن بىلەن ئاق ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. تاقىرباش خۇشال كىرىپ كېلىشكەن ئېھسان بىلەن سېلىمنى كۆرۈپلا، خىزىرغا يولۇققان كىشىدەك ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە چېكەرمەنلەرگە قاراپ:

- قانداق، سۆزۈم توغرىمىكەن؟ - دېگىنىچە ئېھسانىنى مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ، - مال كەلدىمۇ؟ - دەپ سورىدى. چېكەرمەنلەر شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئېھسانغا تەلمۈرۈپ قاراشتى. ئېھسان قوينىدىن بولاقچىنى چىقىرىپ تاقىرباشقا بەردى. تاقىرباش بولاقچىنى تومپۇچكا ئۈستىدىكى تەخسىچىلىك تارازىغا سېلىپ جىڭلىغاندىن كېيىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، بولاقچىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ تۇرۇپ:

- توپتوغرا ئۈچ يۈز ئەللىك گىرامكەن، - دېدى. ئاندىن چېكەرمەنلەرگە قاراپ، - قانچىلىك چېكىشىسەن؟ پۇلۇڭنى چىقىرىش، - دېدى قوپاللىق بىلەن.

- ئىككى يۈز كويلۇقتىن چېكەيلى، بەش يۈز كويلۇقتىن ئالغاچ كېتەيلى، - دېدى چېكەرمەنلەر سۆزىنى تولۇق ئېيتالماي، تاقىرباشقا بىر تۇتامدىن پۇلنى سۇنۇپ.

تاقىرباش پال - پۇل قەغەز ۋە ئىنچىكە ئەينەك نەيچىلەرنى ئەكىلىپ چېكەرمەنلەرگە تۇتقۇزدى، چېكەرمەنلەر خۇنۇك كۆزلىرىنى تاقىرباشنىڭ قولىدىكى بولاقچىغا تىكىشكىنىچە، نەيچىلەرنى قۇرۇق شوراشقا باشلىدى. ئۇلار تېزراق چېكىۋالمىسا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك بىئارام بولۇشۇپ ئېزىلىپ كېتىۋاتقان تەنلىرىنى بىر - بىرىگە يۆلەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى.

تاقىرباش بولاقچىنىڭ بۇرجىكىدىن ئازراق يىرتىپ، بارمىقىنى ھۆللەپ بولاقچىنىڭ ئىچىگە تىقىپ يەنە تارتتى. ئاندىن بارمىقىنىڭ ئۇچىغا سۈۋۈشۈپ قالغان ئاق توزۇندىنى ئاۋايلاپ تىلىغا تەگكۈزدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا غەزەپلىك تۈسكە كىرىپ ئېھسانغا شۇنداق دەھشەت بىلەن ئالايدىكى، سېلىم بىلەن پات - پات كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ كۈلۈپ ئولتۇرغان ئېھساننىڭ يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك چىرايى كۆكىرىپ كەتتى. ئاچچىقىنى باسالمىغان تاقىرباش بولاقچىنى يەرگە ئېتىپ دەسسىدى. ئاندىن ئېھساننىڭ كۆزىنى چەنلەپ، غەزەپ بىلەن مۇشت ئۇردى. ئېھسان قاتتىق چىرقىراپ ئۆزىنى سافا يۆلەنچۈكىگە تاشلىدى. مۇشت ئۇنىڭ ئېغىزىغا تېگىپ ئىككى چىشى سۇنۇپ ئېغىزىدىن قان كەتتى.

- تېزەكچى ئاناڭ خېمىرغا ئارىلاشتۇرىدىغان نەرسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ كىمگىنى ئەخمەق قىلماقچىدىڭ؟ - دېدى تاقىرباش ئېھساننىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

خۇمارى تۇتۇپ ئۆلگۈدەك ھالغا كەلگەن چېكەرمەنلەر تاقىرباشنىڭ بۇ كېپىنى ئاڭلىغان ھامان ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئېھسانغا تاشلاندى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن سېلىم غىپپىدە سىرتقا چىقىۋالدى.

ئۆچەيلىرى قۇرۇپ، باشلىرى ئاغرىپ، زىڭىلداپ كېتىشكەن چېكەرمەنلەر تەلۋە، بىخۇدلاشقان ھالدا ئېھساننىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ، تېپىپ، دەسسىمەكتە ئىدى.

تاقىرباش يۇمشاق سافادا پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ قانغا مىلىنىپ كېتىۋاتقان ئېھسانغا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇراتتى. . .

مەسئۇل تەھرىرى: ئەخمەت ھەمدۇللا

ئوسمان قاۋۇل

# باغرىمنى كۆيدۈرگەن ئارمانلار

(نەسرلەر)

## تاشگۈل

ھېلىلا ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تاشگۈل ئارىسىدا ناخشا ئېيتىپ چۈشەپ قالدىم. بىراق ئۇنىڭ گۈزەل بەرگىلىرى شۇ قەدەر سوغۇق ئىدى. ئەجىبا، ئۇنىڭ بەرگىلىرىدىكى ئىشقى نەپەستەك يالقۇنلارنى مەن ئۇغرىلاپ كەتتىممۇ دىلبىرىم؟

قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى توختاپ قالغاندا، تاشگۈللەرنىڭ قىزىللىقتا چۈمگەن بەرگىلىرىنىڭ سولىشىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭدىكى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان سېھرىي گۈزەللىكنى مەڭگۈلۈككە قوندۇرۇۋالدىڭمۇ جېنىم ئامرىقىم؟

ئىزغىرىن بىر شامال كەلگەندەك بولدى - دە، تاشگۈللەرنىڭ بەس - بەستە ئېچىلىپ كەتكەن بەرگىلىرى ئالدىراپ - سالدىراپلا يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن گويا كۆزنىڭ بىشارىتىنى كۆرگەندەك بولۇپ تەئەججۈپلىنىپ قالدىم، مەن ئىزغىرىن شامالغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ نازۇك بەرگىلىرىنى كۆرۈنمەس لەۋلىرىڭ بىلەن ئاستا سۆيۈۋالدىڭمۇ ئۇماق شەيتىنىم!

گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن جامالىڭنى شۇنداق نامايان قىلىپلا يەنە غايىب بولدۇڭ. بۇ گويا خۇش بۇي گۈل ھىدىنىڭ دىماقلارغا ئۇرۇلۇپلا كېتىپ قالغىنىدەك بىر ئىش بولدى. ئەجىبا، سەنمۇ گۈللەرگە قوشۇلۇپ پۇراق چېچىپ يۈرەكلەرنى ئەسىر قىلىشنى كەسىپ قىلىۋالغانمىدىڭ سېھىرگەر گۈزىلىم!

چۈشلىرىمدە ناز بىلەن قاراشلىرىڭ مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. سەن راستىنلا مېنى ئۆز ئەسىرىڭگە ئايلاندۇرۇۋالغانمىدىڭ گۈھىرىم!؟

## دىۋانە ئاتا

قىزىم، ئۇماققىنە كۈلۈشلىرىڭىزنى تەڭرىم نامىدىن تىلىۋالغۇم كېلىدۇ. ھەر قېتىم چىشسىز ئاغزىڭىزنى ئېچىپ، كۆزدىكى چوغلانغان ياپراقتەك تىلىڭىزنى لىپىلدىتىپ كۈلگىنىڭىزدە شادلىقىم ئالەمنى قۇچۇپ، ئاشۇ يۇمران ۋە نېپىزگىنە لېۋىڭىزگە قونۇۋالغۇم كېلىدۇ.

قىزىم، سىزنىڭ تېپچەكلەپ ئويناشلىرىڭىز، ۋىلىقلاپ تۇرۇپ ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىڭىزنى ھېچكىم بىلمەس تىلىم بىلەن تەرجىمە قىلىپ ئالەمگە جاكارلىغۇم كېلىدۇ. بۇدرۇق بېلەكلىرىڭىزگە مەھكەم يېپىشىپ، سىز بىلەن تەڭ كۆككە قول سوزۇپ، ئاسماندىكى ئاينى يۇلۇۋالغۇم كېلىدۇ. سىزدىكى بارلىق سېھرىي كارامەتلەرنى تەڭرىم نامىدىن تىلەپ ئېلىپ، ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالغۇم كېلىدۇ.

قىزىم، يېنىڭ پۇشۇلداپ ئۇخلاۋېتىپ، ماڭا قاراپ (ئەمەلىيەتتە قارىمايسىز) ۋىلىققىدە كۈلگىنىڭىزدە مەن گويا خىلۋەت ئورماندىكى بۇلاق بويىغا بېرىپ قالغاندەك بولىمەن. نەپسىم تاقىلداپ بۇلاق سۈيىدىن ئىچكۈم كېلىپ كېتىدۇ. بۇنداق بىمەنە خىيالدا بولغىنىمنىڭ ئۆزى كۈلكىڭىزگە قىلغان ھەسىتىم، ھەتتا چۈشلىرىڭىزنىمۇ تىلىۋالماقچى بولغىنىم ئەمەسمۇ؟

ئاھ، دىۋانە ئاتىڭىزنى كەچۈرۈڭ ئۇماق قىزىم!

## ھەيرانلىق

كوكۇلاڭغا ساپسېرىق لېنتا چىگىۋېلىپ، يۇمراق ئاياغلىرىڭنى ئېرىقتىكى شادىمان ناخشا ئېيتىپ ئېقىۋاتقان سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپسەن.

يان تەرەپتىكى ئېتىزدا ئەمدىلا سويما تاشلىغان قوغۇنلار سېنىڭ چېچىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ، بەس - بەستە چېچەكلەپ كەتكەنمىكىن دەيمەن!

يېقىملىق بىر خىل پۇراق چېچىپ قۇياشقا قاراپ ئېچىلىپ كەتكەن سانسىز ئاپتاپپەرەسلەر سېنىڭ لېنتاڭنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، قۇياشنىڭ مەڭزىگە قېنىپ سۆيۈپ قويۇشقا ئالدىراۋاتامدىكىن دەيمەن.

قوغۇنلۇقنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ئاپتاپپەرەسلىكنى ئىرغىتىپ سارغۇچ چېچەكلەرنى توزۇتۇپ پىشقان، يازنىڭ بەرقىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سېنىڭ ئوتلۇق تىنىقىڭمىكىن دەيمەن.

كەچ كىرىپ، ئۇپۇقلاش ئالدىدا، كۆزدىكى سۈزۈك ئېقىندەك چاچلىرىڭنى تاراۋاتقان كۈمۈش تارغىقىڭنى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ ئەلۋەك نۇرىمىكىن دەپ ئويلايمەن. چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى ئىشقىي ئازابتا تولغىنىپ ياتقان كېچىلەردىكى نۇرلانغان كۆزلىرىڭمىكىن دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىمەن.

سەھەردە تاۋلانغان شەپەقنىڭ نۇرلۇق جامالىغا قاراپ، بۇ گۈزەل جۇلانى سېنىڭ ئوتلۇق مەڭزىڭدىن ئالدىمىكىن دەپ تىنماي ھەسەت قىلىمەن!

## تالجىماس روھ ناخشىسى

1

قەدىمىي خارابىلەردە، ھەيۋەتلىك مۇنارلاردا ۋە پۇچۇلغان كېمىرلەردە سېنىڭ تالجىماس روھىڭ كېزىپ يۈرىدۇ. يىراقتىن زەرب بىلەن ئۇرۇلغان مىتىنىڭنىڭ ئاۋازى ساماۋى كۈيلەرسىمان ئۇچۇپ كېلىپ قۇلاقلارنى غىدىقلايدۇ. تۈيغۇلارنى ئويغىتىپ، تەنلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا ئۆتكۈر نۇر تاللىرىدەك چاقنايدۇ. ئەجىبا بۇنداق مۆجىزىنى، بۇنداق ئۆلمەس تىلسىمنى سەن باشقا جايدىن تاپالامسەن؟

پېشانىلەردىن تامغان يالقۇنلۇق تەر تامچىلىرىدا ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ سىماسى گەۋدىلىنىۋاتىدۇ، كۆرۈۋاتامسەن؟ سېنىڭ سۆيگۈڭ شۇ سىما ۋەجىدىن يەنىمۇ نۇرلىنىپ، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلماقتا. بىلۋاتامسەن، ساڭا بۇنداق شەپقەتنى ئاتا قىلغۇچى پەقەت باش ئۈستۈڭدىكى شاپائەتلىك تەڭرى. قارا، ئۇ ھامان ئۇستىكارنىڭ چەبدەس قوللىرىغا، سەنئەتكارلارنىڭ مۆڭلۈق قەسىدە ۋە يېقىملىق مۇزىكىلىرىغا، دېھقاننىڭ يىرىك قوللىرىغا، تەكلەرنىڭ ئاستىدا تىنىمسىز ئىشلەۋاتقان پەرۋىشكارلارغا، ھاياتنى تاۋلاۋاتقان بارلىق جانلىقلارغا ھەمراھ.

ئاھ، سەن قۇياشنىڭ تۇغۇلغان جايى، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئېزىز ماكانى! . . .

2

تەك ئاستىدا ئۆتكەن گۈزەل بىر كېچە ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟

ياندىكى ئېرىقتا دۇغلىنىپ ئاققان ئەركەك سۇنىڭ ياڭراق ناخشىسى قۇلاق تۈۋىڭدە جاراڭلاپ تۇرامدۇ؟

سەن سۆيگەن بەختلىك لەۋلىرىم ھېلىمۇ ھەم ئوتتەك يالقۇنجىماقتا. نەم ھاۋادا ئۇچۇپ كەلگەن سەھەر تورغىيىنىڭ ئاۋازى كۆكلەردە ھېلىمۇ زاھىر بولۇپ، چەكسىزلىك بەرقىدە تىنىمسىز مەۋج ئۇرىدۇ. يىراقتا يايراپ شادىمانلىق ئىلكىگە مەستانە بولغان نامەلۇم تۈيغۇلار بىزنىڭ بەزمىمىزگە جور بولۇشنى ئىزلەيدۇ. . . باش ئۈستىمىزدە ئۈزۈم يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ ناخشا ئېيتىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق ئۆلمەس دەقىقىلەر سېنىڭ قەلب دەپتىرىڭگە پۈتۈلگەنمۇ؟ سەن شۇ ئوتلۇق سۆيۈشلەرنى ئۇنتۇپ كېتەلەمسەن ۋە ئۇنتۇپ كېتىشلەرنى بوينۇڭغا ئېلىشتىن ۋاز كېچەلەمسەن؟ مەن ساڭا شۇنى ئاگاھلاندۇرىمەن:

سۆيگۈلەر، سۆيگۈلەر ياشار يۈرەكلەرگە ئوق يىلتىز سېلىپ!


3

ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئەۋجىگە چىققان قىزغىن بەس - مۇنازىرە ئىچىدە ئۆز ھاياتىمدىن مەنە ئىزدەيمەن. ھەممە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپچۈتۈپ ئۆزى ئۈچۈن ئالدىراپ سۆزلىشىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئۆز ھاياتىمنىڭ ئەڭ پىنھان سىرلىرى ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىپ، ئۇنىڭغا پارلاق مەنە بېغىشلاشقا تىرىشىمەن! . . .

مەسئۇل تەھرىرى: ئەخمەت ھەمدۇللا

دىلمۇرات مەخمۇت

# قاپقان



(ھېكايە)

ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بەلكىم تۈنۈگۈن ياكى ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. تېلېگراممىدا پەقەت ئۇنىڭ قازا قىلغانلىقى توغرۇلۇقلا خەۋەر بېرىلگەن. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى يادىمدىن كەچتى. ئۇ تېخى ياش ئىدى، ئىككىمىز تەڭ دېمەتلىك ئىدۇق. بىزنىڭ كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغانلىقىمىزنى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. ئۇنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرى مېنى چۆچۈتمىدى. ئۇنىڭ ھايات بولۇش ياكى بولماسلىقى مەن ئۈچۈن زادى قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدىم، ئويلاپ بېقىشنىمۇ خالىمايتتىم. ئۇنىڭ پاكارراق كەلگەن بويى، ۋىجىك تۇرقى، يوغان قاپقارا كۆزلىرىلا ئېسىمدە قاپتۇ. بىزنىڭ قانچە يىللار يۈز كۆرۈشمىگەنلىكىمىزنى ئەسلىيەلمىدىم. بىز ئالىي مەكتەپكە بىللە كىرىپ، بىللە ئوقىغانىدۇق. مەكتەپ پۈتتۈرگەندە مەن مۇشۇ شەھەردە ئىشلەپ، ئورۇنلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ ماڭا «مەن ئاتا - ئانامنى يالغۇز تاشلاپ قويالمايمەن» دەپ كۆپ قېتىم ئېغىر تىنغانلىقى يادىمدا.

ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسى ئولتۇرۇۋاتقان قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ كۆزنى چاقاتتى. ئاپتوبۇس بىرخىل سۈرئەتتە ئالغا قاراپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. . .

ئايالىمغا:

- دوستۇم قازا قىپتۇ، - دېسەم ئۇ:

- نەزىرىگە بېرىپ كېلىڭ ئەمىسە، - دەپلا قويدى. ئۇنىڭ قويۇق گىرىم قىلىنغان كۆزلىرىدىن ئېچىنىش شولىلىرىنى ئىزدەشكە ئۇرۇنۇپ باقمىدىم. ئۇ كەچقۇرۇن بىر دوستىنىڭ توي مەسلىھەت چېيىغا باراتتى.

- ئۇ دېگەن بىزنىڭ يۇرتىمىزدا، - دېدىم مەن ئۇنىڭ پەرۋاسىزلىقىنى كۆرۈپ. ئۇ گەپ قىلماي ئىشنى توختىتىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالايتتىم.

- بۈگۈن كەچتىلا ماڭسام قانداق دەيسەن؟ - ئۇ يەنە گەپ قىلمىدى. ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، تاراق - تۇرۇق قىلىپ بىرنەرسىلەرنى ئاقتۇرۇشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراشنىڭ ئارتۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

نېمىلا بولمىسۇن مەن ئۇنىڭ نەزىرىگە بارمىسام ھېچبولمىغاندا قەبرىسىنى يوقلاپ قويمىسام، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ قويمىسام بولمايتتى. مەن تۇغقانلىرىمىز، مەھەللىدىكى دوستلار ئالدىدا ئىزاغا قېلىشتىن قورقاتتىم. ئۇنىڭسىزمۇ يۇرتۇمغا بېرىپ باقمىغىلى تۆت يىل

بولۇپتۇ. ئايالىمنىڭ بىزنىڭ يۇرتقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى كېيىنچە بىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ بىكار كۈنلىرى ئۇ دوستىنىڭكىدىن بۇ دوستىنىڭكىگە، ئۇ رېستوراندىن بۇ رېستورانغا تىنىماي مېڭىش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ دائىملا دوستلىرىنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ - ماختىنىپ يۈرۈشىنى بارا - بارا ياسالمىدەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئۇ بەزىدە مېنى كۈلۈپ تۇرۇپ «يۇرۇڭ» دەپ غىدىقلاپمۇ قويىدۇ. بىراق نېمىشقىدۇر مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن بىر خىل ئۆزۈمدىكىگە ئوخشاش تۇيغۇنى ئىزدەشكە ھەدەپ تىرىشىمەن. بەزىدە ھەتتا ئۆز ئايالىمنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرەلمەيۋاتقانلىقىمدىن نومۇس قىلىمەن.

- ئەمىسە بىر كۆرۈنۈپلا قايتىپ كېلىسىز جۇمۇ، تۈزۈمىمىزنىڭ چىڭلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، - ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئىككى پارچە رەختنى كۆتۈرۈپ چىقىپ سافاغا قويدى، - دادام، ئاپامغا مۇنۇ ئىككى كىيىملىك رەختنى ئالغاچ بېرىڭ، - دېدى ئۇ تام ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەچ، - نەزىرگە ئۇدۇل كەلمىسە كۈن ساقلاپ ھايال بولۇپ قالماڭ جۇمۇ. . . - ئۇ ئىشىكتىن چىققۇچە يەنە بىرمۇنچە گەپلەرنى تاپىلىدى.

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مەندىن «قايسى دوستىڭىز قازا قىپتۇ؟» دەپ سورىمىغانلىقىدىن سەل ھەيران بولدۇم. ئۇلارنىڭ تونۇشلۇقى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن شۇنداق دۇنيانىڭ غېمىدىن يىراق ئايال ياكى مەندىن يىراقلاۋاتقان ئايال ئىكەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتىشكە تىرىشىشنىڭ ماڭا ياخشى كەيپىيات ئاتا قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ، ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭ قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئۇ ھەقىقەتەن 30 ياشقا كىرىپ قېلىپمۇ، 18 ياشلىق قىزلاردەك يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭمۇ مېنى شۇنداق ھېس قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ياش توغرۇلۇق ئويلىنىشقا چولام يوق ئىدى.

ئاپتوبۇس بارا - بارا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. . . پايانسىز سوزۇلغان كەڭ ساي - تۆپىلىكلەر، ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان يانتاق، چاتقاللار غۇۋالىشىپ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى. كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئاستا - ئاستا ئۇپۇققا سىڭىۋاتاتتى. . .

بىز بىر قېتىم سايدا بىر توشقاننى قاپقانغا چۈشۈرۈۋالغانىدۇق. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن بەكرەك يايراپ كەتكەنىدىم. ئۇ بەلكىم 12 - 13 ياشلار ۋاقتىمىزدىكى بىر كەچقۇرۇن بولسا كېرەك. ئىككىمىز دائىم سايدىن يانتاق، ئوتۇن ئەكېلىمىز دەپ ھارۋىنى ھەيدەپ ئەتىگەندە چىقىپ كەتسەك قاش قارايغاندا يېتىپ كېلەتتۇق. ئۇنىڭ بىر ئەپچىل قاپقىنى بار ئىدى. بىز ھەر قېتىم سايغا كىرگەندە مەلۇم بىر جايغا قاپقاننى قۇرۇپ قويۇپ، ھارۋىنى ھەيدەپ ساينىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتەتتۇق. قايتار چاغدا بىر - بىرىمىزدىن ئالدىراش قاپقانغا بىرەر نەرسە چۈشتىمىكىن دەپ يۈگۈرۈپ كۆرگىلى باراتتۇق. بۇ بىزنىڭ يازلىق تەتىلدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك بىر ئىشىمىز ئىدى. بالىلىق ھەقىقەتەن ئۈمىدكە تولغان چاغ ئىكەن. بىزنىڭ ھەر قېتىم كۆرىدىغىنىمىز قۇرۇق قاپقان بولسىمۇ، ھازىرقى ئەركە بالىلارغا ئوخشاش باتناپ قېلىپ ئەتىسى يەنە قايتا ئاۋارە بولۇپ قاپقان قويۇشتىن ۋاز كەچمىگەنلىكىمىزدىن ھەيران ئىدىم. بىراق بىز كېيىن راستىنلا قاپقان قويماس بولدۇق، ئۇنىڭ سەۋەبى باشقا ئىدى.

بىز يىراقتىن قاپقانغا چۈشكەن توشقاننى كۆرۈپ خۇشاللىقىمىزدىن چۇرقىرىشىپ كەتكەنىدۇق. توشقاننىڭ كەينى پۇتى قاپقانغا چۈشكەنىدى. ئۇ بىزنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ قورقۇپ تېخىمۇ تېپىچەكلەپ كەتتى. ئۇنىڭ قاپقانغا چۈشكەن پۇتى قىپقىزىل قانغا بويالغان. قارىماققا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا تۇراتتى. تېرىسىگە ئوخشاش بوز رەڭ كۆزلىرى ئاجايىپ يالتىرايتتى. ئورۇق تېنى دىر - دىر تىترەيتتى. ئۇنىڭ قاپقانغا چۈشكىنىگە بىرەر سائەت بولغانلىقى ياكى بىرقانچە سائەت بولغانلىقىنى بىلمەيتتۇق.

- ئۇ بەك بىچارىكەن، - دېدى ئۇ توشقانغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا، - قويۇۋېتەيلىچۇ! - ئۇنىڭ شۇ چاغدا نېمە سەۋەبتىن شۇنداق دېگەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىگەنىدىم. مەن بولسام ئۇ توشقانغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆلتۈرگەندىن كۆرە، ئۇنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشنى بەكرەك خالايتتىم. ئۇ خۇددى ئالدىنقى قۇربان ھېيتتا دادام سويغان قوزىغىلا ئوخشاش بىر نەرسە ئىدى. قوزىنىمۇ ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمايدۇ. بىز قاپقاننى بوشاتتۇق، ئۇ توشقاننى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى.

- ساراڭ بولما! - دېدىم مەن ئۇنىڭ توشقاننىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، - ئۇنى

قويۇۋەتسەڭ ئاۋارە بولۇپ قاپقان قويغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟! ئۇنىڭ پۇتى كاردىن چىقىپتۇ. قويۇۋەتسەڭمۇ بەربىر ئۆلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆيگە ئەكىتىپ يېۋەتكەن ياخشى...

ئۇ مېنىڭ گەپلىرىمنى ئۈن - تىنسىز ئاڭلاپ تۇردى، مېڭىشقا تەييارلاندۇق. كەچكى شەپەق ئۆچۈش ئالدىدا تۇراتتى. مەن يول بويى توختىماي سۆزلەپ ماڭدىم. بىراق ئۇ سورىغان سوئاللىرىمغا ھە ياكى ياق دەپ قويۇپلا جىم بولاتتى. نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلمىدى. ئۇنىڭ بەكلا نازۇك كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم سەزگەنىدىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىز يەنە سايغا چىقتۇق. بىراق ئۇنىڭ قولىدا ھېلىقى قاپقان يوق تۇراتتى.

- قاپقان بۇزۇلۇپ كەتتى، - دېدى ئۇ مېنىڭ سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭ قولىغا قارىغانلىقىمنى كۆرۈپ.

ئۇ مېنىڭ ئالدىنقى قېتىمقى «ئوۋ» دىن كېيىن قاپقىنىنى يەنە ئىشلەتمەي قويمايدىغانلىقىمنى بىلىپ قەستەن يالغان ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

- يالغان ئېيتما، ساپساق تۇراتتىغۇ، - ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ ئېشەكنى يۈگەنلىمەي تۇرۇۋالدىم.

- راست دېگەندىكىن راست، - ئۇ ماڭا پىسەنت قىلماي ھارۋىنى ئۆزى قوشتى. دېگەندەك ئۇنىڭ قاپقىنىنى شۇ پېتى قايتا كۆرمىدىم. ئۇمۇ ماڭا قايتا توشقان تۇتۇش توغرىسىدا گەپ قىلىپ باقمىدى...

ئاپتوبۇس قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىرخىل سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى. دېرىزىدىن تىنىق ئاسماننىڭ بىر پارچىسى، يېرىم ئاي ۋە ئانچە - مۇنچە يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ ئېھتىمال ھازىر قاراڭغۇ يەر ئاستىدا ياتىدىغاندۇ. ئۇ چىرىيدۇ، ئاخىرى تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. قۇلىقىمغا «سەنمۇ شۇنداق بولىسەن!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئىختىيارسىز يۈرىكىم شۇررىدە بولۇپ ئورنۇمدىن سەل قىمىرلاپ قويدۇم. ئۇنى ئەسلەپ باقمىغىلى ئۇزۇن يىللار بوپتۇ. بىراق ھازىر ئۇ توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىم بارا - بارا سىرتتىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش روشەنلەشمەكتە. ئەتىگەندە ئويغانغاندا، بۇ ئەسلىمىلەرنىڭ يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئۆچۈپ كېتىدىغان ياكى كەتمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، پەقەت ھازىر كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن.

ئۇ دەل مۇشۇنداق يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان بىر ئەتىياز كېچىسى ئىدى. سەلىمە - ئۇ چىرايلىق، چىقىشقاق، تۈز كۆڭۈل بىر قىز ئىدى. ئۇنى بىز ئىككىمىزلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدۇق، مەن ئامال بار سەلىمەنى ئۆزۈمگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن باش قاتۇراتتىم. ئۇ سەلىمەگە ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى.

سەلىمە بىزنى ئوبدان چۈشىنەتتى. بىراق ئۇ ھەر ئىككىمىزگە ئېنىق جاۋاب بەرمىدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن مەن بىزنىڭ بۇ خىل ئۈچ بۇرجەك مۇناسىۋىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغانىدىم.

- سىز ئۇنى زادى ياخشى كۆرەمسىز؟ - مېنىڭ بۇ قوپال سوئالىمغا ئۇ ئۈندىمەي تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ بېشىنى بىرلا چايقىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، - ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى.

- ئۇ دېگەن بىر كېسەل كۆرپىسى، سىز ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭ سەلىمە، - مەن شۇ چاغدا راستىنلا شۇنداق دېگەنىدىم. ئۇ كۆزلىرىمگە چوڭقۇر تىكىلىپ تۇرۇپ يەنە باشقا ياققا قارىۋالدى.

- سىزنى مېنى ئەزەلدىن ياخشى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن، - دېدىم مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ. ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇ ئاخىرى مېنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى ئۇچراشقاندا، ئۇ قولۇمغا بىر پارچە قاتلاقلىق قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ جىممىدە قايرىلىپ كېتىپ قالدى. قەغەزنى ئېچىپ قارىسام «دوستلۇقىڭلارنى مەڭگۈ ساقلاڭلار، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن - سەلىمە» دەپلا يېزىلغانىدى. قەلبىمنى ئىختىيارسىز بىر خىل خورلۇق چۇلغىۋالدى.

- ئۇ سىزگە نېمىلەرنى دېدى؟ - ئۇنىڭ كەينىدىن تېز بېرىپ سورىدىم.

- باشقىلارنى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ئويلىماڭ، - دېدى ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراپ. ئورنۇمدا جىمجىت تۇرۇپ قالدىم. سەلىمەنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدىم. راست، ئۇ مەندىن كۆپ جەھەتلەردىن ياخشى ئىدى. بىچارە قىز، قانداقمۇ قىلسۇن؟ سەلىمەنىڭ زادى ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىغا دەز كەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ماڭا مۇشۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكى مەن ئۈچۈن غۇۋا ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئېھتىمال بۇ ئىككى خىل تۇيغۇنىڭ ئورتاق ھالدا مەۋجۇت

بولغانلىقىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ يەنىلا بىر ياخشى قىز. ئۇنى كېيىن قايتا ئاۋارە قىلمىدىم.

مېنىڭچە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ تويىغا بارمىدىم. شۇ چاغدىكى سەلىمە، مەن ۋە ئۇنى ئاستا - ئاستا قايتا چۈشىنىۋاتقاندەك قىلاتتىم. ئۇنىڭ كېسىلى ھامان ئۇنى قىينايتتى. ئۇ ھەممىسىنى ماڭا ئۆتۈنۈشىنى خالايتتى، بىراق ئۇ ئۆتۈنۈپ بېرەلمىدى. ئۇ ئۆتۈنۈپ بېرەلىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمىگىنىمدىن نومۇس ھېس قىلىپ بولسىمۇ قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىشىم مۇمكىن ئىدى.

ئۇ يۇرتقا قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي يېزىمىزدىكى بىر قىزغا ئۆيلەندى. ئۇ قىزنى تونۇيتتىم. ئۇ كىچىكىمىزدە دائىم بىللە مۆكۈ - مۆكۈلەك ئوينايدىغان قىزلارنىڭ بىرى ئىدى. ئايالىمنى ئېلىپ ئۇنىڭ تويىغا بارغىنىمدا ئۆزۈمنى تولىمۇ ئۇستۇن تۇتقاندىم. ئايالىم كىرىپ - چىقىپ ھەممىسى بىلەن كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ يۈرسىمۇ مەن يەنىلا ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتالمايۋاتاتتىم. مەشرەپ تازا قىزىدى. كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدا ئۇنىڭغا نىسبەتەن نارازىلىقىم قايتا قوزغىلىۋاتقاندەك ئىدى. بۇ ھېلىقى چاغدا ئۇ قاپقىنىنى يوشۇرۇۋالغان چاغدا قوزغالغان نارازىلىقىمغا ئوخشاپ كېتەمدۇ - يوق، بۇنى بىلمەيتتىم.

تويدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشمىدىم. ئۇ بىر قېتىم خەت يېزىپ ئايالى بىلەن بىللە بىزنى يوقلاپ كەلمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق مەن جاۋاب خېتىمدە ئۇچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى زادى نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك قىلاتتىم. بىزنىڭ ئارىمىزدا شۇ چاغلاردىلا بىر شەكىلسىز تام پەيدا بولغانىدى. مېنىڭ ئۈچۈن بۇ تامنى ئۆرۈۋېتىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى ياكى مەن بۇ تامنى ئۆرۈۋېتىشكە قادىر ئەمەس ئىدىم.

ئاپتوبۇس تۈن قوينىدا بىرخىل سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. . . يىراق تۆپىلىكلەردە غۇۋا ئاي نۇرى ئاستىدا تېخى ئېرىپ بولالمىغان قالدۇق قارلار ئاندا - مۇندا كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ ئالدىمدا كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كېيىن ئىچىدىن ياكى بىر توپ قار ئاستىدىن چىققانلىقىنى ئايرىۋالالماي قالدىم. ئۇ بىر قارىماققا ھېلىقى كۆڭلى يۇمشاق بالىغا، بىر قارىماققا كېسەلمەن ستودېنتقا، بىر قارىماققا مۇردىغا ئوخشايتتى. . . «ياۋا توشقان

گۆشى كېسەلىمگە بەكمۇ پايدىلىق دەپ ئاڭلىدىم، بىز يەنە داۋاملىق قاپقان قۇرۇپ توشقان تۇتايلى. . . » دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، «ياق! » دېدىم مەن قاپقاننى كەينىمگە يوشۇرۇپ «ئۇ بەك بىچارە، ئۇنى يېسەڭ يۈرىكىڭ ئاغرىمامدۇ؟ ! » ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى. «سەن مېنى بىچارە دەپ ئويلىمامسەن؟ سەن مېنى ئاشۇ ياۋا توشقانلاردىنمۇ ئەتىۋارسىز كۆرەمسەن دوستۇم؟ » مەن ئۇنىڭغا قانداق تەسەللىي بېرىشنى بىلەلمىدىم. . . «سەلىمەنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بېرەي ئاغىنە» ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنىلا ياش تامچىلىرى تىترەپ تۇراتتى، «ئۇ ماقۇل بولدى؛ ئىشەنسەڭ مەن سېنىڭ چىن دوستۇڭ. . . » بېشىمنى قايتا - قايتا چايقىدىم. «بۇ مۇمكىن ئەمەس، مېنىڭ ئايالىم، بالام بار بولدى، ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەر بەختلىك بولالايسىلەر» ئۇ ماڭا يەنە يېلىنغان ھالدا ئىلتىجا قىلدى. «بىراق مەن بىر كېسەل كۆرپىسى، كۆرىدىغان كۈنۈم كۆپ قالمىدى، ئۇنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئايالى بولۇپ كېتىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن. پەقەت سەندىن باشقا جېنىم دوستۇم. . . » مەن ئەمدى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى سەزدىمۇ قانداق يەردىكى بىرپارچە قارغا ھەم كېپەنگە ئوخشايدىغان ئاپئاق نەرسىنى كۆرسىتىپ: «بۇنى ماڭا ئۆز قولۇڭ بىلەن كەيگۈزۈپ قويغىن دوستۇم، مەن كېتىدىغان بولۇپ قالدىم» دېدى. «خەير، بەختلىك دوستۇم» ئۇ خوشلىشىش ئۈچۈن قولىنى ماڭا سۇندى، ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىنى تۇتتۇم. . .

ئاپتوبۇس بىرخىل سۈرئەتتە كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قولى مۇزدەك ھەم قاتتىق ئىدى. ئۇنىڭدىن ماڭا باشتىن - ئاياغ بىرخىل سوغۇق ئېقىم ئۆتۈپ كەتتى، تونۇپ كەتتىم. ئېھتىمال مەن ئەڭ جان - جىگەر بىر دوستۇمدىن ئايرىلىپ قالغاندىمەن. ئېھتىمال چىن دوستلۇق دېگەن ئاشۇ بالىلىق چاغلاردىكى كەڭ دالا قوينىدا ئەركىن يايراپ يۈرىدىغان ياۋا توشقانغا ئوخشاش بىرنەرسىدۇ، بەلكىم ئۇ پاك تەبىئەتنىڭ قوينىدىلا ھايات بولۇپ تۇرالايدىغاندۇ. . .

يۇرتۇم ئۇ توغرۇلۇق يەنە ئۇنتۇلغان ئەسلىمىلەرنى ئېسىمگە سېلىشى مۇمكىن. بۇلارغا پەرۋا قىلىپمۇ ئولتۇرمايمەن. بۇ بىرخىل تۇرمۇش رېتىمىنى، خاتىرجەملىكىمنى بۇزىدىغان بىر ئىش. ئۇ قەبرىسىدە چوقۇم مېنى كۈتۈپ ياتىدۇ. ئاتا - ئانام، يۇرتداشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئۇنى يوقلاپ بېرىشقا ئالدىرايمەن. بۈگۈن نەزىرگە ئۇدۇل كەلمىسە كۈتۈپمۇ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى بۈگۈن كېچە يەنە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىشىم كېرەك.

مەسئۇل تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت

# شېئىرلار

يۈسۈپ كېرىم

## ئىككى غەزەل

1

ئالدۇ ئاشىق جېنىنى كىرپىكىڭ خەنجەر گويا،
چاچلىرىڭدۇر قاراقچىنىڭ يۈرىكىدەك قاپقارا.
قاشلىرىڭ ئوقيا، نىشانلانغان كىيىك بىچارىگە،
كۆزلىرىڭنىڭ بېقىشىدا بار تۈمەن بالا - قازا.
باركى چېھرىڭدە سېھىرلىك ھۆر - پەرىنىڭ جىلۋىسى،
ھەممە يولۋاس خىرىسى كۈلكەڭ - تەبەسسۇمىڭ ئارا.
سەن ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكنىڭ تەپتىدە قاينار دېڭىز،
ئىشقى ئوتۇڭ كى دوزاخنىڭ ئوتىدىن ئارتۇق جازا.

2

پەرۋانە بولدۇمكى خۇددى بىر ئىشقى گۈلخان ئالدىدا،
دېگەن چېغىمدا ئۆزلىرى رۇخسارى بوستان ئالدىدا.
بىر قىزىل ئالما بېرىپ شەيدا كۆڭۈلنى ئالدىلا،
ئاي گۇۋاھ، يۇلتۇز گۇۋاھ، خىلۋەتتە ئاسمان ئالدىدا.
ۋەدىمىزنى لەيلى ھەم مەجنۇنغا تەققاس ئەيلىشىپ،
يېگەن ئىدۇققۇ ئالمىنى بىز باغدا رەيھان ئالدىدا.
نە ئۈچۈن شۇ ۋەدىنى ئۇنتۇپ غازاڭدەك تۆكۈلۈپ،
ئۇچتىلا قامغاق كەبى، بىر غەيرىي بوران ئالدىدا.

هاجى ئەخمەت كۆلتېگىن

## ئىككى شېئىر

## بۆرجىدىن كۆچتى كامالەت يۇلتۇزى

(ئۆتكۈر ئەپەندى خاتىرىسىگە)

ئايلىنىپ تۇنگە پەلەكنىڭ كۈندۇزى،
بۆرجىدىن كۆچتى كامالەت يۇلتۇزى.
تار راباتتىن كەتتى شائىر جىمغىنا،
ئاھ! . . . يۇمۇلدى مەڭگۈگە نۇرلۇق كۆزى.
ئاق لېچەك ئارتىپ شۇئان تۇتتى هازا،
ئۇ شېئىردا كۈيلىگەن قەشقەر قىزى.
كەتتى جىسمى، قالدى روهى ئەل بىلەن،
«ئۆلىمۇ شائىر ئۆزى، ئۆلمەس سۆزى».
ئۇ ئىجاد بوستانىدا سولماس چىنار،
ئورنىغان تۇپراققا چوڭقۇر يىلتىزى.
ئەلگە نەپ بەرمەكنى ئادەت ئەيلىگەن،
خۇلقى مەردلىك - ئەزگۈلۈكنىڭ ئەندىزى.
بىر ئۇلۇغ تارىخ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» -
ئومرىنىڭ يەتمىش قىشى، يەتمىش يېزى.
خۇش ناۋا تارقاتسا «قەشقەر كېچىسى»،
لال ئېتەر دىللارنى ئىشرەت ئەڭگىزى.
ئۇنتۇماس شائىرنى «ئويغانغان زېمىن»،
يۇلغۇن قىزارغان دالىدا ئۆچمەس «ئىز»ى.

## بۇلبۇلغا

(قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىنىڭ ماهىر ئىجراچىسى
سائادەت هادىغا بېغىشلىما)

ئاڭلىدىم ناخشاڭنى تەكرار، دىلخۇمارىم قانغىدەك،
تەپتى ئاتەشتىن تېنىم بولدى لاۋۇلداپ يانغىدەك.

خەندە ئۇردۇڭ لەۋلىرىڭدىن دەستە - دەستە گۈل تۆكۈپ،
خۇش ئاۋازىڭ ئالدىدا بۇلبۇل ئۈنىمۇ چانغىدەك.

ئاققىنى ئاتەش نەپەستىن بالمۇ يا سۆيگۈ كۈيى،
ئەهلى ئىشقنى دەرد - كۆيۈك سەۋدالىقىغا سالغىدەك.

بولدىمۇ ناخشاڭغا جور مارجانبۇلاق، زەر قوڭغۇراق،
يا پەرىلەر كۈلكىسىمۇ سېھرىدە جان ئالغىدەك.

ئەۋجىگە چىقسۇن كۈيۈڭ، ئۇنلە قۇمۇلنىڭ بۇلبۇلى،
ئەهلى ئالەمنىڭ مۇقامىغا ئەقلى هەيران قالغىدەك.

مۇھەممەت ئەخمەت

# رۇبائىيلار

ۋەتەن پەرۋىشىدە بولدۇم نەۋقىران،
جىسمىمنى يۇلالماس كەلسە جۇد - بوران.
رازىمەن ۋەتەنگە سىڭسە قانلىرىم،
بولسىمۇ ئاناردەك رەڭگىم، زەپىران.

* *

مۇزدا تېيىلىپ، قۇمدا چۆكسەن،
ئۇنداقتا مەنزىلگە قانداق يېتىسەن.
چېكىمۇ - يىگىمۇ باردۇر ھەر ئىشنىڭ،
سۇركىلىش ئەللىدە بولغىنى بەلەن.

* *

ھەقىقەت نۇرلۇقتۇر، ھەقىقەت ئۇلۇغ،
ئۇنىڭغا بىر بوينۇم مىڭ بىر سۇنۇقلۇق.
بەندىگە تىزلىنىپ بۆكەي نە ئۈچۈن،
ئۇمۇ ھەم مېنىڭدەك بەندە تۇرۇقلۇق.

* *

چىقىشماس ھەرقاچان سەتلىك ئۆز بىلەن،
سەت باقار گۈزەلگە چەشلىك كۆز بىلەن.
باھارغا بولمىسا جۇدۇن ئۆچلۈكى،
ساۋامتى چېچەكنى قاتقان مۇز بىلەن.

* *

شەپەرەڭ تۈن چىللاپ، كۈننى قارغايدۇ،
خوراز يۇرت - جاھانغا تاڭنى چىللايدۇ.
يامانلار ئىشىڭغا زەھەر پۈركسە،
ياخشىلار ئىشىڭغا زەپەر تىلەيدۇ.

* *

كۆز كېلىپ ياپراقلار قالدى دەرەخسىز،
ئۇچۇشتى ھەر سايان بولدى كېرەكسىز.
يازدا ئۇ ئىدىغۇ ئاجايىپ كۆرەڭ،
ئەجىبا، بوپقاپتۇ ئەمدى كۆرەڭسىز.

* *

ياخشىغا يېقىنلاش، پاكلىنىدۇ دىل،
لاتاپەت يۈز ئېچىپ تۈزۈلىدۇ تىل.
ياماندىن يىراق قاچ، نىجاستىنى -
چاپىنىغان غىڭشىيدۇ، غىڭشار قىرىق يىل.

* *

چىراغلار ئۆيۈمدە يانار رەڭگى زەر،
قولۇڭغا تۇتقۇزاي، بالام قولنى بەر.
بۇ ئەجداد چىرىغى ياندۇرساڭ ئەبەد،
شۇندىلا بولىسەن، ئاندىن ئېسىل ئەر.

* *

بەزىلەر قان - تەرسىز كۆزلەيدۇ زەپەر،
تەڭگىسىز قۇرماقنى كاتتا بىر شەھەر.
مىسالى قۇشقاچنى قانداق تۇتقۇلۇق،
قىلتاقتا چىمدىم دان سالمىساڭ ئەگەر.

* *

بەزىلەر ئۆزگىمۇ قاۋاپ توختىماس،
ئەگەر قاۋىمىسا كۆڭلى تىنجىماس.
ھويلىدا باقىقان شۇ ئىتلارغا قارا،
ياتقا قاۋىسىمۇ، ئۆزگە قاۋىماس.

* *

ھەر كىمنى ھەر كويغا سالىدۇ مەستلىك،
مەستلىك ئېتىزىدىن ئۈنىدۇ پەسلىك.
مەستىنىڭ بەدخۇيىدىن ئالساڭ كۆپ ساۋاق،
ئىبرەتمۇ ئۆرنەككە ئوخشاشلا دەرسلىك.

* *

«مەي - شاراب قىلىدۇ جىگەرنى زەئىپ،
لېۋىڭگە يولاتما مەي» دېدى تېۋىپ.
ۋەلېكىن ھەيرانمەن كەچكى بەزمىدە،
بوپقاپتۇ شۇ تېۋىپ ئەۋەلەن كەيپ.

ئوسمانجان زاھىر

# شېئىرلار

## غېرىبلىق ئوتىدا كۆيمەن ئۆزۈم

بۇ ئۈزۈن كېچىنى تاماملاش ئۈچۈن،
بىر مىسرا شېئىردەك سارغايدى تېنىم.
ئۆچمىگەن ئوتۇڭ بار تەنھالىقىمدا،
ئاقماقتا قان كەبى ئالدىڭغا ئۈنۈم.

ئۆلۈم ۋە پەيلاسوپ ھەققىدە بىر رەت،
بىر قەدەھ كۆتۈرۈش بولماقتا زۆرۈر.
گۈگۈمنىڭ نومۇسچان تۇيغۇسى ئارا،
كۆيمەكتە چۇۋۇلغان سۈكۈنات گۇر - گۇر.

يارىدار قەلبىمگە قادالماقتا، ئېھ،
لېۋىڭدە كۆكلىگەن بىغۇبار تىلەك.
يۈرىكىم سەھەردەك تۈرسىمۇ يىغلاپ،
قەبرەڭگە باھارنى قىلىمەن بېزەك.

ھەسرەتلىك شېئىردەك يېپىلغان جىملىق،
يالتىرار يېشىمدەك كۆزنەكلىرىمدە.
كېلىسەن پايانسىز ئازابنى سۆرەپ،
كۆكۈش قار ياغماقتا ئېتەكلىرىمگە.

ئۇچماقتا قەلبىمدىن قەلبىڭگە قاراپ،
ئۇنتۇلغان كەچمىشنىڭ گۈلگۈن پەيلىرى.
بۇ گۈزەل كېچىنى تاماملاي قانداق،
ياغماقتا ئاۋغۇستنىڭ قارا يامغۇرى.

## سۈكۈتتىكى پەرۋاز

قەلبىمدىكى تىمتاس سەھەرنىڭ،
ئەتىرگۈلدەك ئېچىلسا چۈشى.
سۇنۇپ بەرگىن ماڭا قەدىردان،
ئاشۇ جىمجىت كۆڭۈل سىرىڭنى.

تەقدىرىمدەك غۇۋا كېچىنىڭ،
ئاستا - ئاستا مۇزلايدۇ قولى.
تىترەپ تۇرغان بىر دەستە ئازاب،
دېرىزەمدە قېنىسەن قېنى! ؟

شېئىرسىراپ كەتكەن ۋەتەنگە،
ئۆلۈم كەبى يېپىلسا تېنىم.
سەن پۈچۈلغان قولۋېقىڭ بىلەن،
ئۆتۈپ باققىن يېنىمدىن جېنىم.

سېنىڭ خىلۋەت گۈلزارلىقىڭدا،
توزۇپ كەتتى نامازشام گۈلى.
مۇھەببەتنىڭ يادنامىسىدە،
مەن بەختىنىڭ چىرايلىق قولى.

شەبنەم كۆيۈپ تۇرار يېلىنجاپ،
كۆكاتلارنىڭ لېۋەن بەرگىدە.
ئەڭ ئاداققى ئاۋازىم بىلەن،
ئۈچۈپ كەتتىم پەيدەك جىممىدە.

## خەيرلىشىش

بىر ناخشا بار قەلبىم ئارا چەكسىز سوزۇلغان،
ئۇزاپ كەتكەن تىۋىشلىرىڭ قىلماقتا جەۋلان.
تولدۇرۇپ قوي پىيالەڭنى شارابقا پەۋەس،
تىنىق كۆزۈڭ چوڭقۇرىدا كۆكلەيدۇ ھىجران.

تېۋىنماقتا بىر قىز بۇندا غېرىب قەلبىگە،
تۇمان ئارا يېپىلماقتا جىملىق پەردىسى.
شېئىر ھامان يىغلاپ تۇرار پەسىللىرىمدە،
چۈشلىرىمگە چېكىلگىنى ئازاب لېنتىسى.
ناپاك گۈلنى ئۈزاتمىغىن گۈلچى بۇرادەر،
بۇ تېنىمنى پاكلاش ئۈچۈن ئىچمەن زەھەر.

ئۆز - ئۆزىنى ئۇزاتماقتا پويىزمۇ ئەنە،
پورەكلەيدۇ ئاۋازىمدا سانسىز يۇلتۇزلار.
نامرات چۇشلەر بوسۇغامدا تۇنەيدۇ سەھەر،
تىلغا ئالسام ئۇزاۋاتقان ئىسمىڭنى ئەگەر.

مۇزىكمغا ئايلانماقتا كەچ كۆز ھەسرىتى،
نېچۇن روھىم كۈلكەم ئىچرە تۇرىدۇ يىغلاپ.
تانىسخانا. . . كۆكۈش نۇرلار ئاقار قەلبىمگە،
يالىڭاچلاپ قويىدى مانا مېنى ھەممىسى.

بۇ بىباھا ئازابىمغا يوقتۇر خېرىدار،
يېزىلماقتا ئىشىكىمگە سۆيگۇ دېگەن خەت.
كېزەر مۇدھىش ياتىقىمدا غەمنىڭ بارچىسى،
پارچىلانغان ئۇمىدىڭنى ئەمدى ئېلىپ كەت.

سېنىڭ بىلەن ئۇزاپ كەتكەن سۇكۇتلىرىممۇ،
ئەڭ قەدىمكى تۇيغۇ مېنى قىلار بەختلىك.
سوغۇق قەلبىڭ زۇلمەت ئىچرە تۇرىدۇ پارلاپ،
كەلسەڭ ئەگەر ھوجرامغا ئىشىك ئېتىكلىك.

ئىھ، توپىلىق يوللىرىمدا ئۇنەر كېلەچەك،
نېچۇن يەنە پورەكلەيدۇ قەبرەمدە گۇللەر.
تەنھا قۇشقاچ ئۇچۇپ ئۆتتى سەھەر ئۇستۇمدىن،
بۇندا بىر چال ئۇ دۇنيالىق بەختىنى تىلەر.

يىراقلايمەن يىراقتىكى غېرىب كۆلىمدىن،
يازالمىدىم بىر مىسرامۇ يار ساڭا ئاتاپ.
بۇ شەھەردە ياشاش ئۇچۇن كۇپايە پەقەت،
مۇھەببەتسىز يۈرەك ھەمدە ئادەملىك نىقاب.

كېسەلخانا. . . تۇن تەشۋىشى قويغان ھەممىنى،
ئۆلۈم خېتى قولىدىكى ئەرگە ئوخشىتىپ.
شاراب سىڭگەن تەنلىرىمنى سۇمۇرەر ئازاب،
كەل دىلبىرىم كېچە سېنى قويسۇن لەيلىتىپ.

ئىھ، يېڭى يىل ئېلىپ كەلدى يېڭى بىر ئازاب،
ستودېنتلىق كرىستالدەك تۇرىدۇ چاقناپ.
بىغۇبار سەن بالا چېغىم كۆرگەن چۇشۇمدەك،
تاپالمىدىم تەبىرىڭگە ھەقىقىي جاۋاب.

نۇر ئىچىدە دولقۇنلايدۇ جەزبىدار تېنىڭ،
شەھەر يەنە بۇقۇلدايدۇ غېرىب باچكىدەك.

ستودېنت قىز. . . غايىلەرنىڭ خارابىلىقى،
ئاقار تىنماي ۋۇجۇدۇمغا ئاقار يۇلتۇزدەك.

باشلاپ كەلدىم قوللىرىمدا چېقىلغان قەدەھ،
سېنىڭ سۇنغان كۆڭلۇڭگە بىر لەزىز ئەندىكىش.
قىش كېچىسى مومام ئېيتقان چۆچەكتەك ئۇزۇن،
بىراق ئۇندا چۇشلىرىم بار تاتلىق ۋە چىكىش.

نويابىرنىڭ ۋەھىمىلىك سوغۇق بىر تۇنى،
خىرەلەشكەن كۆزنىكىمگە كەلدى يېقىنلاپ.
ئېلىپ كەتتى تاكسى بارچە ئەلەملىرىمنى،
خىياللىرىم مانان ئوخشاش كەتمەكتە تاراپ.

خازان ئوخشاش تۆكۈلمەكتە گىتارنىڭ ئۇنى،
يادلاپ ئۆتتۇم ئىشىكىڭدىن شېئىرلىرىمنى.
سەن بۇ تىنىق چوڭقۇرۇمدا يالغۇز ئارالسەن،
ئۇچۇپ باراي سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۇنى.

## تەنھالىق ۋە پۈتمىگەن شېئىر

ساكىس ئۇنى كېزىپ يۇرەر بويتاق ياتاقتا،
دىلبەر يەنە تاتلىق كۈلۈپ يۇرەمسەن بىغەم.
ياش يامرىغان سالام خەتنى يازىمەن ئۇزۇن،
يۇمران ئۇمىد، پاك ھاياجان ئاڭا مۇجەسسەم.

قاپقاراڭغۇ كېچە ئوخشاش قاراڭغۇ بۇ دىل،
يەكشەنبىنى تاقەت بىلەن ئۇزاتتىم مەيۇس.
غۇۋا كۆزنەك. . . سىم - سىم يامغۇر ياغقان سېنتەبىر،
كۆز شەبنىمى ئاققان يولدا يالتىرايدۇ سۇس.

ئەجەب بىر ھال، سەھەر ئوخشاش قانلىق دىلىمدىن،
جىمجىت ۋە پاك قەغىزىمگە تامچىيدۇ شېئىر.
تۇنۇگۇنلا بېسىپ ئۆتكەن قەدىم چىغىر يول،
ئىتائەتچان يۇرىكىمگە بىرەرمۇ تەبىر.

كونا يىلنى ئۇزاتقاندەك ئۇزاتتىڭ يەنە،
قەلبىم ئارا ساقلاپ كەلگەن ساداقىتىمنى.
بۇ شەھەردە پۇل ئاستىدا كۆيگەن ئېتىقاد،
چۇشكە ئوخشاش ئۇنتۇماقتا سېنى ھەم مېنى.

ئابلىز مۇھەممەتئىمىن

# ئۆزگىرىش

(ئوكتاۋاپازغا تەقلىد)

سەن بەخت شاۋقۇنى يامرىغان كېچە،
مەن سۇبھى پەيتىدە ئويغانغان شامال.
سەن ھايات بۆشۈكى، ئوخشايسەن گۈلگە،
مەن ئۈمىد دىلبىرى - چوقچايغان ئارال.

سەن دېڭىز دولقۇنى ياڭراتقان سادا،
مەن قۇياش تەپتىدىن ئېچىلغان بىر گۈل.
سەن ئىقبال تېڭىدا نۇرلۇق ئابىدە،
مەن ئۈپۈق باغرىدىن سوزۇلغان بىر يول.

سەن سۈكۈت ئاستىدىن ئىڭرىغان ئورمان،
مەن كارۋان ئىزىدىن تۇغۇلغان ناخشا.
سەن بىر قىز، پەرىگە ئايلانغان جانان،
مەن ھېسسىيات قايىنىمى ياسىغان دۇنيا.

سەن قەلبىم كۆيىدىن چاچرىغان مىسرا،
مەن كەچمىش شەجەرى قۇت تاپقان خىيال،
سەن سۆيگۈ ئالىمى چاچقان نۇر - زىيا،
مەن ھەسرەت چۈشىدىن ئېزىققان بىر چال.

ئەخمەت ئىمىنهاجى جۇبەيرى

# پارچىلار

تويغاندا بىر قېتىم دېدۇق بىز «شۈكرى»،
ناشۈكرى كىشىنى دېدۇق «سەن كۇفرى».
ناشۈكرى ئاتالغان چىقتى ئاي - مارسقا،
پۈتمىز چۈشىدى بۇ قۇللۇق پىكرى.

* *

كونىلار ئېيتقان: «بۇ ئالەم پانىيدۇر»،
كەلگىنىڭ كېتەرسەن، «مېھمانخانا» دۇر.
شۇ پانىي ئالەمدە ئالتۇن تەر تۆكۈپ،
باغ - بوستان ياراتقان كىشى دانادۇر.

* *

ئۇزۇنكەن ھاياتنىڭ مەنزىلى، ئەمما -
ئۆتەركەن بىلىنمەي ئۇ بىردەمدىلا.

گاھىلار قاقشاركەن ئۆتكۈزەلمەي كۈن،
گاھىلار ئۆكۈنەر يەتكۈزەلمەيلا.

* *

يۈرىدۇ گاھىلار «توشقاننى قوشلاپ»،
گاھىدا ئۆزگىنى تىللاپ ۋە مۇشتلاپ.
ئۆگەنمەي، ماختىنىپ بوۋىلىرىدىن،
قالماقتا قۇپقۇرۇق ھەممىدىن قوشلاپ.

* *

بەڭگىلەر بولۇركەن سوپى بىركۈنى،
بۇزۇقلار بولۇركەن قېرىسا بۇۋى.
ھەق توۋا! ئەجەبكى، بازار بۇزغانلار،
كىشىگە ئۆزىچە ئۆگۈت قىلغىنى.

* *

«سېنىڭ» دەپ يازاتتىڭ خەتلىرىڭدە سەن،
«مېنىڭ» دەپ يازاتتىم شۇنداق ئوقى دەپ.
ئەمدىچۇ ھەممىنى «مېنىڭ»لا دېسەن،
ئۇنتۇلۇپ كەتتىمۇ «سېنىڭ» دېگەن گەپ.

* *

بەزىلەر قىممەتنى «زەر» دە ئۆلچەيدۇ،
ھەتتاكى دوستلۇقنى «بەر» دە ئۆلچەيدۇ.
پەقەتلا ئەل ئادىل سوتچى ھەر دائىم،
قىلغان ھەر ئىشىڭنى «تەر» دە ئۆلچەيدۇ.

ئابلىز ئۆمەر ھاجى

# ئىككى شېئىر

## ئېھ، بالىلىق غۇۋا چۈش كەبى...

ئېھ، بالىلىق بىغۇبار دۇنيا،
قالدى سەندە پاكلىق خىسلىتىم.
سۆيۈلمىگەن ھۆر قىزسەن گويا،
مەھرۇم قىلدى سەندىن قىسمىتىم.

ئارزۇلايتتۇق بالىلىق پەسلى،
بۇرۇت قويغان يىگىت بولۇشنى.
قىزلار ئاپا - ئاچىلىرىدىن،
ئۆگىنەتتى ئۇسما قويۇشنى.

ئۆگىنەتتى ياسىنىشلارنى،
سۆزلەش، كۈلۈش، مېڭىشنى ھەتتا.
ئۆگىنەتتى تارىنىشلارنى،
ھەم تاراسلاپ مېڭىشنى كاتتا.

ياسىنىشنى ئۆگەنمەك ئاسان،
ياسىلىشقا چىدىماق قىيىن.
ئادەملىكنى ئۆگىنىمىز دەپ،
بەد خۇيلۇققا كۆنىمىز كېيىن.

بالىلىقنى سېغىنغان كۆڭۈل،
جەننەتكىلا يېتەكلەر ئۇدۇل.
ئۇ جايدا بار چاڭ قونمىغان گۈل،
ئۇ ئەركىدە ئوينايدۇ ئۇسسۇل.

ئۇزاپ كەتتى بالىلىق دۇنيا،
ئاخشام كۆرگەن تاتلىق چۈش كەبى.
ئۇچتى گويا يۈرەكنى چىشلەپ،
نامەلۇم بىر جايغا قۇش كەبى.

بالىلارنى كۆرسەم يۈرىكىم،
بالىلىققا ئۈندەر ئالدىراپ.
سەبىيلىشىپ شۇئان تىلىكىم،
بالىغىلا قالىمەن ئوخشاپ.

يۈرەكتىكى تۇمانلىق ئۇۋا،
ياتار تالاي چۈشنى بوسۇرۇپ.
ئۇ شۇقەدەر سۆيۈملۈك، غۇۋا،
يۈرەلمەيمىز ئەمما يوشۇرۇپ.

بالىلىق بەك قىزىق بىر دۇنيا،
ئويلىغانچە كېلىدۇ كۈلگۈڭ.
گاھى بولۇپ بالىدەك گويا،
كېلىپ كېتەر پەيزىنى سۈرگۈڭ.

قارا جۇجەم پىشقاندا يېڭى،
يەيتتۇق ساناپ ئېغىزنى بوياپ.
كۆز - كۆز قىلىپ بۇ ھالنى تېخى،
يۈيالمايتتۇق يۈزنىمۇ ئاياپ.

«ئوت ئالغىلى» ئېتىزغا چىقىپ،
ئوغرىلايتتۇق كۆممىقوناقنى.
ئاخشاملىرى باراۋەت قىلىپ،
تويغۇزاتتۇق تازا قورساقنى.

گاھى ئوشۇق، گاھىدا گاگار،
بىردەم چانا، بىرپەس تېپىشمەك.
گاھى سابور، گاھى ئۆي - ئۆيلەك،
گاھى نورا، گاھى مۆكۈشمەك.

ئوينار ئىدۇق شۇنچە ئالدىراش،
ئويۇن تۈگەپ قالىدىغاندەك.
گاھ بولاتتۇق يەر شارىنىمۇ،
دومباق قىلىپ چالىدىغاندەك.

دەيتتى چوڭلار: ئويۇن - تاماشا،
تولا ئىدى بىزدە ئەسلىدە.
قېنى ئاشۇ نى - نى ئويۇنلار،
سىلەر تېخى گۆدەك يەسلىدە.

قېنى ئەمدى بىزنىڭ ئويۇنلار،
ھازىرقىلار بىلەر قانچىلىك؟
قېرىلارنىڭ بولسا بىر خامان،
بولۇپ قاپتۇ ھازىر دانچىلىك.

## ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
ئۇچۇپ چۈشەر دەپ غايىبتىن بىر قىز،
ئايلىنار دەپ شېئىرغا دۇنيا.

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
چۈشۈپ قالار بەلكىم تەڭرىمۇ.
بىر سالا نۇردەك
ياكى
بىر تېمىم يامغۇردەك.

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
پەرىشتىگە ئايلىنىپ بىر قىز،
شېئىر بولۇپ كىرىپ قالسا دەپ،
مېنى قايتا تۇغۇپ سالسا دەپ.

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
ئېچىپ قويدۇم قەلبىمنى يەنە،
شېئىر بولۇپ تامچىلىماقتا،
پەرىشتىنىڭ كۆز يېشى ئەنە.

* * * * * * * * * * * * * * *

ئەكبەر نىياز پەتتارى

## بەختنى ھېس قىلىش

كىمدۇر كېچە چۈشۈمگە كىرىپ،
ئاچۇرمىدى كۆزۈمنى سەھەر.
ئەسىر بولدۇم شېرىن ئۇيقۇغا،
قۇياش مېنى سۆيگەنگە قەدەر.

ئېيتتىم غىڭشىپ مەيلىمچە ناخشا،
گۈل ھۆسنىگە بېقىپ دەممۇ دەم.
بۇ بىر كۈننىڭ قايغۇ، شادلىقى،
كىرىپ چىقماي كۆڭلۈمگە بىردەم.

تورت ئالمىدىم كۆتۈپ ئۈچرەت،
ئىزدىمىدى سۆيگۈنۈم - دىلبەر.
خىلۋەتلەردە يۈردۈم بەھوزۇر،
تەنھالىقتا بولدۇم پەيغەمبەر.

«مۇبارەك» مۇ دېمىدى ھېچكىم،
كەلمىدى ۋە ئىشىكنى ئۇرۇپ.
ئاھ، ئادەمگە نەقەدەر بەخت،
تۇغۇلغان كۈن قالسا ئۇنتۇلۇپ.

ئەخمەت ناسىر

# ئىككى شېئىر

## ئىزلەش

كىپەنلەيمەن بىزارلىقىمنى،
نازۇك بىلەن يېپىشقانسېرى.
چىشلىرىمنى چىشلەيمەن مەھكەم،
يۈرىكىم زەپ ئېچىشقانسېرى.

ئۈجمە كۆكلۈك كۆكلۈمگە ئايان،
ئىشقىڭنىمۇ ئەيلىمە بايان.
كېلەر تاڭدا چولپان بىلەن تەڭ،
مەن ئىزلىگەن سۆيۈملۈك جانان.

## يوللار

ئۆتتىمدۇ بۇ ئۇزۇن يوللار،
جەننەت بىلەن دوزاخقا تەڭلا.
ناخشىلىرىم قالسا ئۇزۇلۇپ،
دوزاخ تامان كېتىپتۇ دەڭلا.

ئۆتتىمدۇ بۇ ئۇزۇن يوللار،
قەلبىم بىلەن قەلبىڭگە تەڭلا.
يۈرىكىمدە يانمىسا چىراغ،
جەننەت ئۇندىن كېچىپتۇ دەڭلا.

ئابلىز سۇلايمان

# ئاتامغا
(ناخشا تېكىستى)

ئوخشاپ قالدىم چارەك قوناققا،
چايقالغاندا تەقدىرىڭ قولى.
بىلمەپتىمەن قەدىردان ئاتا!
غەلۋىر ئىكەن بۇ جاھان ئەسلى.

سىزدىن قالغان بىر ئۇرۇق ئىدىم،
ئۈنمەي قالدىم ھېچبىر ئېتىزدا.

پاتماس چوقۇم پىغانلىق يېشىم،
پىيالىگە ئايلانسا دۇنيا.

بولۇپ قالدىم پۇتلارغا تىكەن،
ئاتالمىغان بولسامىمۇ يېتىم.
سىز سىز تۇرمۇش ئىكەن بەك قاتتىق،
چۈشەنمەيدۇ قەلبىمنى ھېچكىم.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: يۇسۇپ ئېلى

# «باھا» نىڭ يەنە بىر ئاھاڭى

## («زوردۇن سابىرنىڭ سۆپەت قارىشىغا باھا»نى ئوقۇغاندىن كېيىن)

مەن بىر ھەۋەسكار. شۇنداقلا، ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، بۇ ئەسەرلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنى ئۆزۈمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغاچقا «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 96 - يىللىق 4 - سانىدا بېسىلغان ياش ئوبزورچى يالقۇن روزىنىڭ «زوردۇن سابىرنىڭ سۆپەت قارىشىغا باھا»ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ، «باھا» نىڭ پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش ۋە سەلبىي خاھىشچانلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ يېزىلغانلىق سەۋەبلىك قولۇمغا قەلەم ئالدىم. مەن پىكىرلىشىش ئارقىلىق يالقۇن روزى ۋە كىتابخانلار بىلەن ئورتاق تونۇشقا، پىكىر بىرلىكىگە كېلىپ قېلىشىم ئېھتىمال...

ئاپتور ماقالىسىدە زوردۇن سابىرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىغا قارىتا «كىتابخانلارنىڭ ئۇنىڭغا قىزىقىشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئىجادىيەتتە ئۆزى بىلەن تەڭ قورامدىكى يازغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر ئەستايىدىلىراق» دېگەن بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ زوردۇن سابىرنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت مۇساپىسىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن بېرىلگەن تولىمۇ يەڭگىل ۋە چولتا خۇلاسە، شۇنداقلا زوردۇن سابىر ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ يۈزە، مۇكەممەل ئەمەسلىكىدىن ئالدىراپ چىقىرىلغان، ئاپتورغىلا تەئەللۇق بولغان مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۇر.

شۇنداق دەپ ئېيتىش كېرەككى، زوردۇن سابىر ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئىچىدە ئېستىداتلىق ۋە مەھسۇلاتلىق سانىلىۋاتقان، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە تىرىشچان يازغۇچى. ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە «ئەستايىدىلراق» (ئەستايىدىلمۇ ئەمەس) بولۇشى كىتابخانلارنىڭ ئۇنىڭغا قىزىقىشىدىكى بىر سەۋەب بولسىمۇ، بىراق ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي يۈكسەكلىك ۋە جۇلالىق تۇرمۇش تراگېدىيىسىنى قېزىپ چىقىشىدىكى بىردىنبىر ئامىل ۋە زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت مۇھىتىدىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولالمايدۇ.

زوردۇن سابىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ ئاچچىق ئازابىغا، خۇشاللىقىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئېتىقادىنى ئۆز ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆتمۈشىمىز، بۈگۈنكى رېئال ئەھۋالىمىز، كەلگۈسىمىز، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى نازۇك، يوشۇرۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزىمىز ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىشقا تىرىشقان يازغۇچى. مېنىڭچە بۇ زوردۇن سابىرنىڭ كىتابخانلارنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى ئۇتۇپ، ئۆزىگە قىزىقتۇرالىشىدىكى تۈپ سەۋەب.

ئاپتور ماقالىسىدە يەنە زوردۇن سابىر «سۆپەتسىز دەپ قارىغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئىنكار قىلىشقا پېتىنالمىغان» دەپ يازغان. ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان ئەسەرلەرگە بولغان مەلۇم خاھىشچانلىقى بولسىمۇ «بۇ ئەسىرىم ياخشى، مۇنۇ ئەسىرىم ناچار» دەپ ئايرىپ كىتابخانلارنى ۋاقىپلاندۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى ۋە زۆرۈرىيىتى يوق، بىر ئەسەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىستېتىك قىممەتكە ۋە سەنئەت ئۆلچىمىگە يەتكەنلىكىنى باھالاش پەقەت كىتابخانلارغا قالدۇرۇلغان ھەل قىلغۇچ ئىمكانىيەتتۇر. بۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي دىتى، قېزىپ چىققان تۇرمۇش چوڭقۇرلۇقى ۋە پەلسەپەۋى كۆز قاراشلىرىنىڭ تىرەنلىكىدە، يەتمەكچى بولغان مۇددىئاسى بىلەن

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان ئىستېتىك تەلىپى، مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ ماسلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ماقالىدە يەنە «زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ ناچار چىقىپ قېلىشىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن،» دېگەن. يازغۇچىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنىڭ ناچار چىقىپ قېلىش سەۋەبىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ ۋە مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە يېزىقچىلىق ئېلىپ بارغان، ئۆزىنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىش يازغۇچى ئۈچۈن بىر پاجىئە. كىتابخانلار ئۈچۈن ئەپسۇسلىنارلىق ئاخىرلىشىش بولىدۇ.

ماقالىدە يەنە زوردۇن سابىرنى «رەھىمسىز رېئاللىق ۋە شەكىل گۈزەللىكى ئۈستىدە ئىزدەندى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئازابلىنىش ئېڭى ۋە تۇرمۇشقا ئارىلىشىش ئېڭى خېلىلا ئاجىز يازغۇچى» دېيىش ئارقىلىق زوردۇن سابىرنىڭ رېئاللىققا تۇتقان كەسكىن ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىسىگە گۇمانىي نەزەردە قارىغان. ئاپتور بۇ يەردە زوردۇن سابىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ياراتقان مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ۋە ئەگرى - توقاي رېئاللىقنىڭ ئاچچىق سىلكىنىشى ۋە بۇ رېئاللىق ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرىنىڭ تۈپ مەنبەسىنى ۋە چاقناپ تۇرغان تراگېدىيە گۈزەللىكىنى ھېس قىلالمىغان، ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى، خۇشاللىقىمىزنى، سۆكۈت ئىچىدىكى روھىمىزنى ۋە تېڭىرقاپ قالغان ئازابلىق ھالىتىمىزنى باشقا يازغۇچىلارغا ئوخشىمىغان شەكىلدە تەبىئىي ۋە قىزىقارلىق قىلىپ، يەنە بىزگە ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرەلمىگەن. يازغۇچىنىڭ ھەربىر ئۇيغۇر پۇقراسىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىغا، تۇرمۇشىغا، تەقدىرىگە مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بىلەن تۇتقان مۇئامىلىسىنى سېزەلمىگەن. مەسىلەن، «ئېھ، تۇپىلىق يول»، «خىيال ۋە سايە»، «باش - ئاخىرى يوق خەتلەر»، «خىرە دېرىزە»، «دولقۇنلار ساداسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئازاب ئىچىدىكى نازۇك گۈزەللىكنى ۋە گۈزەللىك ئىچىدىكى يوشۇرۇن ئازابنى بىر خىل شېئىرىي كەيپىيات ۋە لىرىك بايان شەكلىدە ئىپادە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ماقالىدە يەنە ئاپتور جامۇس جويىس، گارسىيە ماركوز، چىڭگىز ئايتماتوۋ قاتارلىق دۇنياۋى مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىجتىمائىيلىق ۋە ئىستېتىكىلىق جەھەتتىكى ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ۋە دەلىللەپ، زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىگە رېئال، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەپەككۇر قاتلىمىمىز، روھىي ئېڭىمىز، ئەڭ مۇھىمى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات ئەمەلىيىتى مەيدانىدا ئەمەس بەلكى مەشھۇر ئەسەرلەر ھازىرلىغان ئۆلچەم ۋە قىممەت قانۇنىيىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىشتەك ئېغىر خاتالىققا يول قويغان. ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى دۇنياۋى مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش، بۇ ئەسەرلەر ھازىرلىغان تەلەپ بويىچە ئەسەر يارىتىشنى ئۈمىد قىلىش مېنىڭچە تېخى بالدۇر. چۈنكى ئەدەبىياتىمىز ئەمدىلا گۈللىنىش ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلىۋاتقان شارائىتتا، باشقا ئەللەر ئەدەبىياتىدىكى يۇقىرى سەۋىيە ۋە ئۆلچەمگە يېتەلمەسلىكى تەبىئىي ئەھۋال. بۇ مەسىلىنى تارىخىي ۋە رېئالنى مەيداندا تۇرۇپ كۆزىتىشىمىز، چۈشىنىشىمىز كېرەك.

زوردۇن سابىر ھەرگىزمۇ «رېئاللىق تەرىپىدىن چۆچۈپ ئويغىتىلمىغان، رېئاللىقنىڭ ۋەزنىنى تولۇق ھېس قىلالمىغان» يازغۇچى ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى رېئاللىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى. يەنى بۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقى، ھېسسىياتى، تەقدىرى، كىشىلىك قارىشى يۇغۇرۇلغان رېئاللىق. جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىكى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا تەرەپلەرنى، ھەرخىل خۇنۇك ۋە رەزىل ھادىسىلەرنى ئېچىشتەك گۈزەللىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ يارىتىلغان رېئاللىق. ئۇيغۇر كىتابخانلارنىڭ لېۋىدە «ئىزدىنىش» نىڭ تەمى تېخى كەتكىنى يوق.

«ئونتۇمايمەن گۈلسارە» دىكى نامراتلىق ۋە موھتاجلىق دەستىدە ئىڭراۋاتقان دېھقانلىرىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرقى ۋە نامراتلىق، ھوقۇقنىڭ قۇربانى قىلىۋېتىلگەن گۈلسارەنىڭ يۇمران قەلبىدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق. «ئانا» رومانىدىكى كەسكىن ئىقتىسادىي مەنپەئەتدارلىق توقۇنۇشى، ئەخلاق ۋە مۇھەببەتكە باشقىچە كۆز قاراشقا ئىگە ئابلا يانتاقنىڭ ئوبرازى كىتابخانلارنى چوڭقۇر ئويلاندۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا «تۇمان»، «زامانداشلار»، «خىرە دېرىزە» قاتارلىق پوۋېستلاردىكى پسىخىكا چوڭقۇرلۇقى، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە تۇرمۇشنىڭ يوشۇرۇن ئىچكى سىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشى خېلى زور

بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە ئاپتورنىڭ رېئاللىققا بولغان مەيدانى روشەن، رېئالىستىك مەزمۇنى مول ۋە ئىنتايىن چوڭقۇر.

ئاپتور ماقالىسىدە زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدىكى سوۋېت مەسىلىسى ئۈستىدە قەدەممۇ قەدەم مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ «تاشقى بېسىمنىڭ بويۇنتۇرۇقى» نىڭ زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ سۇيىتىگە كۆرسەتكەن ئالاھىدە تەسىرىنى تىلغا ئالغان، ئەلۋەتتە. بۇ «بويۇنتۇرۇق» نىڭ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرىنى چەتكە قاقمايمىز. شۇنداقلا ئاپتورلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى باشقىچە ئىزدىنىشىنى ۋە چەكلىمىلىكىنى تولۇق چۈشىنىشىمىز كېرەك. دەرۋەقە زوردۇن سابىرنىڭ بوينىدىكى، ئەسەرلىرىدىكى تاللاشچانلىقىنى بۇ «بويۇنتۇرۇق» ئوخشاشلا يالقۇن روزىنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ھەتتا ئۇيغۇرچە قوشاقنى راۋان ئوقۇيالايدىغان، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىزدەۋاتقان ۋە ئالدىدىكى تاماقنى بىمالال يېيىشكە تىرىشىۋاتقان ھەربىر پۇقرانىڭ بوينىدىكى «بويۇنتۇرۇق» تۇر.

ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك «زوردۇن سابىر دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشكە ۋە شۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشقا ئامراق يازغۇچى» بولۇشتەك مايىلچانلىق يازغۇچىنىڭ كۆپ سانلىق ئەسەرلىرىدە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئاپتور بۇ يەردە، زوردۇن سابىرنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشى يېزىلغان ئەسەرلىرىنىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنىلا نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قازانغان يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. زوردۇن سابىر دېھقانلار تۇرمۇشى ھەققىدە ھەقىقەتەن كۆپ ئەسەر يازغان يازغۇچى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەسەرلىرى مەيلى تېما، مەيلى بەدىئىي قۇرۇلما، خاراكتېر ئۆزگىرىشچانلىقىدىكى چوڭقۇرلۇق ۋە يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى بولسۇن، باشقا دەۋرداش ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ مۇشۇ تېمىدىكى ئەسەرلىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، خېلى ئۈستۈن قازانغان ۋە يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان ئەسەرلەردۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە تارىخىي ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەپ كۆپ قاتلاملىق، ئۆزگىرىشچان رېئال تۇرمۇشنى، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئىچكى سىقىلىشى ئىچىدىكى ئۈنسىز پىچىرلاشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسىي مەقسەت قىلغان ۋە يۈكسەك بۇرچ تۇيغۇسىدا تۇرۇپ تەسۋىرلىگەن. زوردۇن سابىرنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلىرىدىكى سەھرا تۇرمۇشى چىن ۋە ھەقىقىي، پېرسوناژلار جانلىق ۋە ئوبرازلىق، ۋەقەلەر بايانى تەبىئىي ۋە قىزىقارلىق، تىلى گۈزەل، ھېسسىياتلىق بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە سەھرادىكى ئاچ - يالىڭاچ ياشاۋاتقان، كېچە - كۈندۈز جاپالىق تەر تۆكسىمۇ يەنىلا تويغۇدەك تاماق يېيىشكە مۇيەسسەر بولالمايۋاتقان نامرات دېھقاننى كىچىككىنە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تولۇمدەك سەمرىپ، جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنىڭ ھال - دەردىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايدىغان، مەنپەئەت ئالدىدا نومۇس ۋە ۋىجداننى ئۇنتۇغان بۇيرۇقۋاز ئەمەلدارلارنى، ھوقۇق ۋە نامراتلىق دەستىدىن ۋىسالىغا يېتەلمىگەن مەشۇقىنىڭ ھىجرانلىق يېشىنى، دېھقانلىرىمىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، ساددىلىقىنى، قىزغىن، چوڭقۇر، ئىنچىكە سۈرەتلەپ، يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. يازغۇچىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەتراپلىق ئۆگىنىشى، ئىزدىنىشى ۋە سەنئەت جەھەتتە ئۆزىگە قويغان قاتتىق ئۆلچىمى، سەپەتلىك، گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان ۋە تراگېدىيىلىك ئامىللىرى ھازىرلانغان ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىپ، قازانغان ئۇتۇقى كىتابخانلارنىڭ يازغۇچىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغىماي قالمايدۇ.

ئاپتور ماقالىسىدە يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرىنى تىلغا ئېلىپ «بېيىغان دېھقانلارنى يازدى»، «سان - سېفىرلارنى قومدەك ياغدۇرۇۋەتتى» دېيىش ئارقىلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنى «دەۋرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ماس قەدەم نەزەرىيىسى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان» دېگەن بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەلۋەتتە يازغۇچى ئىجادىيەت داۋامىدا ئۆز - ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ تولۇقلاپ بارىدۇ. زوردۇن سابىرنىڭ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىجاد قىلغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىگە، بۈگۈنكى يېڭىچە سەنئەت ئۆلچىمى بويىچە كۆز قاراپ، بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە ئوپېراتسىيە ئېلىپ بېرىش، ئىنكار قىلىش مەيدانىدا تۇرۇشى تازا ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردا ياراتقان ئەسەرلىرى ھەرگىزمۇ ئىستېتىك قىممىتى يوق، جەلپ قىلىش كۈچى بولمىغان ھېلىقىدەك ئەسەرلەر بىلەن روشەن پەرق قىلىدۇ. ئۇ

ئەسەرلىرىدە ياراتقان دۇنيا ۋە پېرسوناژلار «ئۇقۇملاشقان، فورمۇلالاشقان» بولماستىن رەڭگارەڭ، مۇرەككەپ، سېھىرلىك ۋە ئۆزگىرىشچاندۇر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى غۇۋا ۋە ئوچۇق، گوزەل ۋە خۇنۇك بولغان ھادىسە كۆرۈنۈشلىرىنى «سىياسىي» نۇقتىدىن ئەمەس بەلكى مىللەتنىڭ روھىدىكى ئاجىزلىق ۋە بۇرۇختۇملۇقنى سوغۇققان سەنئەتكار سۈپىتىدە مەسئۇلىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن.

ماقالىدە يەنە زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرى «تەنقىدقا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ - يوق، بۇ ئەسەرلەرنى ئەدەبىي ئەسەر دەپ ئېيتىشقا شەرتى توشىدىغان ياكى توشمايدىغانلىقىنى ئويلىنىپ بېقىش كېرەك» دەپ يېزىلغان. بۇ قۇرلانى ئوقۇغان ھەربىر كىتابخان، ئاپتورنىڭ زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىگە تۇتقان سوغۇق مۇئامىلىسىنى ۋە ئەسەبىي ئىنكارچىلىقىنى كۆرۈۋالايدۇ. بۇ يەنە ئاپتورنىڭ زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىگە ھەققىي ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى مەيدانىدا تۇرۇپ كۆز قاراشلىرىنى شەرھلىمەي، شەخسىي ھېسسىيات ۋە مۇددىئانى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەنلىكىگە گۇمان تۇغدۇرىدۇ.

يەنە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاپتور ماقالىسىدە كۆرۈنۈشتە زوردۇن سابىرنىڭ ماقالىسىگە قارىتا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە تىغ ئۇچىنى زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتىپ، ئۇنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىنى ۋە كىتابخانلار قەلبىدىكى ھۆرمەتلىك ئورنىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان زور تۆھپىسىگە رەھىمسىزلىك ۋە قارامىلىق بىلەن كۆز يۇمغان. زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى قانداقتۇر «بىر پەشۋا بىلەن يوققا چىقىپ، كۆچەپ بىر پۈۋلەش بىلەن ئۆچۈپ قالىدىغان شام» ئەمەس. خەلقىمىزگە مەنىۋى زوق بېرەلىگەن ۋە ئۆزىگە خاس يۈزلىنىش ھاسىل قىلالىغان بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى دۇرۇس ۋە لىللا باھالىشىمىز، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئېرىشكەن مۇناسىپ ئورنىنى ئادىل مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

مەسئۇل تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت

پەرھات ئېزىز

# «شېئىرلار» دىكى تەنھالىق ئېڭى

(ئوبزور)

شائىر دۇنيانى جىمجىتلىق ئىچىدە كۆزىتىدۇ، جىمجىتلىق ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، جىمجىتلىق ئىچىدە قەلب خىلۋىتىدە جۇلالىغان ۋىسال، ھىجران تۇيغۇلىرىنى ئاشكارىلاپ، كىتابخانلارنىڭ جىمجىتلىق ئىچىدىكى قەلب تۇيغۇسىنى يالقۇنجىتىدۇ.

تەنھالىق ماھىيەتتىن ئالغاندا جىمجىتلىق ئىچىدىكى ھەرىكەت. ھەرىكەت تەنھالىق ئىچىدىكى جىمجىتلىق. شائىر تەنھالىق ئىچىدە ئۆز روھىيىتىنى پاكلايدۇ. ئۆز روھىيىتىدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سىماسىنى ئىزلەيدۇ.

شېئىر مەڭگۈلۈك ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، مەۋجۇدىيەت بىلەن ئاڭنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. تەنھالىق پەقەت تەنھالىق ئىچىدە ئۆز روھىيىتىنى پاكلىيالىغان شائىرلارغىلا مەنسۇپ. تەنھالىق شائىرنىڭ بەختى ھەم بەختسىزلىكى. بەختى ئۇ رېئاللىقنى ئۆز ماھىيىتى بويىچە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلىگەنلىكى، بەختسىزلىكى بەختنى ئىزلەش يولىدا يوقاتقان بەختى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنلا شائىر

دېگەن بەختلىك نامغا ئېرىشەلەيدۇ. ئوسمان زاھىر ئەنە شۇنداق بەختلىك شائىرلارنىڭ بىرى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 3 - سانىدا ئوسمان زاھىرنىڭ بىر گۇرۇپپا شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ شائىرنىڭ تەنھالىق ئېڭى ئىپادىلەنگەن ئەڭ ياخشى شېئىرلىرىدۇر. ئۇنىڭ بىرىنچى شېئىرى «تەشۋىش» بولۇپ شېئىر مۇنداق باشلانغان:

«لەيلەيدۇ ناپاكلىق ياتاقتا لەرزان،
نىلۇپەر رەڭگىگە كىرگەن جىمجىتلىق.
سۆيۈملۈك بوسۇغا ياتار پۈتلىشىپ،
قويۇلغان رومكىغا ھىجران لىپمۇ لىق.»

بۇ شېئىرلاردا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يەكشەنبە كۈنىدىكى كۈتۈش، سېغىنىش ھېسسىياتى ناھايىتى نازۇكلۇق بىلەن بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن. «سۆيۈملۈك بوسۇغا ياتار پۈتلىشىپ» بۇ تولىمۇ تاتلىق يېزىلغان مىسرا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرگىچە بولغان ۋاقىتىدىكى ھېسسىياتى تولىمۇ ساپ ۋە گۈزەل. بىراق بۇ سۆيۈملۈك ۋە ئېگىز بوسۇغىدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىنكى ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ ئەسلى ئارزۇسىغا ئوخشىماي قالدى. «سۆيۈملۈك بوسۇغا ياتار پۈتلىشىپ» دېگەن بۇ مىسرا ئەنە شۇ رېئاللىقنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى زادى قانداق؟ ئۇلارنىڭ تەشۋىشى، ھىجرانى، كۈتۈشى، سېغىنىشى، كۆز يېشى ئەسلى ئارزۇسىغا ئۇيغۇنمۇ؟ رېئال ھايات بىزگە نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىۋاتىدۇ؟ مانا بۇ «تەشۋىش» شېئىرىدا كىتابخانلارغا قالدۇرۇلغان بوشلۇق.

«رەڭگارەڭ نۇر تۆكۈپ كەلمەكتە ھايات،
چېقىلغان رومكىدا تەۋرىنەر كۆڭۈل.
سۆيمەكتە يىراقتىن مېنى كۆز يېشى،
ھەم سانسىز كۈتۈشكە باغلانغان ئۆمۈر.»

بۇ مىسرالاردا شائىر ئوقۇغۇچىلارغا «سەن ئۇنداق ئۆزگىرىپ كەتتىڭ، كۆڭلۈڭدە تەۋرىنىش بولدى. ئاتا - ئاناڭنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويدۇڭ...» دېگەندەك ۋەز - نەسىھەت تەنبىھلىرىنى قىلمايدۇ. بەلكى جىمجىتلىق ئىچىدە ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدۇ. نەتىجىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەڭگارەڭ ھاياتىنى، تەۋرەنگەن كۆڭلىنى، يىراقتا پەرزەنتلىرىنى سېغىنىپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان ئاتا - ئانىسى بىلەن سىتېرېئولۇق ھالدا باغلاپ ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆز يېشى بىلەن تەۋرەنگەن كۆڭۈلنىڭ سەۋەبىنى كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قالدۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شائىر كىتابخانلارنى تەنھالىققا باشلاپ كىرىدۇ.

شائىرنىڭ تەنھالىق ئېڭى ياخشى ئىپادىلەنگەن يەنە بىر شېئىرى «ئاخىرقى كېچە». بۇ شېئىردىمۇ ستۇدېنت قىزلارنىڭ مەكتەپ بىلەن خوشلىشىش ئالدىدىكى مۇرەككەپ روھىي ھالىتى سىمۋوللۇق ئوبراز ئارقىلىق ناھايىتى تاتلىق بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن:

«شۇمشەيگەن يوللاردا ئىزلار بەك غۇۋا،
تەخىرسىز ھاياجان تىترەر جالاقلاپ.
گۈللەرنىڭ پۇرىقى يىتسە بىھۇدە،
ئاخىرقى كېچىنى قالىمەن ئويلاپ.»

بۇ ھالقىما رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدا ئىپادىلەنگەن تولىمۇ تاتلىق مىسرالار بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم بۇ شېئىرنى ئوقۇسا دەرھال بۇ مىسرالارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە قانداقتۇر بىر چوڭقۇر مەزمۇننىڭ يوشۇرۇنغانلىقىغا دىققەت قىلماي قالمايدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈش پەيتى ستۇدېنتلارنىڭ ھىجرانلىق هارپىسى. بەزى قىزلار ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى باشقۇرالماي قىممەتلىك بايلىقىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ ۋە كېيىنكى تۇرمۇشىدا مەڭگۈلۈك ئازابقا قالىدۇ. «ئاخىرقى كېچىنى قالىمەن ئويلاپ» مانا بۇ مىسرادا مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مىللىي غۇرۇر، ئاڭ يوشۇرۇن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«بۇ ھايات سىر پېتى تۇرالمايدۇ بەس» بۇ مىسرا قىزلارنىڭ يوشۇرۇن، قىسقا «بەختى» نىڭ مەڭگۈلۈك ئازابتا ئاشكارىلىنىشى، ئاشكارىلىنىش سەۋەبى، ۋاقتى (ئاخىرقى كېچە) كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىغا قالدۇرۇلغان.

شېئىر تەبىئىي ھالدا كىتابخانلارنى تەنھالىققا باشلاپ كىرىپ، ئاپتورنىڭ تەنھالىقىغا ئورتاقلاشتۇرىدۇ.

ئاپتورنىڭ يەنە بىر شېئىرى «تەنھالىق». بۇ شېئىردا ئاپتور ئۆزىنىڭ گۇناھ ۋە پاكلىقىنى سېلىشتۇرما قىلىپ، تۇرمۇش يولىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئەسلەپ چىقىدۇ. بۇ شېئىرغا سىڭگىنىمۇ پۈتۈنلەي ئاپتورنىڭ تەنھالىق ئېڭى.

ئاپتورنىڭ يەنە بىر ياخشى شېئىرى «سۆيگۈ رىسالىسى». بۇ شېئىردىمۇ ئاپتور ئۆزىنىڭ ۋىسال

بىلەن ھىجران ئوتتۇرىسىدىكى خۇشاللىق ۋە ئازابنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىدۇ. ئاخىرى «بەختلىكمەن تەنھالىقىمدىن» دېگەن چىرايلىق مىسرانى يېزىپ ئۆز روھىيىتىدىن خۇلاسە چىقىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھىجران ئازابىدا ۋىسالغا تەلمۈرۈۋاتقانلارنى يەنە تەنھالىققا ئۈندەيدۇ.

ئاپتورنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەنە بىر ياخشى شېئىرى «يوقىتىش». تەنھالىق ئىنسانغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ. ئۇنى يوقىتىمەن دەپمۇ يوقىتالمايسەن، ئۇنىڭدىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايسەن. تەنھالىقنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا تەنھالىققا يۈزلىنىش. ھايات مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ:

«بۇ كوچا سوزۇلغان قىيامەتكىچە،
غېرىبلىق كۈيدۈرۈپ تۇرار ھەممىنى.
بىمەنە سوئالغا تولماقتا كەچمىش،
قاپقارا سۈكۈتلا كۈتمەكتە سېنى.»

مانا بۇ مىسرالار ئەنە شۇ تەنھالىقنى يوقىتىش يولىدا يەنە تەنھالىققا يۈزلىنىشنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان كارتىنىسى. «قاپقارا سۈكۈت» مانا مۇشۇ ئىنساننىڭ ئاخىرقى يوقىلىشى ياكى تەنھا قېلىشىدۇر. «قىيامەتكىچە سوزۇلغان كوچا» ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشى.

ئاپتورنىڭ يەنە بىر ياخشى شېئىرى «تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى». بۇ شېئىردا ئاپتور «مەن» ئوبرازى ئارقىلىق ياتاقتا تەنھا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى سېغىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ئەھمىيەتسىز تۇيۇلغانلىقى، ئۆزىنى ئۆزى پاكلاۋاتقان ھالىتى ئىخچام، گۈزەل شېئىرىي تىل بىلەن مىسرالارغا تىزىلغان:

«كەچمىشلىرىم گويا گۆرسىز بىر جەسەت،
يالغۇز ياتاق . . . سېغىنىشلىق دەقىقە.
بىخلانماقتا بۇندا بارچە ئازابلار،
باغلىمىغىن مېنى مەجرۇھ تېنىڭگە.»

بۇ مىسرالار يۇقىرىقى قارىشىمىزنى تولۇق ئىپادە قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئىنساننىڭ ھاياتلىقتا ئەسلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك كۈنلىرى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ. «كەچمىشلىرىم گويا گۆرسىز بىر جەسەت» بۇ مىسرا ئىنساننىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە تولىمۇ ياخشى، تولىمۇ مۇۋاپىق ئوبرازلاشتۇرۇلغان. ئەگەر ئاپتور «كەچمىشلىرىم ناھايىتى كۆپ ياكى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى» دېگەنگە ئوخشاش مىسرانى ئىشلەتكەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا شېئىرنىڭ قىممىتى بولمىغان بولاتتى. «يالغۇز ياتاق. . . سېغىنىشلىق دەقىقە» يەنىلا ئاپتورنىڭ تەنھالىق ئىچكىنىڭ يارقىن جۇلاسى، ئاپتور يالغۇز ياتاقتا تەنھا ئولتۇرۇپ نېمىنى، كىمنى سېغىندى. ئەلۋەتتە ئۆزى تۇغۇلغان كۈنىنى، مېھرىبان ئانىسىنى سېغىندى، كەچمىشلىرىنى ئەسلىدى، لېكىن بۇ خىل روھىي ھالەت شېئىردا سىمۋوللۇق ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولغاچقا بىز تەبىئىي ھالدا تەنھالىققا يۈزلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ كەچمىشلىرىگە باغلىنىپ قالىمىز. «بىخلانماقتا بۇندا بارچە ئازابلار» ئەسلىمە ھامان گۈزەل بولىدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتى ئالغا ئىنتىلىش بىلەن ئۆتكەن ھاياتنى ئەسلەش ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىپ بارىدۇ. ئىنتىلىشمۇ، ئەسلەشمۇ ئوخشاشلا تەنھالىق ئىچىدە بولىدۇ.

ئۆتكەن كۈنمۇ خۇددى چۈشكە ئوخشاش غۇۋالىق ئىچىدە ئەسلىنىدۇ. «تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى» نى ئىنساندىكى بۇ خىل روھىي ھالەتنى ياخشى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە ئاپتورنىڭ «ئېھتىماللىق» ناملىق شېئىرىمۇ سۆيگۈ تېمىسىدىكى تەنھالىق ئىچكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ياخشى شېئىرلارنىڭ بىرى.

ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ بىر گۇرۇپپا شېئىرلارنىڭ ھەممىسىدە جىمجىتلىق، تەنھالىق، سۈكۈت ھۆكۈم سۈرىدۇ. كىتابخاننى تەنھالىق ئىچىدە ئۆز - ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا، ئۆزىنى پاكلاشقا ئۈندەيدۇ. كىتابخاننىڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىدا ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىنى جەۋلان قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ تەنھالىق ئىچكى كىتابخانلارنىڭ تەنھالىق ئىچكىنى ئىنقىلاپ شېئىرىي تۇيغۇلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. «شېئىرلار» نىڭ بېشىدىكى نەسرى مۇقەددىمە ئاپتورنىڭ تەنھالىق ئىچكىگە بەرگەن ئەڭ ياخشى باھاسى. «شېئىرلار» نى ئاپتورنىڭ تەنھالىق ئىچكىنىڭ تولۇق ئىپادىلىنىشى دەپ خۇلاسە قىلساق ھەرگىز ئارتۇقچە بولمايدۇ.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يېقىندىن بۇيان ئۈمىدلىك ئاپتورلارنىڭ ياخشى شېئىرلىرىغا نەسرى مۇقەددىمە بېرىشتىن ئىبارەت ياخشى ئۇسۇلنى قوللاندى. بۇنىڭدىن بىر قاراپلا ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى، ئۆزىگە خاس شېئىرىي ئۇسلۇبى، مېتودى، ئاڭ سىستېمىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى بايقىۋېلىشقا بولىدىكەن. بۇ ياخشى باشلىنىش، بۇنى بەلكى ژۇرنالچىلىقتىكى بىر ئىسلاھات دېيىشكىمۇ ئەرزىيدۇ. مەن شۇنىڭغا ئوخشاش روھىي ھالەت تەسۋىرى ئاساس قىلىنغان بۇنداق شېئىرلارنىڭ داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل تەھرىرى: ئەخمەت ھەمدۇللا

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

# «ئېشەك سەۋداسى» نى زىيارەت قىلىش

قومۇلغا بولغان مۇھەببىتىمىزنىڭ ناھايىتى كۈچلۈكلۈكىنى ھېس قىلغان ناتونۇش قېرىندىشىمىز راجى تۇردى ئاكا كىشىلىرىمىزگە بولغان چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىزنى «ئېشەك سەۋداسى» غا قالغان بىر قوغۇنچى بۇرادىرىمىزنىڭ ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ تولىمۇ ئەۋزەل ئىش قىلدى.

قوغۇنچى بۇرادىرىمىزنىڭ بەزى قىلىقلىرى كۆڭلىمىزگە تازا ياقمىدى. بىراق ئۇنىڭ ئاشۇ يۈكسەك ئوبرازى كۆڭلىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ قالدى.

تازا ئوسال چاغدا كېلىپ قالدۇقمۇ، قانداق؟ قومۇللۇق قېرىنداشلىرىمىز تولىمۇ شەرمى ـ ھايالىق كېلىدىغان، كۆرمەمدىغان مۇنۇ قوغۇنچىمىزنىڭ ئالدىمىزدا قىلىۋاتقان قىلىقلىرىنى. . . ھەممەيلەننى تازىمۇ تەڭقىسلىقتا قويۇپ قويدى. . .

«بىزنىڭ يۇرتلاردىمۇ مۇنداق ئادەملەر تولا، بىراق بىز تەرەپنىڭ ئادەملىرىنىڭ ‹غورۇرى› بەك كۈچلۈك. شۇڭا ئالدىڭلاردا ئۇلارنىڭ ئىللەتلىرىنى تولۇق ئاشكارىلاشقا پېتىنالماي يۈرىۋاتىمىز. . . » دېدىم مەن.

راجى ئاكا جاۋابەن ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. قوغۇنچى بۇرادىرىمىز ئابدۇسوپۇراخۇنىڭ «ئېشەك سەۋداسى» بولۇپ قالغان جەرياندىكى كەچۈرمىشلىرى كۆزىمىزگە تازا سىغمىدى. بىراق، بىز ئۆزىمىزگە تەكرار ـ تەكرار «ئۇ نېمىشقا ھازىرقى زامان كىشىلىرىدەك زامانىۋىي نەرسىلەرنىڭ سەۋداسى بولماي، بىزنىڭ كۆزىمىزگە ئەڭ تونۇش، ئەڭ كونا بىر شەيئىنىڭ ‹سەۋداسى› بولۇپ قالدۇ؟. . . » دەپ سوئال قويدۇق.

بىز بۇ ئائىلە بىلەن خېلى چوڭقۇر ھال ـ مۇڭ قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب تاپتۇق. يەنە نۇرغۇن سوئاللار تۇغۇلدى، جاۋابسىز قالغاندەك قىلدى! ؟ . . .

تۇرمۇش چىنلىقىغا، ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان تونۇشىمىز، نەزىرىمىز تېيىز ھەم تار دائىرىدە بولغانلىقتىنمۇ ئابدۇسوپۇراخۇننىڭ ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئېشەك قوغلاپ، ئۈندەرەپ كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ قالغان ئىشلىرىنى ئاڭلاپ، دەسلەپ قىزىق چاقچاق بولدى، دەپ تازا كۈلگەنىدۇق. مانا ئەمدى ئالدىمىزدا تۇرغان تېنىدىن بىر خىل ھالاكەت ھىدى، سولغۇن چىرايى، نۇرسىز كۆزلىرىدىن نەچچە مىڭ يىللىق مۇڭ ـ ئەلەم، جاۋابسىز قالغان سوئال يېغىپ تۇرغان جان ـ جىگەر قېرىندىشىمىزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا مەردانىلىق بىلەن بېرىپ، تارشىدەك قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ئاشۇ قوللارغا، سوئال يېغىپ تۇرغان كۆزلەرگە سوئال قويالىغان راجى تۇردى ئاكىغا ئۆزىمىزنى ئەڭ يېقىن ھېس قىلغان چېغىمىزدىلا، بىز چوڭ شەھەرنىڭ سۈنئىي تۇرمۇش ئادىتىگە ھەرقانچە چۆكۈپ كەتكەن بولساقمۇ، تومۇرىمىزنىڭ يەنىلا يىراق سەھرالىرىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تومۇرىغا تۇتاش، بىزنىڭ تومۇرىمىزدا مەۋج ئۇرىۋاتقان قاننىڭ ئاشۇلارنىڭ يۈرىكىگە تۇتاشقان تومۇردىكى قېنىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىغىنىمىزدىلا، ئۆزىگە تېگىشلىك نېنىنى ئوڭلاپ يېيەلمەيۋاتقان دېھقانلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنىڭ رېئاللىقتىن ھالقىپ، خىيالىي ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ھەجۋىي ئەمەسلىكىنى، بەلكى، ئادەتتىكى تۇرمۇشتىن بىر بالداق يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ، كىشىلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي روھى ئالەمىنى ئېچىشنىڭ، ئاشكارىلاشنىڭ ھاسىلاتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇق.

بىز ئۇنىڭ ئېتىزلىرىنىمۇ ئارىلىدۇق. كۆزلىرىدىن يۇم ـ يۇم ياش تۆكۈۋاتقان نارىسىدىلەردەك ئاللا ئاتا قىلغان ئېزىز نېمەتلىرىگە ئېچىندۇق. كۆزى ئوچۇق كورنىڭ ماركوپولو چېغىدا ماختىغان داڭدار نېمەتنى سېسىتىۋېتىپ بارغانلىقىغا، خەلقئارا رىقابەت ئەمەس، ئۆز تۇپرىقىدىكى قوشنا رىقابەت يۇرتلىرىدىمۇ كېيىن قېلىۋاتقاندەك ھەقىقەتكە ئېچىندۇق.

قوغۇنچىنىڭ تۇرمۇشتىن تەلەپ قىلىدىنى ناھايىتى ئاددى ھەم قەدىرلەپ كەتكۈسىز نەرسە ئىدى.

بىراق ئۇ شۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلمىدى، ياق، ئېرىشەلمىدى ئەمەس، بەلكى، قوغۇنلىرىنى سېپىتىۋەتكەندەك، ئۆزىدىن ئازراق بەدەل تەلەپ قىلىدىغان تەخىيىنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى... ھالبۇكى بۇ ئامەت، بۇ پۇرسەتلەرنى ئۇ تالاي كېچىلەر يىغلاپ تىۋىنغان، ئاللا ئاتا قىلغان ئەمەسمىدى... بۇ نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن...؟ قانچە سوئال قويغانسېرى خۇددى ئىچىمىزنى مۈشۈك تاتىلاۋاتقاندەك ئېچىشىپ كېتىمىز...

بىز ئېتىنزلىقتا يەنە ئۇنىڭ ئوغلى ۋە كۈيئوغۇللىرىنى ئۇچراتتۇق. بۇرۇندىن تارتىپ بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئوغۇل، كۈيئوغۇللار دېگەن مېھمانلار ئالدىدا تولىمۇ مۇلايىم، ئەدەبلىك بولىدىغان. بىراق بۇ ئوغۇل، بۇ كۈيئوغۇللارنىڭ قىلىقلىرى بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزدا زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. بىر ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولغان بىر ئاتا ئالدىدا ئۇنىڭ ئايالى، مۇتلەق بويسۇنغۇچى ئوغلى، تولىمۇ قائىدىلىك بولىدىغان كۈيئوغۇللارنىڭ تامام ئەكسىچە بولغان ھەرىكەتلىرى، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى ئادەتلىرى، قائىدە - تۈزۈملىرىدىكى زور داۋالغۇش. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇئامىلىنىڭ ھەرگىز - ھەر كىمنىڭ باراۋەر ئەركىنلىككە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى، ئۆز - ئارا مۇقەددەس ھۆرمەت، قائىدىنىڭ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىنى، رەزىللەشكەنلىكىنى كۆرسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت...

ئىشقىلىپ بىزنىڭ بۇ ئائىلىدە بىردەممۇ تۇرغىمىز كەلمىدى. ئاخىرى ئابدۇسوپۇراخۇننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئولتۇرۇپ، قاپقارا كۆزلىرىگە، ساقال - بۇرۇتى رەتسىز ئۆسۈپ كەتكەن، تېگى - تېگىدىن بىر خىل مىسكىنلىك، سۇلغۇنلۇق چىقىپ تۇرغان يۈزلىرىگە قاراپ كۆز يېشىمىزنى توختىتالماي قالدۇق. ئىختىيارسىز جەسەت ھىدى چىقىپ تۇرغان تېنىنى مەھكەم قۇچاقلىدۇق... بىز ئۇنىڭ ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭكىدەك يەنە بىر يۈزىنىمۇ كۆردۇق. ئۇنىڭ مەسۇم كۆزلىرىدە سەبىيلىك ۋە گۆدەكلەرگە خاس بولمىغان ئەسەبىي تەلۋىلىك چىقىپ تۇراتتى... ئۇنىڭ ئاشۇ تەلۋە تۇرقىدىن چۈچۈگەن غايىۋىي ئېشەك ئۇنىڭغا تۈگىمەس سوئاللارنى قويىۋاتاتتى. بىز زادىلا چىدىمىدۇق. ئاچچىق كۆز ياشلىرىمىزنى زورىغا بېسىپ ئۇلاردىن ئايرىلىش ئالدىدا ئىختىيارسىز ئارقىمىزغا قايرىلدۇق.

يۈرىكىمىز تېخىمۇ ئېچىشىپ كەتتى.

قەلبىمىز ئاچچىق ھازا ئېچىۋاتقان مىنۇتلاردا ئۇنىڭدا يەنە شۇ تەلۋە ئىستەك تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ يەنە شۇ كاج تەلەيىنى قوغلىغۇسى، ئەبەدىل نېسىپ بولمايدىغان ئېشىكىنى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بېكەتلىرىگىچە قوغلىغۇسى بار ئىدى.

ئۇ بۇ ئېشىكىنى زادى قەيەرگىچە قوغلاپ يۈرەر؟!...

مەسئۇل تەھرىرى ئەخمەت ھەمدۇللا

شاھىپ ئابدۇسالام

## بىزنىڭ پورترېتىمىز

بىزنىڭ پورترېتىمىز ئەدەبىياتقا ۋىجدان بىلەن مۇئامىلە قىلالمايدىغان بىر قىسىم «ئەدىب» لەر تەرىپىدىن زامان گىرىملىرىدا ساماۋى گۈزەللىكتە بايانلىنىۋاتىدۇ. ھەقىقانىيەت نۇرىدا جامالىمىزنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، بالدۇر ئېيتىلغان شادلىق ناخشىلىرىنىڭ شوئارۋازلىق بىلەن تولغان پۇچەك قەسىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

قەيسەر تۇرسۇننىڭ «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىرقەدەر ئىزدىنىش خاراكتېرىگە ئىگە. مەن بۇ شېئىرلار ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى لايىق تاپتىم:

بىز يوللارغا مەھبۇس بولۇپ باغلانغان،
شۇڭا بىزنىڭ سۆيگۈمىزمۇ رەھىمسىز.
گويا ئەخلەت ساندۇقىغا ئايلىنىپ،
خىياللارغا تولۇپ تۇرار قەلبىمىز.

«سەھەردىكى پەرىشانلىق» تىن

بۇ نالە روشەنكى، مەنۇۋىيىتىمىزنىڭ لاتقىلار بىلەن تولغان خۇنۇك كۆرۈنۈشىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى. بىز «كۆنلەر ئارا شادلىنىش» تىن يىراقلىشىپ، «كۆز يېشى» غا غەرق بولدۇق. ئىدىلوگىيىسىدىن تەزگەن بىر توپ ئازغۇنلار دەل بىز. ھاسىلاتىمىز «ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد» نى بوغۇزلاپ تاشلاش بەدىلىگە ئەخلەت ساندۇقىغا ئايلىنىپ كەتكەن قەلبىمىزنى ئۆلۈغلاش. بۇنداق مەنۋى كىرىزىس بىلەن تولغان ئىجتىمائىي توپنىڭ رېئاللىقى قانداق بولماقچى؟!...

تېنىمنىڭ سىرتىغا چىقمىدىم تېخى،
كىرمىدىم قەلبىمنىڭ باغرىغا يەنە.
بۇقەدەر رەھىمسىز مۇھىتتا جېنىم،
ئىككىمىز ھاياتقا بېرىمىز نېمە؟

«ئاھ، مېنى تۇنجى رەت قىلغانسەن خازان» دىن

مونولوگىسمان بۇ پىچىرلاشلاردىن تېخىمۇ رقاش ئىلكىدىكى چۈشكۈن بىر سىما كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۇ غەيرى ئادەممۇ؟ ياق، ئۇ بىلىشنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا ئىپتىدائىي ئاڭ بىلەن پارلاقسىز سەپىرىنى يارىتىۋاتقان بىزنىڭ بىشارەتلىك بەلگىمىز. تارىخىي ساۋاقلاردىن شۇنداق بىر ھەقىقەت ئايانكى، ئۆز قەلبىنى بايقىيالمىغان يەككىلىكنىڭ باشقىلار قەلبىنى بايقىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق زەئىپ ۋۇجۇدنىڭ ھاياتقا بېرىدىغىنى بۇگۈنگە ئاسىيلىق، تۇنۇگۈننى ئۇنتۇش، ئەتىگە مەجبۇرىيەتسىز ياشاشتىن ئىبارەت. بۇ شېئىرنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق، ئىقتىساد بورانلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان تالاي ئەھمىيەتسىز يۈرەكلەرنىڭ پەريادىنى تىڭشىيالايمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ خىل چېكىش مەنزىرىلەر رېئاللىقىمىزنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىدە شەك يوق!

رېئاللىقتىن ئالالمىغان خۇشاللىق،
ئۆتمۈش بىلەن قىلار مەۋھۇم ئالاقە.
يول سىرتىدا يىغلاپ تۇرار بىر ئايال،
ۋەكىل بولۇپ ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە.

«يەكشەنبىدە تالادا قېلىش» تىن

بۇ شېئىرنىڭ تاشقى پوستىغا مۇراجەت قىلغىنىمىزدىن سىمۇۋۇللۇق مەنالار ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىز تۇزۇك. يول - تەرەققىيات جۈملىسىدە ئۆز مەناسىنى تولۇقلايدۇ. ئايال - ئەقىل قەلەندەرلىرىنىڭ تىپى. يامغۇر - تۇرمۇش تەقدىم قىلغان زىددىيەت سوئاللىرىنىڭ كونكرېتلىشىشى.

ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان شېئىرىي بوشلۇق ئايالنىڭ يول سىرتىدىكى ئېچىنىشلىق قىياپىتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆز مەنزىلىنى پارلاق يوللاردا داۋاملاشتۇرالمايدۇ؟ مانا بۇ رېئاللىقىمىزنىڭ خاسلىق ئىچىدە پارلىغان رېتسېپنامىسى. ئېنىقكى، يول ئويغاقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. بىزنىڭ مۇسىبەت ئارا چايقالغىنىمىز چايقالغان. بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىز پېشىل پاجىئەنىڭ 20 - ئەسىردىكى راۋاجى. ناۋادا مۇشۇ تەرىقىدە يۈزلىنىدىغان بولساق 21 - ئەسىردە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە يولۇقىشىمىز ئېنىق!

تۇيۇقسىز قاراڭغۇ چۈشتى بۇ سەھەر،
كۆك ئاسمان ئەما بوپ قالغاندەك گويا.
كۆرۈنمەس ئاي، يۇلتۇز، ئادەم ۋە قۇياش،
كۆيدۈرۈپ تاشلىدى ئالەمنى خۇدا.

«ھاۋا بۇزۇلۇش» دىن

تۇيغۇمىزنى ئەپسانىۋىي تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدە پەرۋاز قىلدۇرىدىغان بولساق، شائىر قەلبىدىكى ئاجايىپ بىر دۇنياغا ئىچكىرىلەپ كىرىمىز. ھەممە نەرسە كۆيگەن، ھاياتلىق ئۆزىنىڭ ئاداققى نەپىسىگە نائىل بولۇپ بولغان. سۈرەن سېلىۋاتقىنى پەقەت ۋە پەقەت ئۆلۈم ئىلاھى، خالاس! ئىچكى رېتىملىرىغا مەپتۇن بولغىنىمىزدا شائىر بىلەن خۇدانىڭ ئايلانما قانۇنىيەت بەرپا قىلغانلىقىنى بايقايمىز. قاتلاملىق نەزىرىيىسىگە ئاساسلانغىنىمىزدا بىر توپ بۇلغانغان خاراكتېرنىڭ سۈزۈك بۇلاقتا ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئاسىيلىق قىلماقتا شەھەر، يېزىلار،
ئوغۇزخان جەننەتتە قىلار كۆز يېشى.
. . . . . . . . .

«ھاۋا بۇزۇلۇش» تىن

شېئىر ئەجدادلارنىڭ نىداسى بىلەن تاماملانغان. جۈملىدىن ماۋزۇ ئاخىرقى يېشىلمىسى بىلەن ئۆز چېكىتىنى تاپقان. چۈشىنىش قىيىن ئەمەسكى، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان گەۋدىلەر سىستېمىسى ئۆزىنىڭ ئاسىيلىق بىلەن تولغان جىنايەتكار قىلمىشلىرىنى بايقاشتىن يىراق. بۇ خىل ئىجتىمائىيلىق ئىچىدە سېزىمسىز ياشاۋاتقان روھسىز تەنلەرگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆز يېشىدىن باشقا سېھىرلىك قامچا يوق. مانا بۇ بىزنىڭ بۇزۇلغان ھاۋايىمىزدۇر.

مەسئۇل تەھرىرى ئەخمەت ھەمدۇللا

غولام ئابدۇراخمان

# كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

(ئەدەبىي ئاخبارات)

مانا، ئوقۇشنى تاماملاپ، خىزمەتكە چىققىنىمغىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى. بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇرغۇنلىغان ئىشلارنى كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم. شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدىكى ئىشلارنى ھەمدە ئاڭلىغانلىرىمنى پات - پاتلا ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم. شۇ سەۋەبتىنمۇ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بۇلارنى كەلگۈسى كىتابخانلارنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇندۇم.


## مەكتەپ ھاياتىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ خۇشاللىقىمنى باسالماي قالدىم. راستىنى ئېيتسام بۇ رېئاللىق مېنى شادلىقتىن بىھوش قىلىپ قويايلا دېگەندى. ئاتا - ئانامۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنىلارمۇ ياخشى مەكتەپكە بۇلۇنۇپتۇ، ئىستىقبالى بار، دېيىشكەندى. دوستلىرىمنىڭ: «تەلىيىڭ بار ئىكەن جومۇ سېنىڭ، كەلگۈسىدە نېفىت ئىدارىلىرىدە ئىشلەپ قالساڭ، گېزى كەلگەندە بىزنىمۇ يۆتكەپ كەتكىن - ھە» دەپ چاقچاق قىلىشتى.

شۇنداق قىلىپ ماڭا «بەخت ئاتا قىلىدىغان» مەكتەپكە كەلگىنىمگە بىر ھەپتە بولدى. كورلىدىن كەلگەن بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بوي ساۋاقدىشىم بىلەن تېزلا چىقىشىپ قالدىم. بىركۈنى بىز بازارغا چىقتۇق، ئۇرۇمچىنىڭ ئېگىز قەد كۆتۈرگەن كۆركەم بىنالىرىغا، كوچا - كوچىلاردىكى ھەرخىل شەكىللەر چىقىرىپ، رەتلىك تىزىلغان تەشتەكلەردىكى گۈللەرگە ھەۋەس بىلەن قارىشىپ كېتىۋاتاتتۇق. يان كوچىدىن چىققان رەتلىك كىيىنگەن بىر يىگىت كېلىپلا مورەمگە سوقۇلدى - دە، «كەچۈرۈڭ» دەپ قويۇپلا ماڭدى. ماڭدىيۇ يەنە توختاپ قالدى، ئۇ بىر سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى كۆرسىتىپ:

- بۇ سىزنىڭمۇ؟ يەردە تۇرىدىغۇ. . .- دېدى - دە، ئۇنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. قارىسام راستىنلا مېنىڭ ئىكەن. «بۇ يىگىت يەردىن ئالمىغاندەك قىلىغانغۇ، قانداقسىگە. . .» دەرھال يانچۇقۇمنى ئاختۇردۇم. قارىسام، بايا ياتاقتىن چىققۇچە كېرەك بولۇپ قالار، دەپ ئېلىۋالغان ئازراق پۇلۇم يوق تۇراتتى. ساۋاقدىشىمغا قاراپ: «خېلى ئىنسابلىق ئوغرى ئىكەن» دېدىم. قايتىشىمىزدا ئاپتوبۇسقا ئولتۇردۇق، ئادەم كۆپ بولغاچقا ئاپتوبۇس ئىچى تولىمۇ قىستاڭچىلىق ئىدى. ئوغرىلار ھېچقانداق تەپ تارتماستىنلا كىشىلەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپلا يانچۇق ئاختۇراتتى. ئۇرۇمچىگە كېلىپلا كۆرگىنىم مۇشۇ بولدى. بىر - بىرىدىن كۆركەم، چىرايلىق بىنالار، پاكىز كوچىلار، رەتلىك كىيىنگەن ئادەملەر. . . پوزۇر كىيىنگەن قىز - يىگىتلەرنىڭ يانچۇق ئاختۇرۇشلىرى. . . توۋا، مەدەنىيەتلىك چوڭ شەھەرلەر مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ قارىغاندا بەكلا ھەيران قالماسىمۇ بولغۇدەك، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

مەن مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىزدىن بىر يىل بۇرۇن كەلگەن بىر يۇرتلۇقىمىز مېنى ياتاقتىن چاقىرىپ: «شەنبە كۈنى كەچتە يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش قىلىدىكەنمىز. ئامال بار ئۇ كۈنى كەچتە ياتاقتا ياتمىغىن» دەپ قويدى. شەنبە كۈنى مەن تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كەتتىم. ئەتىسى قايتىپ كەلسەم ياتاقداشلىرىم: «سېنىڭ ئەجەبمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن» دېيىشتى. ئوقۇشقىدەك بولسام،



ھېلىقى يۇرتلۇقىمىز ماڭا دېگەن «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش» شەنبە كۈنى يېرىم كېچىدە ئېلىپ بېرىلىپتۇ. يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلار كەچكىچە ئولتۇرۇپ ئىچىشىپتۇ. ئويۇن ـ تاماشىدىن كېيىن قېنى قىزىغاندا يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنى يوتقانلىرىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ: «بۈگۈن ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىنى سىلەرگە دەپ قويغىلى كىردۇق» دېيىشىپ، ھەممىنى ئۇرۇپ، تېپىپ، بەل ـ بېقىنلىرىغا دەسسىۋەتكەندىن كېيىن: «سىلەرمۇ ئۈچۈڭلەرنى كېلەر يىللىق يېڭى ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىڭلار» دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ، يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلاردىن تۆۋەن يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا مىراس بولۇپ قېلىۋاتقان «كۈتۈۋېلىش» لارنىڭ بىرى ئىكەن.

يەنە يۇرتلۇقلارنىڭ «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش» ئولتۇرۇشىمۇ «كۆڭۈللۈك» ئۆتىدىكەن. بۇيرۇتلغان خىلمۇخىل تائاملار، ئالىي دەرىجىلىك ئىچىملىكلەر، قەدەھ سوقۇشتۇرۇشلار، «ياشىسۇن يۇرتلۇقلار ئىتتىپاقى!» دەپ توۋلانغان شوئارلار. . . يېڭىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن مەجبۇرىي يىغىۋېلىنغان نەچچە يۈز يۈەن ھەتتا نەچچە مىڭ يۈەن بىر يولدىلا رېستۇران خوجايىنىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن.

مانا مۇشۇنداق «كۆڭۈللۈك» ئولتۇرۇشلارنىڭ تېگىگە نېمىلەر يوشۇرۇنغانلىقىنى ئۇلار ئويلىمايدىغانمىدۇ؟

بىزنىڭمۇ «خەنزۇ تىلىدىن ئاساس» دەرسلىكلىرىمىز تۈگەپ، كەسىپكە چۈشىدىغان ۋاقتىمىزمۇ كەلدى. كەسىپنى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيتتۇق، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ھەرقايسى سىنىپلارغا 5 ـ 6 دىن تەقسىم قىلاتتى، تەلەپنىمۇ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش قوياتتى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار دەسلەپتە خۇشال بولاتتىيۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي دەرد ـ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتاتتى. ھېلىقى بىر يۇرتلۇقۇممۇ مەكتەپ ئالمىشىدىغان بوپتۇ.

ـ نېمە دەپ مەكتەپ ئالماشىسەن؟

ـ سەن كېيىن بىلىپ قالىسەن.

ـ مۇشۇنداق ئىستىقبالى بار مەكتەپتە ئوقۇماي نەدىكى تايىنى يوق مەكتەپكە ئالمىشىپسەنغۇ؟ ھەي ئەخمەق!

ـ ساڭا نېمە دېسەم بولار؟ سەن ئەمدىلا كەسىپكە چۈشتۈڭ. تەييارلىق سىنىپتا خەنزۇ تىلىنى بىر يىل ئۆگىنىپلا، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئوقۇساق، يەنە كېلىپ ئۇلارغا ئوخشاش تەلەپ قويۇۋاتسا، بىز قانداقمۇ يېتىشەلەيمىز؟

شۇنداق قىلىپ بۇ يۇرتلۇقۇممۇ باشقا مەكتەپكە ئالمىشىپ كەتتى. ئەسلىدە ھەر يىلى قوبۇل قىلىنغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كەسىپكە چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇشۇ ئىش تۈپەيلى مەكتەپ ئالمىشىدىكەن. ھەتتا بەزى ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمىگىنى ئۈچۈن مەكتەپتىن چېكىندۇرۇلىدىكەن. شۇڭا بۇ مەكتەپتە ساناقلىقلا مىللىي ئوقۇغۇچى بارلىقىمۇ ئەمدى ماڭا ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەستەك بىلىندى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەنمۇ بۇ ئىستىقباللىق مەكتەپتىن خىمىيە ـ سانائەت مەكتىپىگە ئالمىشىپ كەلدىم. بۇ مەكتەپتە مىللىي ئوقۇغۇچىلار، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئايرىم ـ ئايرىم سىنىپلاردا ئوقۇيدىكەن، قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئوخشىمايدىكەن. مەن يۆتكىلىپ كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن بىر قىز ئوقۇغۇچى سەۋەبسىز دەرس قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

مەكتەپ ئىچىدىكى چىملىقتا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىم.. يان تەرىپىمدىكى يېشىل سىرلانغان ئورۇندۇقتا چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئىككى قىزنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ ئاداش، نەچچە كۈندىن بېرى نەلەردە يۈردۈڭ؟ ھېلىمۇ ياخشى ئاگاھلاندۇرۇش جازاسىلا بېرىلدى، جۇمۇ.

ـ بىر لوبەنگە ھەمراھ بولدۇم دېگىنە. ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلارغا ئاپاردى، ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىلاردا ياتقۇزدى.

ـ تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى كۆردۈم دېگىن.

ـ بەزى ئىشلارنى ئۆزۈڭ خالاپ كەتمىسەڭمۇ، ئامالسىز قىلىدىكەنسەن. خەقتەك كىيىمسەڭ تېخى، يېمىسەڭ تېخى. ئۆيدىن ئەۋەتكەن ئىككى تەڭگىگە نېمە كېلىدۇ دەيسەن؟ پۇلدارلارنىڭ پۇلىنى مۇشۇنداق شۇلىۋالمىساڭ، ئۇلار بىكارغا ساڭا تۇتقۇزۇپ قويامدۇ؟ چوڭ شەھەر دېگەندە نەدە، نېمە قىلىپ يۈرگىنىڭنى كىم بىلەتتى؟

بۇلار سىرتقى قىياپىتىدىن تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدىغان، نۇرغۇن ئوغۇللار ماختايدىغان ھەم قىزىقىدىغان قىزلار. يەنە بەزىلەر تەپتارتماستىنلا قوش مۇھەببەت باغلايدۇ. ساۋاقداشلار ئارىسىدا «ئايرىلماس بىر جۈپلەر» دەپ نام ئالغان بىر ساۋاقدىشىم بىركۈنى غەرق مەست ھالەتتە ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— نېمە ئانچە ئىچىدىغانسەن؟ يۈرگەن قىزىڭ تىللىۋالدىمۇ - يە؟ - چاقچاق قىلىپ سورىدىم.

— شۇنىڭ گېپىنى قىلمىغىنا ئاداش، ئۇنى قايتا كۆزۈم كۆرمىسۇن!

— نېمە دەيدىغانسەن؟ شۇنداق ئىناق ئۆتەتتىڭلار-غۇ؟!

— قارا ئاغىنە، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت كەلگەنىكەن، ئىچىمگە جىن كىرگەندەك ئېچىپتىمەن. ئەسلىدە ئۇنىڭ يۇرتىدىمۇ يۈرگىنى بار ئىكەن ئەمەسمۇ، - ئۇ دەردكە پايلىماي يىغلىۋەتتى.

يەنە بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يۇرتىدا سۆيگىنى بار ئىكەن. بۇ يەردە بىر قىز ساۋاقدىشىمىز بىلەن مۇھەببەتلىشىشىدىكى سەۋەب، زېرىكىشلىكنى تۈگىتىش، كىر - قاتلىرىنى يۇدۇرۇش ئۈچۈنلا ئىكەن.

ئاي - كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايرىم ساۋاقداشلىرىمىز سىرتتىكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئاستا - ئاستا چېكىملىككە ئۆگىنىۋالدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە بۇ نەرسە ئادەمگە ئالەمچە «ھۇزۇر» بېغىشلارمىش. كەيپىڭ كۆتۈرۈلگەندە، ئۆزۈڭنى بۇلۇت ئۈستىدە ئۈزگەندەك ھېس قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانى ساياھەت قىلىپ چىقارمىشسەن! بۇنداق راھەت ۋە لەززەت پەقەت «مەرد - مەردانە» لەرنىڭ، مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بارلارنىڭ قولىدىن كېلەرمىش.

ياختىنىڭ ئىچىدە چوغنى ساقلىغىلى بولمىغاندەك، بۇنداقلار بەرىبىر ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى.

## جەمئىيەتتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

— «ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك بىزگە تېگىل ئەمەس. لېكىن ئۇلار ئەسلىمە، پۇشايمان، ئۈمىد ۋە قورقۇنچ ئارقىلىق نۆۋەتتە بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان تۇيغۇنى تونۇتىدۇ» مانا بۇ سۆز ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان.

خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن خىزمەتداشلىرىم بىلەن، دوستلىرىم بىلەن ئارىلىشىشقا توغرا كەلدى، جەمئىيەتنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. بۇ جەرياندا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋاللارمۇ تالاي قېتىملار ئۇچرىدى. بىر دوستۇمنىڭ زورلىشى بىلەن بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشقا باردىم، داستىخان مولچىلىق، سورۇن كۈلكە - چاقچاق بىلەن كۆڭۈللۈك ئىدى.

— خىزمىتىڭ ئالدىراش ئوخشىمامدۇ؟ كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭ، ئەسلىدە بۇ ئولتۇرۇشنى بۇرۇنلا قىلىشىڭ كېرەكتى.

مەن بۇ يىگىتنىڭ سوئالىغا ساھىبخاننى نېمدەپ جاۋاب بېرەركىن، دەپ قىزىقىپ ئولتۇردۇم.

— ئۇنى بىر دېمەيلا قوي.

— قېنى دەپباقمامسەن، ئاغىنە دېگەن مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئەسقاتمامدۇ؟

— ئۆيدىكىلەر يېشىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، توي قىلمامسەن، دەپ ھەدەپ قىستىغىلى تۇردى. پۇلۇڭنى نېمە قىلىۋاتىسەن، پۇل يىغمامسەن، دەپ بىر كاڭشىغىلى تۇرسا...

— ئۇنداق بولسا توي قىلمامسەن؟ باش قاتۇرغۇدەك نېمىسى بار.

— قىزىقكەنسەن، نېمەمگە توي قىلىمەن؟ ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ قولى قىسقا. ئالىدىغان مائاش ئىچىدىغانغىمۇ يەتمىسە، يىققىلى نەدە؟

مانا بۇ ئۆزىنى قالتىس مەرد چاغلاپ، توققۇزى تەل داستىخان راسلىغان بىچارە ساھىبخاننىڭ ئېيتقانلىرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پۇلنى ئايىماي خەجلىگەن. تېخى بۈگۈنلا ئالغان مائاشىنىڭ تۈپىسى ئاسمانغا سورۇلۇپ كەتكەن گەپ!

مەن بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى مۇددەتسىز ماقاق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ساۋاقدىشىمنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن باردىم.

— ياخشى تۇردۇڭمۇ ئاغىنە؟

— كۆڭلۈم ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆتىدۇ...

ئاشۇ ھارامدىن بولغان كاساپەتنى چەكمىگەن بولسام بۇ كۈنگە قالمايتتىم...

مانا بۇ، ساۋاقداشىم خىروئىننىڭ خۇمارىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يېقىن ئۆتكەن پۇللۇق ئاغىنىسىدىن پۇل سورىغان. ئۇنىڭ نەپ بەرمىگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ، كاچ خۇمارىنىڭ كاساپىتىدىن يېنىدىكى پىچاقنى ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتكەن، ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، قولغا ئېلىنغانىدى.

— ئاغىنە، — دېدى خىزمەتداشلىرىمدىن بىرى،— ئاخشام نەچچەيلەن ئىچىشكەنتۇق، بىر گۇينىڭ گېپى ئەجەب يوغان. رومكىنى بەرسە ئىچمەستىن ۋارى - ۋارى قىلىۋېرىدۇ. نەچچە تەستەك بىلەن ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويدۇم، ئاغزى - بۇرنى قانغا مىلەنگەن هالدا قۇيرۇقنى تىكىۋەتتى...

بۇنداق نوچىلارنىڭ دېيىشىچە ئۇلارنىڭ بىگىسى بارمىش، ئۇلپەتلىرى ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرىمىش. ئۇنداقلار قانداقتۇر بىر خىل «گۇمپا»، «بىگى» لىرى بىلەن «ئۆزۈمنى تونۇتىمەن»، «نام - ئابروي قازىنىمەن» دەپ جېدەل - غەۋغانى، بەختسىزلىكنى، قايغۇ - هەسرەتنى ئۆزىگە هەمراھ قىلماقتا. تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشتىن بەزمەكتە...

مەسئۇل تەھرىرى: روشەن سەيپۇللا

قارىكۆز غوجامنىياز

# لايىق تاللاش

(هېكايە)

هېلىلا مۇنچىدىن چىققان زۆھرە بىلەن رەنا ۋېلسىپىتلىرىنى يېتىلەشكىنىچە كوچىغا - چاقچاق بىلەن كېلىۋاتاتتى. يازنىڭ مەيىن شامىلى ئۇلارنىڭ يەلكىلىرىدە كەڭ يېيىلىپ تۇرغان، تېخى قۇرۇپ كېتەلمىگەن بۇدۇر چاچلىرىنى ئاستا يەلپۈيتتى. هەرەمنىڭ خىنىسىدا قېنىق رەڭلەنگەن بۇ چاچلار كۈن نۇرىدا پارقىراپ، ئۇلارنى تېخىمۇ جەزىبىدار كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بوي - تۇرقىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيتتى، زىلۋا بويلىرىغا كىيىۋالغان يارىشىملىق هاۋا رەڭ گىرىپ كۆڭلەكلىرىمۇ ئوخشاش پاسوندا تىكىلگەنىدى.

زۆھرە چاچلىرىنى بىر قولى بىلەن كەينىگە تاراپ قويۇپ، رەناغا قاراپ دېدى:

— هازىر غالىپتەك يىگىتلەرنى تېپىش تەس. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە، كىيىنىشلىرىگە قارىساڭلا ئۇنىڭ ئەخلاقلىق، خېلى ئىلمىيلىكى بار يىگىت ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ جەمئىيەت ئەخلاقى، هازىرقى ئايرىم كىشىلەردىكى ئىنسابسىزلىق، خىروئىن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىچۇ تېخى. ئۇ خېلى دۇرۇس يىگىت جۇمۇ. مەردلىكىنى دېمەيسەن تېخى، ئاخشام بولغان بولساڭ، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن بولساڭ، ئىسىت! جاهان كېزىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ نەزەر - دائىرىسىمۇ ئالاهىدە بولىدىكەن، ئىچكىرىدە ئوقەت قىلىۋاتقىلى تۆت يىل بوپتۇ، چوڭ لوبەن دېگىنە ئاداش. لايىق تاپسا شۇندىقىنى تاپسا...

ئاخشامقى ئولتۇرۇشتا بولغان بولساڭ ئىككىمىزلارنى ئوبدان تونۇشتۇرۇپ قوياتتۇق. هېلىمۇ كېچىكمەيمىز، بۈگۈن كەچتە بىزنىڭكىدە سىلەرنى ئۇچراشتۇرايلىمىكىن دېيىشتۇق، — ئۇنىڭ ئەگمە قاشلىرى ئاستىدىكى سىنچى كۆزلىرى رەناغا «قانداق» دېگەندەك تىكىلىپ تۇراتتى.

— پاھ، ساڭا ياراپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — ئاپئاق، نېپىز يۈزلىرىدە قارا چېكىتچىلىكمۇ ئىز

كۆرۈنمەيدىغان رەنا خۇمار كۆزلىرىنى كۈلدۈرۈپ زۆھرەگە چاقچاق قىلدى.

- راست، - دېدى زۆھرە ئاجايىپ بىر خىل شېرىن ھېسسىياتتا، - لايىق دېگەن شۇ، تولا نېزىڭنى قىلما. قولدىن چىقىرىپ قويساڭ بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قالىسەن، نېمە؟ بىر كۆرۈپلا يارىتىپ قاپسەن دەمسەن؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇنى ئەنۋەر بۇرۇنلا تونۇيدىكەن، يېقىن ئارىلاشقانىكەن. ئەنۋەر ئىككىمىز شۇنداق دېيىشتۇق. ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا تولىمۇ ماس كەلگۈدەكسىلەر، شۇنداق بولۇپ قالسا، بەختىڭنى تاپقىنىڭ جۇمۇ رەنا، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ. بۈگۈن كەچتە «تونۇشتۇرۇش چېيى» بەرسەك، كېلەر شەنبە كۈنى «مايلاش چېيى»نى بېرىسىلەر - ھە؟!

بۇ سۆزلەردىن ھەم تاسادىپىيلىق، ھەم خىجىللىق ھېس قىلغان رەنا قىزىرىپ كەتتى.

- زۆھرە، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن!

ئاڭغىچە ئۇلار تۆت كوچا بازىرىدىكى «ھىلال ئاي» ماگىزىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. زۆھرە ۋېلسىپىتىنى قۇلۇپلاۋاتقان رەناغا قاراپ جىددىي تەلەپپۇزدا جېكىلىدى:

- بۈگۈن كەچتە كەلمىسەڭ زادى بولمايدۇ. ھېلىقى يۈزىدە ئەركەك تۈكى كۆرۈنمەيدىغان «ناۋايى» لەقەملىك ئۆمەر دېگەن نېمىنى بىر ئامال قىلىپ يولغا سېلىۋەت! ئېيىغا تۆت تەڭگە ئالىدىغان ئۇ لۈم - لۈم بىلەن بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ ئۆتەمسەن؟

رەنا زۆھرەگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ۋېلسىپىت رولىدىن سومكىسىنى ئالغاچ ئويلاندى، «زۆھرەگە نېمە كۆرۈنۈپ قالغاندۇ؟ بىر ئاخشامدىلا ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ كەتكىنىنى دەيمىنا؟ ئۆمەرنى يولغا سالىدىكەنمەن تېخى، بۇ شۇنچىلىك ئاسان ئىشمىدۇ؟ قېنى كەچ بولۇپ باقسۇن...» ئۇ زۆھرەنىڭ كەينىدىن قاراپ قويۇپ، ئاستا قەدەم بىلەن ماگىزىنغا كىردى. ئۇلار ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ماگىزىندىن چىقىشتى،

زۆھرەنىڭ سومكىسى خېلىلا تومپىيىپ تۇراتتى، رەنا كىتاب بوتكىسىدىن پەقەت نەچچە پارچە كىتابلا سېتىۋالدى.

ئىككىسى ئەمدىلا ۋېلسىپىتلىرىنى يېتىلەپ مېڭىشىغا ئالدىراش كېلىۋاتقان ئەنۋەر ئۇلارغا يولۇقتى. ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، تۇرقىدىن بىر خىل جىددىيلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بويۇنلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتكەچ قىزلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، ھودۇقۇپ تۇرۇپ دېدى:

- زۆھرە، غالىپ ئاخشام بەرگەن ھېلىقىنى... تېز قايتۇرۇۋەتسەك بولغۇدەك!

- نېمىشقا؟

- ئەتىگەندە ئۇ قولغا ئېلىنىپتۇ، ھېلىراقتا ئىككى ساقچى مېنى ئىزلەپ كەپتۇ... ئۇنىڭ زاڭ پۇل - ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىدىكەن...

زۆھرە دەرھال بوينىدا جۇلالىنىپ تۇرغان ئالتۇن زەنجىرنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇۋالدى، ئەنۋەر ئۇنىڭ قىڭغىيىپ كېتىۋاتقان ۋېلسىپىتىنى يۆلىگەچ:

- ئەسلىدە غالىپ ئىچكىرىدە خىروئىن سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانىكەندۇق. پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن قېچىپ چىقىۋاپتۇ.

- ھە؟!

زۆھرە بىلەن رەنانىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە قاراپ چەكچەيگىنىچە بىرنەچچە دەقىقە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىر چاغدا رەنانىڭ يېنىككىنە «ئۇھ» دەپ تىنغان ئاۋازى زۆھرەنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ ۋېلسىپىتىنى مىنىپ ئىتتىك كېتىۋاتقان رەنانىڭ كەينىدىن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنى چاقىرماقچى بولدىيۇ، ئەمما ئاۋازى بوغمىزىدىن چىقمىدى. رەنا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بارا - بارا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى...

مەسئۇل تەھرىرى: روشەن شەيبۇللا

خالىدە قاسىم

# ئاخىرقى سۆيگۈ

(ھېكايە)

پەرىدە ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە يان تەرەپتىكى يولدىن بىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. پەرىدەنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ كەتتى. «بۇ... ئەجىبا تونۇشلا بىر ئاۋازغۇ؟»

- پەرىدە!

پەرىدەنىڭ نەپسى جىددىيلەشتى، بىرخىل ئەندىشە، چۈشىنىكسىز سىرلىق قورقۇنچ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يامراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى، يا كەينىگە بۇرۇلۇشنى بىلەلمەي تېڭىرقىغان ھالدا تۇرۇپلا قالدى.

- ياخشىمۇسىز پەرىدە؟

پەرىدە بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ ئالدىدا غەيرەت تۇراتتى.

- قانداق ئەھۋالىڭىز، خىزمىتىڭىز بەكلا ئالدىراش ئوخشىمامدۇ؟

پەرىدەنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزاردى. ئۇ نېمەدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى. غەيرەت ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ پەرىدەگە يېقىنراق كەلدى.

- كەلگىلى يېرىم سائەتتەك بولۇپ قالدى، سىزنى يەنە ئىزلەپ كەلدىم پەرىدە، - غەيرەتنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ خېلىلا ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى ھەم جىددىيلىشىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

- ھە، - دېدى پەرىدە پەرۋاسىزلا، - بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

- ئايلىنىپ كەلسەك قانداق؟

- كەچۈرۈڭ، بارالمايمەن.

- سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى، - غەيرەت پەرىدەنىڭ ئالدىغىلا كەلدى.

پەرىدەنىڭ يۈرىكى رېتىمسىز دۈپۈلدەشكە باشلىدى، قاتتىق ئارىسالدىلىق، سىرلىق ئەندىشە ئۇنى قىيناۋاتاتتى. «گەپ - سۆز قىلماي ئۆيگە كىرىپ كېتەيمۇ؟ يا ئۇنىڭ چىققۇچە تىڭشاۋالايمۇ؟ ياق، قانداقلا بولمىسۇن ئىلگىرى مۇھەببەتلەشكەن، ئۇ يەنە كېلىپ تۇنجى قېتىم مۇھەببەتلەشكەن ئادىمىم ئەمەسمۇ، بۇ تېخى كېيىنكى كۈنلەردە پاتىگۈل بىلەنمۇ مۇھەببەتلەشتى، پاتىگۈل ئىككىمىزنىڭ يېقىن دوستلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ ئەتەي شۇنداق قىلدى. ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ نېمەدەپ يەنە مېنى ئىزلەپ كېلىدۇ» تۇرۇپلا پەرىدەنىڭ ئۇنىڭ قانداق ئويۇن ئوينىماقچى بولغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ قالدى. «توختا، ئۇ نېمە دەيدىكىن»

- ئالدىڭىزغا يەنە كەلدىم پەرىدە، - دېدى غەيرەت ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا، - پەقەت سىزلا بەختىمنىڭ كاپالىتى ئىكەنسىز پەرىدە. سىز بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدىم. سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن قەدىرلەيمەن. ماڭا ئىشىنىڭ، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك يۈزسىزلىك ئىككىنچى يۈز بەرمەيدۇ، ماڭا ئىشىنىڭ بولامدۇ؟

پەرىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى. ئۇ بۇنداق ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن تالاي قېتىملار ئاڭلىغان. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت تازا ۋايىغا يەتكەندە بولسا پەرىدە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئۈستىدە، ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان. كېيىنچۇ، كېيىن غەيرەت پاتىگۈلنى تېپىۋېلىپ، پەرىدەدىن يۈز ئۆرگەن. پاتىگۈل بىلەن پەرىدە بىللە ئوقۇپ، بىللە چوڭ بولغان يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭمۇ تەقدىرى پەرىدە بىلەن ئوخشىشىپ قالغانىدى. پەرىدەنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان پەسكەشلىك ۋە شەپقەتسىزلىك ئۇنىڭ باغرىنى ئۆرتەپ ئارامىغا قويماۋاتاتتى.

- پەرىدە، - دېدى غەيرەت ئۇنىڭ ياپراقتەك تىترەۋاتقان نازۇك قوللىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ، - مۇھەببىتىمنى يەنە بىر رەت قوبۇل قىلىسىڭىز...

- ياق! - پەرىدە خۇددى چوغ تۇتۇۋالغاندەك قاتتىق ۋارقىراپ قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى، - سەن يەنە مېنى دەپسەندە قىلماقچى، ئارزۇ -

مەۋەسلىرىڭلى قاندۇرماقچى، شۇنداقمۇ؟ نومۇسسىز ئىپلاس! - ئۇ ماغدۇرسىزلانغان قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكىدى.

- پەرىدە كەتمەڭ، ئىمىشقا ياق دەيسىز پەرىدە. گېپىمگە ئىشىنىڭ. . .

- ئىشەنمەيمەن، قەتئىي ئىشەنمەيمەن! كۆزۈمدىن يوقال! - پەرىدە ئالدىنى توسۇۋالغان غەيرەتنى ئىتتىرىۋېتىپ ۋېلسىپىتنى يېتىلىگىنىچە هويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

پەرىدە كىچىككىنە ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكىلگىنىچە ئورۇندۇقىغا ياتاتتى. «دۇنيادا شۇنچە نۇرغۇن نەرسىلەر مەۋجۇتكەنۇ، ھەقىقىي ساپ مۇھەببەتلا يوق ئىكەن. ئۇ پەقەت ماڭىلا مەنسۇپ بولمىغان بولسا كېرەك. دۇنيادا گۈزەل چىرايغا ئېرىشمەك ئاسانكەن، بىراق شۇ رۇخسارىم بىلەن بەختكە ئېرىشمەن دەپ ئويلاش تولىمۇ ئەخمىقانىلىقكەن. . . » ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەت، ئۆكۈنۈش، پۇشايمان ۋە غەزەپ ئۇنى ئازابلاپ ھەدەپ تولغاندۇراتتى. «غەيرەت مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەرمۇ؟ يا مېنى يەنىلا ئەخمەق ئېتىش خىيالىدا بولۇۋاتامدىغاندۇ؟ ياق، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەي» پەرىدە دۈم بولۇۋېلىپ ياستۇقنى قۇچاقلىغىنىچە يەنە ئويغا پاتتى.

غەيرەت ۋىلايەتتىكى قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان بىر ئەمەلدارنىڭ كەنجى پەرزەنتى. پەرىدە ئۇنىڭ بىلەن قايسىبىر كۈندىكى توي ئاخشىمى تونۇشۇپ قالغان. شۇ كۈنىلا غەيرەت پەرىدەنىڭ ئوقۇتقۇچى، يەنە كېلىپ شەھەردىن يىراقراق بىر يېزا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنى قىلچە ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقانىدى. . . بۇ تونۇشۇش بارا - بارا مۇھەببەتلىشىشكە يۈزلەندى، غەيرەت ئۆزۈن ئۆتمەيلا پەرىدەنى شەھەرگە يۆتكەش، مۇھىمى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئوبدانراق بىرەر ئىدارىگە يۆتكەپ قويۇش ھەققىدە دادىسىغا ئېيتقانلىقىنى دېگەن. . . « راست، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلساملا ئوقۇتقۇچىلىقتىن - يىراق يېزىدىكى جاپالىق خىزمەتتىن قۇتۇلىمەن. بىراق مەن ئوقۇتقۇچىلىقنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ ئۇلۇغ مۇقەددەس خىزمەت. مەن ئاللىبۇرۇن دەرس مۇنبىرىدە ئاشۇ سەھرادىكى سەبىي قەلبلەر ئارىسىدا بىر ئۆمۈر ئىشلەيدىغانلىقىمنى قارار قىلغان. » تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غەيرەتنىڭ سىماسى پەيدا بولدى. «بۇ قېتىمقى تەلىپىگە ماقۇل بولماي كېيىن پۇشايماندا قالارمەنمۇ؟ » پەرىدە ئۆزىدە مۇنداق خىيالنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىغا ئۆزى ئىشەنمەي قالدى. «بولدى، بەس ئەمدى! » شۇنداق قىلىپ پەرىدە تۈنجى سۆيگەن يىگىتى شۇنداقلا نىكاھلانماي تۇرۇپ بىر ياستۇقتا باش قويغان ئادىمىنى قەلب تۆرىسىدىن مەڭگۈگە تاشلىۋەتتى.

پەرىدە ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز چېكىلگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆيگە پوزۇر كىيىنگەن يىگىت - ئالىم كىرىپ كەلدى.

- پەرىدە، - دېدى ئالىم خېلى بىر چاغدىن كېيىن ئېغىز ئېچىپ، - نەچچە ۋاقىتتىن كېلىشنى ئويلىغان بولساممۇ تازا جۈرئەت قىلالمىدىم. بۈگۈن ئۆيدە يالغۇز ئىكەنلىكىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىڭىزغا كېلىشىم، - ئۇ بىرپەس تىنىۋالدى، - راستىنى ئېيتسام سىزگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغىلى كەلگەنتىم. . .

پەرىدە قاتتىق تەئەججۇپ ئىچىدە ئالىمغا قارىدى.

ئالىم بىلەن پەرىدە بىر مەھەللىدىن بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ بىللە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن ئالىم قايتا ئىمتىھانغا قاتنىشىشنى خالىماي، ئاخىرى تىجارەت يولىنى تاللىۋېلىپ، نەچچە يىل ئۇيان - بۇيان چېپىپ خېلى تاسقاچىلىق تارتقان بولسىمۇ، ئىككى يىلدىن بېرى كەسپتە پىشىپ خېلىلا يول تېپىۋالغانىدى.

- پەرىدە، - دېدى ئالىم ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن تىكىلىپ، - تىلىكىم ئەمەلگە ئېشىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز بىلەن توي قىلىش شەرىپىگە ئېرىشەلىسەم، ئۆزۈمنى تەڭداشسىز بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم. ماڭا قاراڭ پەرىدە، مەن يەنە دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋەرسەم سىزنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغۇدەكمەن، - ئۇ يېنىدىكى سافادا ئولتۇرغان پەرىدەنىڭ قوللىرىنى يېنىككىنە قىسىپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭ مەڭزىگە ئاستا لېۋىنى تەگكۈزدى. بۇ چاغدا ئۇ پەرىدەنىڭ قارا كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

- ماقۇل دەڭا پەرىدە، مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلىڭ، - ئالىم سەل تېگىرقاپ قالدى، - رەنجىپ قالدىڭىزمۇ يا؟

- سىزدىن نېمىشقا رەنجىيمەن. سىزدەك مەرد، ئاق كۆڭۈل يىگىتنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە

ئېرىشكەنلىكىمدىن كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ، - پەرىدە ياشلىرىنى سۈرتتى.

- ئۇنداقتا تەكلىپىمگە قوشۇلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ - ئالىم خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالمايلا قالدى.

- مېنى كەچۈرۈڭ ئالىم، سىزمۇ بىلىسىز ئىلگىرى مەن غەيرەت بىلەن ئارىلاشقان. . . بىز يەنىلا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ئۆتەيلى، مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. . .

- پەرىدە، سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى بىلدىم. مېنى باشقىچە ئويلاپ قالارمىكىن دېمەڭ. مەن غەيرەت بىلەن يۈرگىنىڭىزنى بىلىمەن، بىراق ھەممىسى ئۆتكەن ئىشلارغۇ، مېنىڭ گەرچە ئۇنىڭكىدەك يۇقىرى خىزمەت ئورنۇم، ئۇنىڭكىدەك چوڭ يۆلەنچۈكۈم بولمىسىمۇ سىزنى مەڭگۈ سۆيىدىغان پاك سۆيگۈم بار. . . پەرىدە، مەن سىزنى ھازىرلا جاۋاب بېرىڭ دېمەيمەن، قانداقلا بولمىسۇن قەلبىمدە ئۆزۈڭدىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن سۆزلىرىمنى ئاخىرى سىزگە دېدىم. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا مەن ئۈچۈن زور تەسەللىي، - ئالىم يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۇلۇغ بىر تىنىۋالدى، بىراق كۆچلۈك ھاياجان يەنىلا ئۇنىڭ قانلىرىنى ئۇرغۇتماقتا ئىدى. ئۇ پەرىدەنىڭ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا تەكلىپىنى رەت قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك پەرىدە بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. پەرىدە يەنە ئويغا پاتتى «راست، ئالىم ئۆزى ئېيتقاندەك ئالىي مەكتەپ دېپلومىغا، خىزمەت ئورنىغا ئىگە ئەمەس، بىراق ئۇ ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق يىگىت، بىراق مەنچۇ؟ مەن غەيرەتنىڭ ھېسسىياتلىق سۆزلىرى، شەھۋانىي قىلىقلىرى ئالدىدا مەستخۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئوڭايلا تۇتقۇزۇپ قويغانمەن. ياشلىقىنى تەۋەككۈلچىلىك، چىرايلىق قىزلارنى قوغلىشىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان غەيرەت تەرىپىدىن نابۇت قىلىنغان ئەپتىم بىلەن قانداقمۇ ئالىمغا ياتلىق بولىمەن؟ . . .» بىر قارارغا كەلگەن پەرىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا قەلەم ئېلىپ مۇنۇلارنى يازدى:

«ئالىم، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەركۈنى دېگۈدەك ماڭا تېلېفون بەردىڭىز، قىسقىسى مېنى ئىزلىدىڭىز، ئاخىرى بۈگۈن كەچتە كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتتىڭىز. مەن بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. . . بىراق مەن سىزنىڭ سۆيگۈڭىزگە مۇيەسسەر بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسمەن. مەن ئالىقاچان بۇلغانغان جىسمىم بىلەن يەنىلا «قىز»

ئاتىقىدا ياشاپ كېلىۋاتقان بەندە. مېنى كەچۈرۈڭ ئالىم.»

كۆز شامىلى سوغۇق دەستىدىن سارغىيىپ چۈشكەن يوپۇرماقلارنى ھەريان ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. پەرىدە ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە ئاستا پىچىرلايتتى «مەن سېنى سۆيىمەن ئالىم، سۆيگەندىمۇ كەلگۈسىگە، ھاياتلىققا تەلپۈنۈۋاتقان ئوتلۇق يۈرىكىمدىن سۆيىمەن. بىراق ساڭا مۇناسىپ ئەمەسمەن. سېنىڭ قەلبىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك ھەم نۇقسانسىز. مېنىڭ ئەپت - بەشىرەمنى بىلگەندىن كېيىن مەندىن نەپرەتلىنەرسەن، لەنەتلەر ئوقۇرسەن. . .»

× × ×

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى، پەرىدەنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمىدى. بىر يەكشەنبە كۈنى بازارغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى چىققان پەرىدە ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە خىزمەتدىشى شۆھرەت ئۇنى ئىزلەپ كەپقالدى. شۆھرەت 32 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇغداي ئۆڭ، ئېگىز بوي، خېلى قاملاشقان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى ماشىنا ھادىسىسىدە قازا قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىككى ياشلىق قىزى بىلەن ئۆتەتتى، ھازىر قىزى تۆت ياشقا كىرگەنىدى. پەرىدە مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شۆھرەت پەرىدەنىڭ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، تولىمۇ كۆڭۈلچەك قىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھەم ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ئاز - تولا خەۋەرمۇ تاپقانىدى. ئىككىيلەن ئىشخانىدا يالغۇز - يېرىم قالغىنىدا شۆھرەت ئۇنى - بۇنى سوراپ ئوبدانلا ھال - مۇڭ قىلاتتى.

- يۈرگىنىڭىز بارمۇ؟ - سورىدى بىركۈنى شۆھرەت.

- ياق، قەلبىمدە كېزىپ يۈرگىنى پەقەتلا ئەسلىمە.

- ئېيتىڭا پەرىدە، نېمىشقا جورا تاپمايسىز؟ - سەمىمىيلىك بىلەن سورىدى شۆھرەت، - ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى ياخشى. ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز ئىككىمىز بىر پاراڭلاشساق.

پەرىدە دەرھال باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بەرگەنىدى.

- پەرىدە، سىز بىلەن مۇھىم بىر ئىش ھەققىدە سۆزلىشەي دەپ كەلگەنىدىم، - بىر ھازادىن كېيىن گەپ باشلىدى شۆھرەت، - گەپنى ئۇزارتماي، مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسىز؟

پەرىدەنىڭ چىرايىغا بىردىنلا قىزىللىق تەپتى. ئۇ شۆھرەتنىڭ ئۇدۇلىدىكى سافادا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئولتۇراتتى.

- ئاڭلاۋاتامسىز پەرىدە، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ مەيلى ئەمىسە، ئوبدانراق ئويلىنىۋېلىڭ، كېيىن بىر ۋاقىتتا

سۆزلىشەلى، بولامدۇ؟

«ئۇ توي قىلىش تەكلىپىنى ئېيتىۋاتىدۇ - ھە! بۇ ئاۋاز، بۇ پوزىتسىيە نېمىدېگەن سەمىمىي، نېمىدېگەن يالقۇنلۇق - ھە!»

پەرىدە ئۇنى خىيالىدا چۈشىنىپ قالغان كۈنلەردە، بولۇپمۇ بۇ ئىككى يىل مابەينىدە ئۇنىڭ تېخىچە تىنچلانمىغان يۈرىكىدە شۆھرەتكە نىسبەتەن ئاجايىپ شېرىن، ئاجايىپ سىرلىق بىر تۇيغۇ باش كۆتۈرۈپ قالغانىدى. شۆھرەت ئىككىسى يالغۇز پاراڭلىشىپ قالغاندا پەرىدەنىڭ ۋۇجۇدى بىلىنەر - بىلىنمەس جۇغۇلداپ، ئىللىق بىر سېزىم ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ كېتەتتى. بىراق ئۇ بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئۆزىنى زورىغا باساتتى، ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. بۇنداق ئىشلارنى ئامال بار ئويلىماسلىققا تىرىشاتتى. ئەمما ھازىر ئۇنى تەشنا قىلغان، بىتاقەت قىلغان ئەر ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا پەرىدە تولىمۇ شادلاندى. بىردىنلا ئۇنىڭ شۆھرەتنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ قانغۇچە يىغلىۋالغۇسى كەلدى. راست، پەرىدە ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ھازىدارلارنىڭ يىغىسىدەك ئېچىنىشلىق ئىدى.

- بۇ... بۇ قانداق بولار، - ئۇنىڭ ئۈنى بىر ھازا ئۆچتى، - مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟ سىز مېنى ئوبدان چۈشەنمەيسىزغۇ دەيمەن.

- پەرىدە، ئېيتىڭا، ئەجەبا توي قىلمىغان بىر قىز توي قىلغان، بىر باللىق بولغان ئادەمگە ياتلىق بولسا بولمامدىكەن. مەن سىزنى سۆيىمەن، سىزنى چوقۇم بەختلىك قىلىمەن.

- شۆھرەت، گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. سىزنى ئېيتىشقىمۇ يارىتاماي... سىزگە يۈز كېلەلەيمەنمۇ...

- ئازمايدىغان ئىنسان يوق پەرىدە، - شۆھرەت ئۇنىڭ يەلكىسىگە يېيىلىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرىنى ئاستا سىلىدى، - گەپ كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشتا.

پەرىدەنىڭ كۆز ئالدىغا شۆھرەتنىڭ قىزى زۆھرەنىڭ بىر جۈپ قاپقارا كۆزلىرى كەلدى، «ئۇ قىز مەندىن مېھىر - مۇھەببەت تىلەۋاتىدۇ، ئۇ ئانىغا موھتاج، مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج» شېرىن ئارزۇ قايىنىمىغا چۆككەن پەرىدە شۆھرەتنىڭ ئۆزىنى چىڭ قۇچاقلىشىنى، يېنىشلاپ سۆيۈشىنى كۈتمەكتە ئىدى...

كەچ كىردى، شېرىن سۆھبەت تېخىچە ئاخىرلاشمىغانىدى، ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاي ئۇلارغا بەخت تىلىگەندەك تەبەسسۇم قىلاتتى.

مەسئۇل تەھرىرى: روشەن سەيپۇللا

ئەركىن زاكىر

# ئەخلەت كۆلچىكىدىن چىققان پۇل

(ھېكايە)

ئەخلەت قاچىلانغان بىر سۇلياۋ خالتىنى ئېلىپ ئەخلەت كۆلچىكى يېنىغا بېرىشىمغا قىزىق ئىشتىن بىرگە يولۇقتۇم.

ئەخلەت كۆلچىكىدىن پارچە - پۇرات قەغەزلەرنى يىغىپ ساتىدىغان بىر ئەسكى - تۈسكى يىغقۇچى سېسىغان ئۈزۈمى بىلەن تاشلانغان ئەپچىلگىنە بىر قەغەز يەشىكنى قولىغا ئېلىپ، سېسىغان ئۈزۈملىرىنى تۆكۈۋېتىپ، قەغەز يەشىكنى ئالماقچى بولدى. ئۇ يەشىكنى دۈم كۆمتۈرۈپ تۆكۈشكە سېسىغان ئۈزۈم ئارىسىدىكى بىر قىزىل كونۋېرتقا كۆزى چۈشتى. ئۇ كونۋېرتنى ئېچىۋىدى، 100 يۈەنلىكتىن ئون تالغا يېقىن پۇل چىقتى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭغۇچە يەنە بىرنەچچەيلەن كۆردى. ئەسكى - تۈسكى يىغقۇچىنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ پۇلنى ساناشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئەپچىلگىنە ھارۋىسىنى ئىتتەرگىنىچە كېتىپ قالدى. قاراپ تۇرغانلار قانداق ئەخمەق تاشلىۋەتكەندۇ دەپ بىر - بىرىمىزگە قاراپ ھەجىيىشىپ

قويدۇق. ئەخلەت كۆلچىكىدىكى پۇلنى كىممۇ مېنىڭ دېيەلىسۇن؟ !

بۇ گەپ شۇ كۈنىلا ئىدارىگە پۇر كېتىپ قىزىق پاراڭغا ئايلىنىپ قالدى. ئەخلەت تۆككىلى چىققىدىغانلارمۇ كۆلچەككە قاراپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. بىرى سۈرۈشتە قىلىپ ئېلىۋالىدىغاندەك ھېلىقى ئەسكى ـ تۈسكى يىغقۇچىمۇ قايتا يولىمىدى.

شۇ كۈنلەردە قوشنىمىز ئابلەتنىڭلا چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئېلىپ غەمكىن يۈرگەنلىكى دىققىتىمىزنى تارتتى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭدىن:

ـ ئاداش، بەك غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ، ئايالىڭنى ئىدارىگە يۆتكەپ كېلىش ئىشىڭ قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ بېشىنى چايقاپلا قويدى.

ـ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ئازراق سوۋغا ـ سالام بىلەن كىرسەڭ بولمامدۇ؟ ـ دېدىم مەن.

ـ مەن سوۋغا ـ سالامنى بېرىش يولىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىزنىڭ چوڭ ئۆزۈملۈك بېغىمىز بار، بىزنىڭكىگە ئوخشاش تىلنى يارغۇدەك ئۈزۈملەر باشلىقنىڭ ئۆيىدە ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغان ئوخشايدۇ، ھەي. . .

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قانداقتۇر بىر سىرنى چۈشەنگەندەك بولۇپ قالدىم.

مەسئۇل تەھرىرى: ئۆچقۇن راخمان

پەتتۇللا توختى

# ئىككى شېئىر

## ھەق سۆز

سورساڭ مېنىڭدىن: مەن گۈزەلمۇ؟ دەپ،
جاۋابىم بەرمەسمۇ دىلىڭغا ئازار.
ئېھتىمال كۈلسەن ياكى رەنجىسەن،
ئېغىزىم ھەقنى ـ ھەق سۆزلىسە نىگار.

چىرايىڭ پەردەك بولمىسىمۇ گەر،
پاك قەلبىڭ مەن ئۈچۈن شۇقەدەر لېۋەن.
گۈزەللىك باشقا گەپ، ئاشىقلىق باشقا،
مەن غېرىپ كۆزىدە سەنكى بىر سەنەم.

قايغۇرما سەن يەنە كۆزۈڭنى ياشلاپ،
پەخىرلەن ئىچكى گۈل سىياقىڭ بىلەن.
كۆپۈكتۇر سۇدىكى بىردەم لەيلىگەن،
شۇ تاشقى گۈزەللىك، ئۆز چىراي دېگەن.

قارىغىن، ئەي نىگار ئەنە پەرۋانە،
ئاشىقلىق يولىدا كۈل بولدى كۆيۈپ.
قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا،
ئۆتىمەن مەڭگۈگە بىر سېنى سۆيۈپ.

## كىچىك ھەۋەسكار

زور ئارمانلار قولىنى يېتىلەپ،
باشلاپ كېلەر سەرسان ھېسلارنى.
ۋىسال ئىزلەپ زارىققان قەلب،
تېنەشلەردىن بولىدۇ جىلى.

قارچۇقىدا تىزىلىپ رەت ـ رەت،
ئۆتەر ئاستا گۈزەل كەلگۈسى.
تاتلىق خىيال چىللاپ مۇڭدەكنى،
قورشاپ ئالار ئۇيقۇ جىسمىنى.

ئۈچۈرۈكسىز ئۈستەلدە چىراغ،
قىيسىيىدۇ بىر يانغا گەۋدە.
شېرىن چۈشلەر بىلىپ ـ بىلىنمەي،
يۈگۈرتىدۇ چىرايغا كۈلكە.

پاتىگۇل سەمەت (ئوقۇغۇچى)

## سەھرا

بىر سۆيگۈ ئاقىدۇ يۈرەكتە شىر - شىر،
بىر كۈي بار قەلبىمدە تىنجىماس ئەسلا.
بىر جاي بار ھەر ئەسنا تىلىمدا زىكىر،
ئۇ گۈللەر ماكانى قەدىردان سەھرا.

ئۇندا بار زۇمرەتتەك ئاققان شوق سۇلار،
ھەم گۈللەر ئاشىقى - رەڭدار كېپىنەك.
تولۇن ئاي يورۇتسا كېچىلىرىنى،
شوق شامال يۈزلەرگە سۆيىدۇ رەت - رەت.

ئۇ ھايات بۆلىقى، ئۇ ئالتۇن بۆشۈك،
ئۇ جەننەت، گۈزەللەر كۈلۈپ يايرىغان.
ئۇندا جەم تۇغۇلمىش، شادلىق، ھەسرىتىم،
ئۇ گۈلباغ بۇلبۇللار ئەركىن سايرىغان.

مەن سەھرا قىزىمەن، بىغۇبار قەلبىم،
سەھرانىڭ بىپايان باغرىغا تۇتاش.
قانداقمۇ كۆيلىمەي تۇرالايدۇ دىل،
ئۇ تۇرسا مېھرىبان ئانامغا ئوخشاش.

*****************

ئالىمجان مامۇت

## پارچىلار

يۈركۈتنىڭ قۇدرىتى بولغاچ جىسمىدە،
كۆك ئاسمان بىتىدە ئۇچىدۇ مەغرۇر.
يەر بىلەن قۇدرەت تاپ، قاناتلان سەنمۇ،
سانىساڭ ئۇزۇڭنى ھەقىقىي ئۇيغۇر.

× ×

ئاتا - ئاناڭ ئەجرىنى ھەرگىز ئۇنۇتما،
يەلكەڭدە ھاپاش ئەت، كۆڭلىن سوۋۇتما.
ئۇلارنىڭ قەلبى بىل ئىللىق بىر قۇياش،
شۇ ئوتلۇق قەلبىگە ئازاب يولۇتما.

× ×

دانالار سۆزىنى تۇتۇپ چىڭ ئەستە،
ئەخلاق ھەم بىلىمنى ئۆگەن بەس - بەستە.
ۋاقىتتىن نىسبەتنى تېزدىن يۇلۇپ ئال،
ئەجەلنىڭ نۆۋىتى يېتىپ كەلمەستە.

× ×

مۆجىزە يوق ئىكەن يېمەك - ئىچمەكتە،
ۋە ياكى مودىنى تاللاپ كىيمەكتە.
شۇ ئىكەن مۆجىزە بەلنى چىڭ باغلاپ،
ئىلىمنىڭ سىرىنى ئېچىپ بىلمەكتە.

### تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996 - يىلى 4 - سان 79 - بەت 2- كالۇنكا يۇقىرىدىن 3- قۇرنى ... ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك كوللېكتىپ مۇكاپاتقا ... دەپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

مۇھەررىردىن

# مەڭگۈلۈك مۇھەببەت

## دىككىنىسنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر

بىر يازغۇچى كۆپ ھاللاردا ئۆز ئەسىرىگە ئادىل باھا بېرەلمەيدۇ. ئەمما، چارلىز. دىككىنىستا (1870 ـ 1812) بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن:


«نۇرغۇنلىغان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىلارنىڭكىگە ئوخشاش مېنىڭمۇ بىر سۆيۈملۈك بالام بار، ئۇنىڭ ئىسمى ‹داۋىد. كېبوفىر› دۇر».

دەرۋەقە، دىككىنىسنىڭ بۇ «سۆيۈملۈك» ئەسىرىنى يۇقىرى باھالىشىدا تولۇق ئاساسى بار ئىدى. بۇ ئەسەر ئىدىيە ۋە سەنئەت جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ، بۇ ئەسىرىگە ئۆزىنىڭ قان ـ تەرىنى ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئاچچىق كەچمىشلىرىنى ۋە بىرنەچچە ئايال بىلەن بېشىدىن كەچۈرگەن مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋەتكەن. بۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى خوجايىن قىياپىتىدە ئەسەر ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. دىككىنىس ئەسىرىنى يېزىۋاتقاندا ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى بۇ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ تەمىنى يەنە بىر قېتىم تېتىغان. ئۇنىڭ بۇ تۇرمۇشىدا خۇشاللىقمۇ، بەختىيارلىقمۇ، ھەسرەت ۋە ئازابمۇ بار ئىدى.

### نادامەتلىك تۇنجى مۇھەببەت

بىر قىسىم تەرجىمىھالچىلار دىككىنىسنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى ھەققىدە توختالغاندا ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى «كىچىك سۆيگۈنى» نى تىلغا ئالماي قالمايدۇ. بۇ، ئۇ 1821 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ لوندونغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى ئىش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بۈيۈك لوندوننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان چاتھام تاقىم ئاراللىرىدىكى ئوتتىس. تراس دېگەن جايدا ئىدى. تام قوشنىسىنىڭ بالىسى جورجى. سېترانىشېر ئۇنىڭ ئوينايدىغان ھەمراھى ئىدى. جورجىنىڭ لۇشى. سېترانىشېر ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بار ئىدى. دىككىنىسنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىدىكى پورتېرىت تەسۋىرىدىن پەرەز قىلىنىشىچە، ئۇ ئانار يۈزلۈك، بۇدۇر چاچلىق كىچىك ساھىبجامال ئىدى. دىككىنىس ھەركۈنى ئۇنى سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرەتتى، يېنىدىن بىر دەممۇ داجىمايتتى. يەنە تېخى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش سورۇنىغىمۇ بىر قېتىم داخىل بولغانىدى. دىككىنىس ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. «داۋىد. كېبوفىر» دا داۋىد مايتىرنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندا دىككىنىس مۇنداق دېگەنىدى، ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى بۇ خىل مۇھەببىتى، كېيىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرگەن ئەڭ گۈزەل مۇھەببەت بولۇپ، ناھايىتى ساپ ھەم شەخسىيەتسىز ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ مەزگىلدىكى مۇھەببەتنى ھەقىقىي مۇھەببەت دەپ ھېسابلىغىلى بولمايتتى. دىككىنىسنىڭ ھەقىقىي تۇنجى مۇھەببىتى ئالاھازەل ئون يىلدىن كېيىن پەيدا بولغان.

دىككىنىسنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئېغىر جەبرى ـ جاپالار ئىچىدە ئۆتكەنىدى. ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ دادىسى قەرزگە بوغۇلۇپ تۈرمىگە كىرىپ قالغاچقا، بىر ئائىلە كىشىلىرى تۈرمىگە ھەيدىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇراتتى. دىككىنىس ناھايىتى ئېغىر ئۆي ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئالدى. كېيىن ئۇ ئاياغ مېيى زاۋۇتىغا شاگىرتلىققا كىردى. ئۇ ئاران بىرنەچچە يىللا ئوقۇيالىدى. 16 يېشىدا بىر قانۇن ئىشلىرى



ئورنىدا پۈتۈكچى، كېيىنرەك بىر گېزىتخانىدا مۇخبىر بولدى. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مۇھەببىتى ئۇ مۇخبىرلىق تۇرمۇشىنى باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قوزغالغانىدى.

مارىيا. بىدنېر لومباردىيە كوچىسىدىكى بىر بانكىرنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ ناھايىتى زىلۋا ھەم سۇمباتلىق، ئەمما ئىنتايىن يېنىك ئىدى. ئۇ ئەرلەرگە ئۆزىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆز - كۆز قىلىشنى، بىرەر يىگىتنىڭ ئۆزىگە يېقىنچىلىق قىلىشنى ھەم كەينىدىن سوكۇلداپ مېڭىشىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دائىم مۇشۇنداق ئەركەكلەردىن خۇشاللىقتا ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەتكە ئېرىشەتتى.

دىككىنس مارىيا بىلەن بىر دوستىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق تونۇشۇپ قالغانىدى. مارىيا دىككىنسنىڭ مەردانە سالاپىتىگە، قاملاشقان قىياپىتىگە مەپتۇن - مەھلىيا ئىدى ھەم ئۇنىڭ بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى. ئەمما، دىككىنسنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىغا ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىك لايىقى دەپمۇ قارىمايتتى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ شۇنداق قارايتتى. ئۇ مۇھەببەتنى پۈتۈنلەي ئويناشماقچىلا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. دىككىنس بولسا ئۇنىڭ مۇھەببەت قايىنىمىدا ئۈزەتتى. مارىيا جىگەررەڭ كىيىمنى كىيىپ رويال ئالدىدا ئولتۇرۇپ مۇزىكا چالغاندا دىككىنس خۇددى تورغا چۈشۈپ قالغان كېپىنەكتەك ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەيتتى. مارىيانىڭ ھېسسىيات ئويۇنى ئويناۋاتقانلىقىنى تۇيمايتتى. مارىيا دىككىنسنىڭ نەزەرىدە خۇددى ئۇ «داۋىد. كېپوفېر» دا تەسۋىرلىگەن دورانىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ گويا پەرىشتە ئىدى. دىككىنس مارىياغا پەلەي قاتارلىق ئۇششاق سوۋغىلارنى تەقدىم قىلاتتى، خەت يازاتتى. يەنە ئۇنىڭغا بېغىشلاپ شېئىرمۇ يازدى.

مارىيا پارىژغا بېرىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن قايتىپ كەلگەندە دىككىنس ئۆزىنىڭ قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

## ئازاب بىلەن مارىيادىن ئايرىلىش

مۇخبىرلىق خىزمىتى دىككىنسقا رېئال تۇرمۇشنى چوڭقۇر چۈشەندۈردى. ئۇ بىر يۈرۈش خاتىرىلەرنى يازدى. ئۇ «سەھەر گېزىتى» گە ئۆزىنى بېغىشلىغاندىن كېيىن «پىكۋىكنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق رومانىنى يېزىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ تالانتى ئەسلىدىكى «سەھەر گېزىتى» دىكى بىر خىزمەتدىشىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى. كېيىن «كەچلىك گېزىتى» نىڭ باش تەھرىرى جورجى. خوگىسنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ دىككىنس بۇ ئائىلىنىڭ ئەڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىدىغان مېھمىنى بولۇپ قالدى.

جورجى. خوگىسنىڭ بىرنەچچە قىزى بار ئىدى. كاسرىن 20 ياشقا، مارىيا 16 ياشقا كىرگەنىدى. جورجىنا تېخى كىچىك ئىدى. خوگىسنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دىككىنسنى ناھايىتى چوڭ كۆرەتتى. دىككىنسمۇ بۇ ئائىلىدە ئۆزىنى ئىنتايىن بەختىيار ھېسابلايتتى. ئۇ مارىيا بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى خۇشاللىق ھېس قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بويىغا يېتىپ قالغان كاسرىننى ياخشى كۆرۈپ قالدى ھەم كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋالدى. بىراق ئۇ تويدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنىڭ كاسرىن بولماي مارىيا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

مارىيا. خوگىس دىككىنس ئۇنىڭ ئاچىسى بىلەن توي قىلغاندا تېخى 16 ياشلىق قىز ئىدى. تويدا ئۇ ئاچىسىنىڭ قولدىشى بولغانىدى. ھەم شۇ جايىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە، قولداشلار قىز - يىگىتكە ھەمراھ بولۇپ ئۇلار بىلەن بىللە شېرىن ئاي ئۆتكۈزەتتى. دىككىنس كاسرىن بىلەن سىرتلاردا بىر ھەپتە ئويناپ كەلگەندىن كېيىن مارىيا يەنە ئۇلارغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلدى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىللە بىر ئايدىن كۆپرەك تۇردى. شۇندىن باشلاپ مارىيا ئۇلارنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدى. دىككىنس مارىياغا ناھايىتى ئامراق ئىدى، ئۇلار دائىم پاراڭلىشاتتى. يەنە تېخى بازارغا بىللە چىقىپ نەرسە - كېرەك سېتىۋالاتتى. دىككىنس مارىيا يېنىدا بولسىلا ئۆزىنى ئىنتايىن خۇشال ھېس قىلاتتى. پۈتكۈل جىسمىدىن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق، تەقدىر ئۇنىڭ بىلەنلا قېرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ خىل بەخت ۋە خۇشاللىق ئۇزاققا بارمىدى. 1837 - يىلى 5 - ئاينىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى دىككىنس كاسرىن ۋە مارىيالار بىلەن ئويۇن كۆرگىلى باردى. ئۇلار

ئۆيۈندىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، مارىيانىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالدى. گەرچە دوختۇر ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن داۋالىغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئۇ دېككىنسىنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزدى. بۇ ئىش دېككىنسقا تەڭداشسىز ئازاب بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ مارىيانىڭ قولىدىكى بىر دانە ئۈزۈكنى چىقىرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قولىغا سېلىۋالدى، ئىنتايىن قىممەتلىك بۇ خاتىرە بۇيۇمى دېككىنسىنىڭ يېنىدىن بىر دەممۇ ئايرىلمىدى، دېككىنس ئۇنى تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ساقلاپ يۈردى.

دېككىنسىنىڭ مارىياغا بولغان ھېسسىياتى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى. مارىيانىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا ئېغىر ئازاب ئېلىپ كەلدى. ئۇ كۈنلەپ - كۈنلەپ تېگى يوق ئازاب ئىچىدە ئۆرتەندى. ئۇ بۇ ئازاب قايىنىمىدىن ھېچ قۇتۇلۇپ چىقالمىدى. بىرنەچچە ھەپتىگىچە يېزىقچىلىقمۇ قىلالمىدى. ئۇدۇللۇق يېزىپ گېزىتتە ئۇلاپ ئېلان قىلىنىۋاتقان «پىكۋىكنىڭ تەرجىمىھالى» مۇ ئۇدا ئىككى ئايغىچە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ مارىيادىن يادىكار بولۇپ قالغان ھەربىر نەرسىنى قەدىرلەيتتى. كىيىم - كېچەكلىرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلايتتى. مارىيا ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان خاتىرە قاپنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايتتى. چۈنكى بۇ قاپتا مارىيانىڭ مېھىر - مۇھەببىتى بار ئىدى. ئۇ مارىيانى ئۇنتۇيالمىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئازابتىن تېخىمۇ قۇتۇلالمىدى. ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىشالايدىغان، ئىناق - ئىجىل بىرىنى ئىلگىرى ئۇچراتمىغانىدى. كېيىنمۇ ئۇچرىمايدۇ، ئۇ ئەنە شۇنداق ئويلايتتى. كۆپ يىللارغىچە ئۇ باشقا ھېچنېمىنى ئارزۇ قىلمىدى. پەقەت مۇشۇ بەختنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشنىلا ئىزدىدى. ئۇ شۇنداق ئويلايتتىكى، ئەگەر مارىيا بولمىسا ئۇ ھەرقانچە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىغۇسى كەلمەيدۇ. ئەمما ئۇ راستتىنلا نېرىقى ئالەمگە كەتتى، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى ئۆلگەندىن كېيىن مارىيا بىلەن بىر يەردە يېتىشلا ئىدى.

مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، دېككىنس گەرچە يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ ھەم قەلەمنى قولىغا ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا مارىيانى ئېسىدىن چىقىرالمىدى. ئۇنى دائىم ئەسلەپ تۇردى. چۈشىدىمۇ مارىيا بىلەن بىللە بولدى. مارىيا ئۇنىڭ چۈشىگە كىرمىسە زېھنىنى يىغالمايتتى ھەم ئۇخلىيالمايتتى. مارىيانى چۈشىگەندە بولسا تىنچ ۋە خاتىرجەم بولۇپ قالاتتى. بەزىدە ئۇ ئىلاھىي ئانىغا ئايلىنىپ قالاتتى.

شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر كەچتە ئۇ چۈشىدە بىرىنىڭ ئىلاھىي زىيارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆرگىنى لاپېر سىزغان ئىلاھىي ئانا كىيىۋالغان ئاشۇ كۆك يېپەكلا بولدى، خالاس. ئەمما ئۇ تاقىۋالغان نەرسىلەردىن قارىغاندا، ئۇ كۆرگەن قانداقتۇر بىر رەسىمدىكى ئىلاھىي ئانىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دوستى يوھان. فوستقا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇ بەختسىز مارىيانىڭ روھى، مەن ئاررامۇ قورقمايمەن، ئەكسىچە خۇشاللىق ھېس قىلىمەن. خۇشاللىقتىن كۆزۈمدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى. ئۇنىڭغا قوللىرىمنى سوزۇپ، ئۇنى ‹سۆيۈملۈكۈم› دەپ ۋارقىرىدىم. بۇ ۋاقىتتا ئۇ كەينىگە داجىپ غايىب بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. شۇنداق قىلىپ، شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئۇ ماڭا ئوخشاش بىچارە ئەمەسكەن. مەن ئۇنى ئۇنداق يېقىملىق چاقىرمىسام بولغۇدەك. . . »

دېككىنسىنىڭ مارىياغا بولغان مۇھەببىتى ئىنتايىن سەممىي ئىدى. بۇ خىل مۇھەببەت ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە كۆپ قېتىم ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى: «داۋىد. كېببوفېر» دىكى ھەقىقىي ئايال خوجايىن ئاگنىس. ۋېكفېردنىڭ، «قەدىمىي ئۆيۈنچۇقخانا» دىكى ئايال خوجايىن كىچىك نېر ۋە «كىچىك دول» دىكى كىچىك دول قاتارلىقلارنىڭ قىياپىتىدىن مارىيا. خوكسىنىڭ سايىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا داۋىدنىڭ ئىككىنچى ئايالى بولۇپ

قالغان ئاگنېستا مارىيانىڭ ئۆلمەس روھى يەنە بىر قېتىم زاھىر بولغان. دىككىنىس مۇنداق دېگەن: «ئۇ، خۇددى كۆكتىكى پارلاق زىيادەك مۆسىندە پارلاتتى ئەكسىمنى مېنىڭ...»

## بەختسىز ئەر - خوتۇن

يازغۇچى - سەنئەتكارلاردا ئاز - تولا ساراڭلىق خورۇچى بولىدۇ. باشقىلار بىلەن ئاسانلىقچە ئەپ ئۆتەلمەيدۇ؛ يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ خوتۇنى بولۇشمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، كاسرىنىنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بار ئىدى، مۇئامىلىسى مۇلايىم، مېڭىش - تۇرۇشى توختۇن، قولى ئەپچىل ئىدى. ئۇ كەشتە تىكىشكە ئۇستا ئىدى، مۇزىكىنى پىششىق بىلەتتى. نېمىسچىنى ناھايىتى راۋان سۆزلىيەلەيتتى... ئەمما ھەرىكەتلىرى سەل قوپال ھەم ئېغىر ئىدى، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى كۈتۈشكە تازا ماھىر ئەمەس ئىدى. كاسرىن ياش ھەم ئەۋرىشىم ۋاقىتلىرىدا دىككىنىسنى ئانچە - مۇنچە ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. ئىككىيلەننىڭ ئورتاق تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن دىككىنىسمۇ ئايالىغا ۋاقتى - ۋاقتىدا خەت يېزىپ سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ تۇرسا بولاتتى. بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى دىككىنىسقا باشقىچە تەسىرات ئېلىپ كەلدى. يەنى خوتۇنى ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۆز جەزبىسىدىن قالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېشى چوڭىيىپ سالامەتلىكىمۇ بۇزۇلغىنىغا يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال دىككىنىسنى بىئارام قىلدى. ئۇنىڭ ئىچى تېخىمۇ تىتىلدايدىغان بولۇپ قالدى، مىجەزى تەرسالاشتى. ئالىقاچان ياشلىق نازاكىتىدىن قالغان، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ئىنتايىن يېقىمسىز تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. جىق تۇغقان ھەم يەنە ھامىلىدار بولۇپ قالغان خوتۇنى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاستا - ئاستا سوۋۇتۇپ قويدى. ئۇ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي خوتۇنىغا نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ باشقا ئاياللار ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىسسىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ھالىڭ تېخىمۇ چوڭىيىشقا باشلىدى. گەرچە ئۇلار ئون پەرزەنتلىك ئاتا - ئانىلاردىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بەختسىز ئەر - خوتۇنلار ئىدى.

1855 - يىلى 2 - ئايدا ئالىقاچان باشقا بىر ئەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن مارىيا. بىرنەرسە بۇرۇن ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، ئەمدىلىكتە داڭلىق شەخس بولۇپ قالغان دىككىنىسقا بىر پارچە خەت يازىدۇ. «دورا» نىڭ قايتىدىن پەيدا بولۇشى دىككىنىسنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدۇ. ئۇ مارىياغا يازغان خېتىدە خەت .تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئۆز بالىلىرىغا، ئۇنىڭ بالا ۋاقىتلىرىدا ئەڭ چىن ھەم ئەڭ ساپ، سەمىمىي مۇھەببىتى بىلەن «ئۇلارنىڭ ئانىسىنى قىزغىن سۆيگەنلىكى» نى دەپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ يەنە مارىيا بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈشنى ئۆتۈندى. ئۇ، تېخى بۇ كۆرۈشۈشنىڭ ناھايىتى ساپ بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەبىي ھېسسىياتىنى چۈشىنىشكە بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرۈپ قويدى. ئۇلار يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، دىككىنىسنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان ئايال ئۇنىڭ نەزەرىدىكى «دورا» بىلەن ئازراقمۇ ئوخشىمايتتى. رەھىمسىز يىللار ئۇنى بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق تولا ئۆتكەن سېمىز بىر ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. رومانتىك جەلپكارلىقتىن ئازراقمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. بۇ ھال دىككىنىسنى ئۈمىدسىزلىككە پاتۇرۇپ قويدى.

دىككىنىس مارىياغا بولغان قىزغىن مۇھەببەتتىن ئۈمىدسىزلىككە پاتقۇچە بولغان جەريان ئۇنى بىر قېتىملىق نىكاھ كرىزىسىدىن ساقلاپ قالدى. بىراق، ئىككى يىلدىن كېيىنكى ئەيلۇن. تېنان بىلەن بولغان مۇناسىۋەت دىككىنىسنىڭ كاسرىن بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتقان نىكاھ تورىغا سايە تاشلاپ، بۇ ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالدى.

دىككىنىس دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئەيلۇن. تېنانغا بولغان ھېسسىياتىنى ئىككىلەنمەيلا كاسرىنغا ئېيتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە بۇ ئىككى دوستلۇقنى بىلدۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئەيلۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يوشۇرۇپ، ئۆزى بىلەن ئەيلۇن توغرىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ئۆسەك گەپلەرنى تىنجىتىش ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ

كىتاب ئىشكاپى ئارقىلىق كاسىرىن بىلەن بىللە تورۇۋاتقان ئۆيىنى بۆلۈپ قويىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، كاسىرىنغا ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بۇرۇتىپ قويۇش ئىدى. بىر مەزگىللىك ئەگرى - توقايلىقلاردىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىشى بىلەن ئىككى تەرەپ ئايرىم تۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزدى. ئىككىيلەن 1858 - يىلى ئايرىلىپ كەتتى، بۇ ئايرىلىپ تۇرۇشتىنلا دېرەك بېرەتتى، ھەرگىزمۇ ئاجرىشىش ئەمەس ئىدى. كاسىرىن چوڭ ئوغلى بىلەن بىللە تۇردى. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 600 فوند ستېرلىڭ كۆتۈنۈش خىراجىتىگە ئىگە قىلىنىدىغان بولدى.

مۇشۇ ئايرىلىشتىن باشلاپ تاكى ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ، ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر كاسىرىن بىلەن ئاران ئىككى قېتىم خەت يېزىشتى. دىككىنىس ئۆزىنىڭ كاسىرىن بىلەن بولغان نىكاھ مۇناسىۋىتىگە مۇنداق باھا بەرگەنىدى: «بىچارە كاسىرىن بىلەن مەسلىدىلا ئەر - خوتۇن ئەمەس ئىدىم، بۇ كۆتۈلمىگەن ئىش بولدى. .. ناۋادا ئۇ باشقا بىر ئەر كىشى بىلەن توي قىلغان بولسا، ھازىرقىدىن مىڭ ھەسسە بەختلىك بولغان بولاتتى. مەن دائىم ئېغىر ئازاب ئىچىدە شۇنداق ئويلايمەنكى، ئۇنىڭ تەقدىرى ماڭا باغلىنىپ قالدى. بۇ نېمىدېگەن ئېغىر قىسمەت - ھە! . . . ئىككىمىزنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدە شۇنداق بىر پەرق باركى، ئۇنىڭ مېنى چۈشىنىشكە ھېچكىم ياردەم بېرەلمەيدۇ»

## يېڭى جورا ئىزلەش

دىككىنىسنىڭ 1857 - يىلىغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «پىكۋىكنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئولىفېر. تىۋىست»، «كونا ئويۇنچۇقخانا»، «مارتىن. جوشىرۋىت»، «ئاتا - بالا دومبېلار» ۋە «داۋىد. كېبوفېر» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇمۇمىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئۇنى ئەنگلىيىدىكى ئەڭ بۈيۈك يازغۇچىغا ئايلاندۇرغانىدى. دىككىنىس نەسىرىي ئەسەردىن باشقا دراما ئەسەرلىرىگىمۇ قىزىقاتتى. ئۇ ئىشتىن سىرت تىياتىر ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەيتتى ھەم ئۆزى رول ئېلىشقا ۋە رېژىسسورلۇق قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ تەشكىللىگەن تىياتىر ئۆمىكى ئەنگلىيە، ۋىكتورىيە ئايال پادىشاھىغا ۋە بېلگىيە پادىشاھىغا ئويۇن كۆرسەتكەنىدى. ئويۇن مەزگىلىدە ئۇ چىرايلىق ئايال ئارتىس ئەيلۇن بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى.

ئەيلۇن. لاۋرىس. تېنان ئىرلاندىيىلىك ئارتىس توماس. تېدىننىڭ ئۈچ قىزى ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ئىدى. ئەيلۇن شۇ يىلى 18 ياشقا كىرگەن، ناھايىتى چىرايلىق قىز ئىدى، ئۇ گويا دىككىنىسنىڭ «ئىككى شەھەر ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرىدىكى مېنېت خانىمنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ زىلۋا قامەتلىك، قويۇق ئالتۇن چاچلىق، ئەۋرىشىم ئىدى. چىرايىدىن بىر خىل جەلپكارلىق ئىككىلىنىش چىقىپ تۇراتتى. بۇ ھال دىككىنىسنى كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ ئۆزى رېژىسسورلۇقنى ئۈستىگە ئېلىپ ئەيلۇننى مۇھىم بىر رولغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە سەممىي چىن كۆڭلى بىلەن ئۇنىڭغا رول ئېلىشنى ئۆگەتتى ھەم ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى.

دىككىنىسنىڭ ئەيلۇنغا بولغان مۇھەببىتى كۈچىيىشكە باشلىدى. بىراق ئۇ داڭلىق شەخس بولۇپ قالغاچقا، بۇ ئىشنى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىنچىكىلا سىر تۇتۇپ كەلدى. جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاشنى خالىمىدى. 1867 - يىلىدىن باشلاپ ئۇ يالغان ئىسىم قوللىنىپ ئەيلۇن بىلەن بىر مېھمانخانىنى ئىجارىگە ئېلىپ بىللە تۇردى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەيلۇن ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن، ئەمما بۇ بوۋاق ئۆلۈپ كەتكەن.

دىككىنىس ئەيلۇننى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. كىشىلەر ئەيلۇننى دىككىنىسنىڭ ئائىلىسىنى بۇزدى، دەپ يۇرگەندە ئۇ ئەيلۇننى ئاشكارا ماختاپ: «ئۇ پاك، سۆيۈملۈك بالىلىرىمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئەرزىيدۇ» دېگەن ھەم بايانات ئېلان قىلىپ: «نام - شەرىپىم بىلەن ھۆددە قىلىمەنكى، دۇنيادا ئەيلۇندەك تۈز كۆڭۈل ھەم ساپ قىز يوق» دەپ جاكارلىغان. ئۇ 1869 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يازغان ۋەسىيەتنامىسىنىڭ بىرىنچى قۇرىغا، ئەيلۇن خېنىمغا

1000 فوند ستېرلىڭ مىراس قالدۇرغانلىقىنى يازغان. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئەيلۇننى «ئازاد قىلىش» كېرەكلىكىنى ئويلاشقان ھەم ئۇنىمۇ ھەربىر ئايال بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بەختتىن بەھرىمەن قىلدۇرماقچى بولغان. لېكىن ئەيلۇن 1876 - يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن توي قىلغان. ئۇ دېككىنسنىڭ ئەسەرلىرىگە قىزىقىدىغان بىر كىشىگە ياتلىق بولغان.

## مەڭگۈلۈك يېقىنچىلىق

دېككىنسنىڭ كاسىرىنىغا بولغان مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئۆزگىرىشى داۋامىدا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇشقا سەۋەبچى بولغان دەپ قارالغان يەنە بىر ئايال بار. ئۇ كاسىرىنىنىڭ سىڭلىسى جورجىنا. فوكس ئىدى.

جورجىنا دېككىنس بىلەن ئاز كەم 30 يىل بېرىش - كېلىش قىلىپ، ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغان ھەم يېقىنچىلىق قىلىشقان، دېككىنس ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇ ئۇنىڭ بېشىدا بولغان، ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك يېقىنچىلىق دېككىنسنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شۇڭا ئۇ ۋەسىيەتنامىسىدە ئۇنىڭغا «ئەڭ ياخشى، ئەڭ سەمىمىي دوستۇم» دەپ باھا بەرگەن ھەم ئۇنىڭغا «سەمىمىيلىك بىلەن بەخت تىلەيدىغانلىقى»نى بىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا قالدۇرغان مىراسمۇ ھەممىدىن كۆپ بولغان يەنى 8000 فوند ستېرلىڭ پۇل ۋە ئۆزىنىڭ بارلىق خۇسۇسىي ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى ۋە پۈتۈن پاي چېكىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

دېككىنسنىڭ جورجىنا بىلەن بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان. مارىيا. فوكس ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جورجىنا ئۇنىڭ ئورنىدا دېككىنسقا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشقان. كېيىن ئۇ دېككىنس ئائىلىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ۋە تۈۋرۈكى بولۇپ قالغان. بارلىق ئۆي ئىشلىرىنى ئۆز يۈرۈش - تەرتىپى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ ماڭغان. ئۇ دائىم دېككىنسنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينىغان ھەم ئۇلارنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغان. داڭلىق شەخس دېككىنسنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەربىر كىچىك ئىشلارغىچە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەممە ئىشلارنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىپ، مۇخبىرلارنىڭ ياخشى باھالىرىغا ئېرىشكەن. كىشىلەر ئۇنى تەمكىن، چىرايلىق ھەم مىننەتسىز دەپ تەرىپلەشكەن.

جورجىنا قېيىن ئاكىسىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى ھەم رازىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا بارلىقىنى بېغىشلاشقا تەييار تۇراتتى.

دېككىنس كوچا ئايلىنىپ سەيلە قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ يول يۈرگەندە ناھايىتى ئىتتىك ماڭاتتى. جورجىنا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا يېتىشىپ ماڭاتتى. دېككىنس ئايالى بىلەن دائىم دېگۈدەك سىرتلارغا چىقىپ كېتەتتى. جورجىنا ئۆيدە قېلىپ ئائىلىنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. ئۇ دېككىنس ئۈچۈن «قېرى قىز» بولۇپ قېلىشقىمۇ رازى ئىدى. گەرچە ئۇ بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ ئاسارىتىگە بىر قىزنىڭ ئاسان چىدىمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئىرادىسىدىن يېنىپ قالمىدى. ئۇ دېككىنس ئۈچۈن قىممەتلىك ياشلىق باھارىنى ۋە ھاياتىدىكى گۈزەل يىللارنى قۇربان قىلىۋەتتى.

دېككىنسنىڭ جورجىناغا بولغان ھېسسىياتى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ سەمىمىي ساداقەتمەنلىكى، ئىشچانلىقى، يېقىنچىلىقى، مۇلايىم ھەم چوڭ سۈپەتلىكى، بولۇپمۇ ئۆزىنى ئايىماي تەقدىم قىلىش روھى دېككىنسنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەنىدى. كىشىلەر «داۋىد. كېپوفېر»دىكى ئاگنىسنىڭ ئوبرازىدىن مارىيانى، شۇنداقلا جورجىنانى ئەسكە ئېلىشىدۇ. بۇ ئاچا - سىڭىللار ئاگنىسنىڭ ئورتاق پىروتوتىپى؛ يازغۇچى «قاقاس قورۇق» تىكى ئەست. سامونىي تەسۋىرلىگەندە ئۇنىڭغا جورجىنادىكى نۇرغۇن تەرەپلەرنى سىڭدۈرۈۋەتكەن، پەقەت مۇشۇلارنى ھېس قىلغاندىلا دېككىنسنىڭ جورجىناغا بولغان مەڭگۈلۈك يېقىنچىلىقىنى تولۇق بىلگىلى بولىدۇ، بۇندىن باشقىلىرى ئادەتتىكى ئىشلار، خالاس.

زەينەپگۈل يۈسۈپ تەرجىمىسى

مەسئۇل تەھرىرى: روشەن سەيپۇللا



ياقۇپجان پەتتۇللا

# يانبۇلاق مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئومۇمىي تەھلىل

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان رايونىمىز قۇمۇلدا كۆپ قېتىملار ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. گەرچە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار خېلى كۆپ توپلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر قەدەر چوڭقۇر تەتقىقات ۋە ئۇنىۋېرسال يىغىنچاقلاش كەمچىل بولغاچقا، ماتېرىياللارنىڭ چېچىلاڭغۇ ۋە سىستېمىلىق بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. «يانبۇلاق مەدەنىيىتى» نىڭ بايقىلىشى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە نامايان قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

«يانبۇلاق مەدەنىيىتى» نىڭ نامى قۇمۇل توغۇچى يېزىسى يانبۇلاق كەنتىگە جايلاشقان يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرى ۋە قەبرىستانلىقىدىن كېلىپ چىققان. بۇ قەدىمىي شەھەر ۋە قەبرىستانلىق مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا بايقالغان. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ۋە 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ داشۆ قاتارلىق ئورۇنلار بۇ يەردە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرى ۋە قەبرىستانلىقىغا نىسبەتەن بىر قەدەر ئەتراپلىق بولغان چۈشەنچە ۋە تەتقىقاتلار بارلىققا كەلدى. ھازىر يانبۇلاق مەدەنىيىتى شىنجاڭ رايونىدا بىر قەدەر كەڭ كۆلەملىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە مول بولغان ئىلمىي ماتېرىياللارنىڭ توپلىنىشى ئارقىسىدا رەسمىي ھالدا شەكىللەنگەن ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە نام ئېلىشى ئىچكى ئۆلكىلەردە بارلىققا كەلگەن «ياڭشياۋ»، «لوڭشەن»، «ماجياياۋ» قاتارلىق مەشھۇر ئارخېئولوگىيە مەدەنىيەتلىرىگە ئوخشاشلا چوڭقۇر تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئۇ يەنە شىنجاڭ رايونىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ۋە تەدرىجىي ھالدا ئېنىقلاپ چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## I . يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ بايقىلىشى، جايلىشىش ئالاھىدىلىكى ۋە رەسمىي ھالدا نام ئېلىشى

يانبۇلاق مەدەنىيىتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا بايقالغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئارخېئولوگلار بۇ يەردىن بەزى رەڭدار ساپال پارچىلىرى ۋە مۇكەممەل ساقلانغان ساپال تاپقان. 1958 - يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بۇ يەردە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە كىچىك كۆلەملىك سىناق تەرىقىسىدە قېزىش ئېلىپ بارغان ۋە بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن ئۈچ چاسا ئازگال قازغان، قەبرىستانلىقتىن بولسا 14 قەبرىنى قازغان. 1986 - يىلى شىنجاڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتى، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە بۇ يەردە يانبۇلاق تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. شۇ قېتىملىق قېزىشتا 5×5m چاسا ئازگالدىن ئونى، قەدىمىي قەبرىدىن 75 ى قېزىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق بىر قەدەر مول ۋە تەپسىلىي بولغان ئىلمىي ماتېرىياللار بارلىققا كەلگەن.

ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتىگە نام بېرىش پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغاندا، بىر خىل ئارخېئولوگىيە

مەدەنىيىتى ئادەتتە تۆۋەندىكى بىر قانچە شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك: ①بەلگىلىك ساندىكى خارابىلەر ۋە مۇقىم رايون دائىرىسى بولۇش كېرەك؛ ② باشقا جايلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان روشەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بولۇشى كېرەك؛ ③ بەلگىلىك مىقداردىكى تىپىك جىسىملار، بولۇپمۇ تىپىك ساپال بۇيۇملار بولۇشى كېرەك؛ ④ بەزى خارابە ئىزلىرىغا قارىتا بەلگىلىك دائىرىدە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق بەلگىلىك دەرىجىدە تونۇش ۋە چۈشەنچە بېرىشى شەرت. ئەگەر يالغۇز يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرى ۋە قەبرىستانلىقىنىلا ئالساق، ئۇ بۇ شەرتلەردىن خېلىلا يىراق. شۇڭلاشقا يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرى ۋە قەبرىستانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلاردىن بايقالغان، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە يېقىن كېلىدىغان خارابە، قەبرىستانلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئىنتايىن زۆرۈر.

## يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرى ۋە قەبرىستانلىقى

يانبۇلاق كەنتى توغۇچى يېزىسىغا جايلاشقان. يەنى كەنتنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا، شىمال تەرىپى ئېگىز، جەنۇب تەرىپى پەسرەك كەلگەن ئىككى دۆڭ بار. بۇ دۆڭنىڭ يۈز قىسمى توپ - توز كەتكەن چۆللۈك بولۇپ، يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرى ۋە قەبرىستانلىقى دەل مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. بىرنەچچە قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە توپلانغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، بىز شۇلارنى ئىگىلىدۇقكى، يانبۇلاق قەدىمىي شەھىرى ئۇزۇن چاسا شەكىللىك بولۇپ، كۆلىمى $60\times50m^2$ كېلىدۇ؛ شەرقىي ۋە شىمالىدىكى تاملىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، جەنۇبىي ۋە غەربىي تېمىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان جايىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى 5m غا يېتىدۇ. تامنىڭ ئاساسىنىڭ كەڭلىكى 3m ئەتراپىدا، تامنىڭ بەزى قىسىملىرى سوقما قىلىپ سوقۇلغان، بەزى قىسىملىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان؛ قەدىمىي شەھەرنىڭ جەنۇبىي تېمىنىڭ سىرتىدا ئىككى ئېگىز ئۆي ئىزى بار بولۇپ، ھەربىر ئېگىز ئۆينىڭ كۆلىمى $3.5\times3.7m^2$، $4.2\times4.5m^2$ ئىككى ئۆي بىر بىرىگە تۇتاشقان. ئوتتۇرىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر كارىدور بار بولۇپ، ئىشىكى شەرققە قارىتىپ ئېچىلغان، تاملىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتلىرىدىن يالغۇز تۇتقۇچلۇق كىچىك ساپال رومكا (قەدەھ)، رەڭدار ساپال پارچىلار، يارغۇنچاق تاش قاتارلىقلار بايقالدى. يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەر زىچ تارقالغان بولۇپ، كۆپىنچە قەبرىلەر ئۇزۇن چاسا شەكىلدە، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چاسا شەكىللىك ۋە ئېلىپىس شەكىلدىكىلىرىمۇ بار. قەبرىلەر ئاساسىي جەھەتتىن غەربىي - شىمال، شەرقىي - جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئاز قىسمى جەنۇبتىن شىمالغا ياكى شەرقىي شىمال، غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە؛ قەبرىلەرنى قاتلىنىش مۇناسىۋىتى قۇرۇلۇش تۈزۈلمىسى، دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ۋە بىللە دەپنە قىلىنغان بۇيۇملارغا ئاساسلىنىپ ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى دەۋر تىك قۇدۇق شەكىللىك، تەكچىلىك قەبرىلەر بولۇپ، بۇ خىل قەبرىلەرنىڭ ئىچىدە خام توپىدا ياسىغان ياكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ چىققان تەكچىلەر بار، ئادەتتە جەسەتنى قەبرە ئىچىگە قويغاندىن كېيىن، تەكچى ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلىدۇ. بۇ خىل قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نۇرغۇن ئادەملەر بىللە دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر بولۇپ، بەزى قەبرىلەرگە كۆپ بولغاندا توققۇز ئادەم دەپنە قىلىنغان. جەسەتلەرنىڭ بېشى شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشتە بولۇپ، ئوڭ تەرەپكە يانتۇ ياتقۇزۇلغان، پۇت قوللىرى پۈكۈكلۈك ھالەتتە دەپنە قىلىنغان. قوشۇپ دەپنە قىلىنغان بۇيۇملارمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ساپال بۇيۇملارنىڭ شەكلى ھەر خىل، رەڭدار ساپال بۇيۇملارنىڭ سانى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ساپال بۇيۇملارنىڭ تۈرى ھىجىر، ساپال قاچا، كىچىك تۇتقۇچلۇق چەينەك، يالغۇز تۇتقۇچلۇق سوقا، چىنە، يالغۇز قۇلاقلىق كوزا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا ياغاچ تەخسە، ياغاچ چىلەك ۋە كىچىك تىپتىكى مىس قوراللار ۋە تۆمۈر قوراللارمۇ قېزىۋېلىندى. ئىرق جەھەتتە موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر ۋە ياۋروپا ئىرقىدىكىلەردىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىرق بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىككىنچى دەۋردىكىسى تىك قۇدۇق شەكىللىك گۆرلۈك قەبرىلەر بولۇپ، بۇ خىل قەبرىلەرنىڭ ئىچىدە تەكچە يوق، يىلنامە جەھەتتىنمۇ بىرىنچى دەۋردىن كېيىن تۇرىدۇ. بۇ دەۋر قەبرىلىرىدە بىللە دەپنە قىلىنىدىغان ئەھۋال ئازىيىپ، يالغۇز كىشىلىك قەبرىلەر ئاساسلىق ئورۇننى ئىگەللىگەن. جەسەتنى دەپنە قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىرىپ، پۇت - قوللىرىنى پۈكلەپ، سول تەرەپكە يانتۇ ياتقۇزۇلىدىغان بولغان، جەسەتنىڭ بېشىنىڭ يۆنىلىشى ۋە بەدىنىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتلەردە ئۆزگىرىشلەر بىر قەدەر كۆپىيىپ، مۇقىم بىر خىل ھالەت قوللىنىلمىغان،

بىللە دەپنە قىلىنىدىغان بۇيۇملارمۇ بىرىنچى دەۋردىكىگە قارىغاندا ئازىيىپ قالغان، يەنى ساپال، ياغاچ ۋە كىچىك تىپتىكى بىرونزا بۇيۇملارلا قېلىپ، يالغۇز قۇلاقلىق كىچىك رومكا، كوزا ۋە قوش قۇلاقلىق كوزا، ھىجىر، ساپال قاچا، كىچىك تۇتقۇچلۇق چەينەكلەردىن ئىبارەت رەڭدار ساپال بۇيۇملارنىڭ مىقدارى ئازىيىپ قالغان. ئىرق جەھەتتە موڭغۇل ۋە ياۋروپا ئىرقىلا مەۋجۇت بولغان، لېكىن ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپىيىشكە يۈزلەنگەن. ئۈچىنچى دەۋردىكىسى بولسا يەر يۈزىگە قوپۇرۇلغان كېسەك قەبرىلەر بولۇپ، چوڭ قەبرىلەرنى كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ چىقىپ، ئارىلىرىنى لاي بىلەن سۇۋاپ، سىلىقلاشتۇرغان، كىچىك قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى بولسا ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، پەقەت بىر نەچچە پارچە كېسەك بىلەن قورشاپلا قويۇلغان، دەپنە قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى بولسا ئىككىنچى دەۋرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، بىللە دەپنە قىلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ مىقدارىمۇ ئازلاپ قالغان. ساپال بۇيۇملار شەكىل جەھەتتىن يالغۇز قۇلاقلىق كىچىك رومكا، كوزا، سوقا، قوش قۇلاقلىق كوزا ۋە ئاز ساندىكى كىچىك تۇتقۇچلۇق چەينەكلەردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ياغاچ تەخسە، ياغاچ چىلەك ۋە كىچىك تىپتىكى بىرونزا قوراللارمۇ بار. رەڭدار ساپال بۇيۇملارنىڭ سانى زور مىقداردا ئازىيىپ كەتكەن. بىرىنچى دەۋرنىڭ تىپىك بۇيۇمى بولغان ھىجىر ۋە ساپال قاچىلار بۇ دەۋرگە كەلگەندە يوقۇلۇپ كەتكەن. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا يانبۇلاق قەبرىستانلىقىنىڭ ئۈچ دەۋرى ئۆز - ئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، بىرىنچى دەۋرى ئەڭ بالدۇر، ئىككىنچى دەۋرى ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچىنچى دەۋرى ئەڭ كېيىن بولغان، قەبرىنىڭ تۈزۈلۈشى دەپنە قىلىش ئۆرپ - ئادەت ۋە ئۇسۇللىرى، بىللە دەپنە قىلغان بۇيۇملار، جەسەتلەرنىڭ ئىرقى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن يانبۇلاق قەبرىستانلىقىنىڭ باشتىن ئاخىرغىچە بولغان تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### لاپچۇق قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق يانبۇلاق قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىدىكى لاپچۇق يېزىسىغا جايلاشقان. 1983 - يىلى بۇ يەردىن بوزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان بىر قەبرە قېزىۋېلىندى. بۇ جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدىكى تىك قۇدۇقلۇق گۆرلۈك قەبرە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى جەسەتنىڭ بېشى جەنۇبقا قارىتىپ قويۇلغان. قەبرىدىن ئىككى دانە ساپال بۇيۇم ۋە بىر بىرونزا بىگىز قېزىۋېلىنغان، ھەر ئىككىسىلا رەڭدار ساپال بۇيۇم بولۇپ، بىرسى يالغۇز قۇلاقلىق جاۋۇر، يەنە بىرسى سىڭىرلىك كوزا. جاۋۇر يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ھىجىرنىڭ شەكلىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. قەبرىنىڭ تۈزۈلۈشى يانبۇلاق ئىككىنچى دەۋردىكى قەبرىلەرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

### قارادۆۋە قىزىلچوقىقا قەبرىستانلىقى

قارادۆۋە قىزىل چوقىقا كەنتىگە جايلاشقان بۇ قەبرىستانلىقتا 1978 - يىلى، 1986 - يىلى، 1991 - يىللىرى جەمئىي ئۈچ قېتىم قېزىش ئېلىپ بېرىلغان ۋە 113 قەبرە قېزىۋېلىنغان، ئومۇمىي كۆلىمى 5000$m^2$دىن ئاشىدۇ. لېكىن قىزىلچوقىقا قەبرىستانلىقى ھەققىدە ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار تا ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىغاچقا، بىز پەقەت پارچە - پۇرات ماتېرىياللار ئاساسىدا تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇق؛ بۇ قەبرىستانلىقنىڭ قەبرە تۈزۈلۈشىمۇ تىك قۇدۇق شەكىللىك گۆرلۈك قەبرىلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قەبرە ئىچىگىمۇ كېسەك ئىشلەتكەن. دەپنە قىلىش ئۇسۇلىدا يالغۇز دەپنە قىلىش ۋە پۇت - قوللىرىنى پۈكلەپ، يانتۇ ياتقۇزۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇ خىل ئەھۋال يانبۇلاقنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەۋرىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىللە دەپنە قىلىنغان بۇيۇملارمۇ ئاز بولۇپ، يۇڭ توقۇلما، تېرە، كېگىز قاتارلىق بۇيۇملارنى ئاساس قىلغان. يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ رەڭگى ناھايىتى قېنىق، نۇسخىلىرىمۇ ئىنتايىن كۆركەم ۋە چىرايلىق كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ساپال بۇيۇملار، ياغاچ گۈرجەك، چىلەك، قوشۇق، ھاۋانچا تېشى، تاش چوت، يارغۇنچاق ۋە كىچىك تىپتىكى بىرونزا قوراللارمۇ قېزىۋېلىندى. ساپال بۇيۇملارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، پەقەت يالغۇز قۇلاقلىق سوقا ۋە كىچىك تۇتقۇچلۇق چەينەكلەرلا بولۇپ، يەنە بىر قىسىم رەڭدار ساپال بۇيۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار شەكىل جەھەتتىن يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئوخشاش تىپلىق بۇيۇملار بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ.

### يار قەبرىستانلىقى

قارادۆۋە يېزىسى يار كەنتىگە جايلاشقان بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ھازىرقى كۆلىمى $20m^2 \times 50$ بولۇپ، ئىلگىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، كۆپىنچە قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى تىك قۇدۇق گۆرلۈك شەكلىدىكى قەبرە ياكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان قەبرىلەر ئىكەن. بىر قىسىم قەبرىلەرنىڭ ئىچىگە خام توپا ۋە كېسەك بىلەن تەكچىلەر ياسالغان، قەبرىستانلىقنىڭ يەر يۈزىگە ساپال پارچىلىرى ۋە ئاز ساندىكى تاش قوراللار چېچىلىپ قالغان. ساپال بۇيۇملار ئاساسىي جەھەتتىن كوزىنى ئاساس قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەخسە ۋە قاچا قاتارلىق بۇيۇملارمۇ بار بولۇپ، رەڭدار ساپال بۇيۇملار سان جەھەتتىن مۇقىم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ساپال بۇيۇملارنىڭ تۈر شەكلى ۋە رەڭدار ساپال بۇيۇملارنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ يانبۇلاق قەبرىستانلىقى بىلەن ناھايىتى زور ئورتاقلىققا ئىگە.

### يۇقىرى گۆدەگە قەبرىستانلىقى

قارادۆۋە يېزىسى يۇقىرى گۆدەگە كەنتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بۇ قەبرىستانلىقنى يەرلىكلەر «قارايەر» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. قەبرىستانلىق ئىلگىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ھازىرقى كۆلىمى $30m^2 \times 50$ بولۇپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى ناھايىتى مول، قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئېنىقلانمىغان، لېكىن شۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنى كۆزىتىش ئارقىلىق بىز شۇنى بىلدۇقكى: قوشۇپ دەپنە قىلىنغان بۇيۇملار ساپال بۇيۇملارنى ئاساس قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئاز ساندىكى ياغاچ ۋە تاش قوراللارمۇ مەۋجۇت. ساپال بۇيۇملار قوش قۇلاقلىق كوزا، ھىجىر ۋە تېگى كىچىك سوقىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قىزىلچوققا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

### قارادۆڭ خارابىسى

قارادۆۋىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بۇ خارابىدىن 1957 - يىلى بىر دانە قوش قۇلاقلىق رەڭدار ساپال كوزا ۋە بىر پارچە كېسەك بايقالغان. رەڭدار كوزا پۈچۈق بولۇپ، ئۆرنەكلىرى يانبۇلاق ۋە قىزىلچوققا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال بۇيۇملار بىلەن بىردەك بولغان. كېسەكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىمۇ يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان كېسەك بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

### ئەسكى شەھەر خارابىسى

قارادۆۋىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 26km يىراقلىقتا جايلاشقان، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان بۇ خارابىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 50m، ساقلىنىپ قالغان تامنىڭ ئېگىزلىكى 7m ئەتراپىدا، بۇ يەردە ئۈچ ئېغىز خارابە ئۆي بولۇپ، ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان. ئۆيلەرنى ئۆز - ئارا تۇتاشتۇرىدىغان بىر كارىدور بار، يەنە خارابىنىڭ ئەتراپىدا كۆپلىگەن ساپال پارچىلىرى، تاش قوراللار ۋە كېسەكلەر چېچىلىپ ياتقان. ساپال بۇيۇملار كوزا، ھىجىر، ساپال قاچا، قازان، ئىگىرچەك، نانغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان ساپال نان قاتارلىقلاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تاش شارچە، يارغۇنچاق قاتارلىقلارمۇ بايقالغان. قېزىۋېلىنغان كىسەكلەر بىر قەدەر چوڭ، يۈز قىسمىدا قول بىلەن بېسىپ چىقىرىلغان ھەر خىل شەكىلدىكى نۇسخىلارمۇ بار بولۇپ، قىزىلچوققا ۋە يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن چىققانلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن باشقا قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا يانبۇلاق، قىزىلچوققا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان نەرسىلەر بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا توغۇچىغا جايلاشقان توغۇچى قەبرىستانلىقىمۇ قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ساپال بۇيۇملارنىڭ تۈر شەكلى، ئۆرنەكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يانبۇلاق قەبرىستانلىقى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

يۇقىرىقى بىرنەچچە خارابىلەرنىڭ ھەممىسى قۇمۇلنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دائىرىسى 30km ئەتراپىدىكى رايون ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: 1. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كېسەكنى ئاساس قىلغان. 2. قەبرىنىڭ تۈزۈلۈشى

ئاساسىي جەھەتتىن تىك قۇدۇق شەكىللىك گۆر بولۇپ، بەزىلىرى تەكچىلىك، يەنە بەزىلىرى بولسا يەر يۈزىگە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان قەبرىلەر. 3. كۆپ ئادەمنى بىللە دەپنە قىلىش ياكى يالغۇز دەپنە قىلىش ئۇسۇلى كەڭ تارقالغان. دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرى ئاساسىي جەھەتتىن جەسەتنىڭ پۇت ـ قوللىرى پۈكلەپ ياتقۇزۇلغان. 4. ساپال بۇيۇملارنىڭ شەكلى يالغۇز قۇلاقلىق ھىجىر، ساپال قاچا، سوقا، كوزا، رومكا، قوش قۇلاقلىق كوزا، كىچىك تۇتقۇچلۇق چەينەك قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان. 5. يالغۇز قۇلاقلىق ھىجىر ۋە سوقىلارنىڭ تېگى تېشىكلىك بولۇپ، ئاغزىنىڭ قىرغاق قىسمىلىرى ھەرىدىلىۋېتىلىپ، ئاندىن قايتىدىن سىلىقلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل ئەھۋالدىن كىشىلەرنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن بۇيۇملارنى ئاخىرەتلىك بۇيۇملار قىلىپ ئىشلەتكەنلىك ئېھتىماللىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 6. رەڭدار ساپال بۇيۇملار بىر قەدەر كۆپ، ئاساسىي جەھەتتىن تېگى قىزىل رەڭ بىلەن بويىلىپ، ئاندىن قارارەڭ بىلەن ئۆرنەكلەنگەن. ئۇلارنىڭ نۇسخىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھەرە چىشى شەكىللىك، S شەكىللىك، كرېست ۋە قوش ئىلمەك شەكىللىك، تەتۈر ئۇچبۇلۇڭلۇق ۋە تەتۈر ئۇچ بۇلۇڭدىن ئۆزۈراپ چىققان تىك سىزىق شەكىللىكلىرى ئەڭ كۆپ كۆرۈنگەن. 7. بىرونىرا قوراللارنىڭ ئىچىدە تۆز باشلىق ئوقيا ئوقى، قىرغاقلىق ۋە كاتەكچى شەكىلدىكى ساپلىق پىچاق، تۇرنا تۇمشۇقى شەكىلدىكى ياغاچ ساپلىق قىرغۇچ پىچاقلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئۆز ئالاھىدىلىكى بار. بۇ خىل ئۇرتاقلىقلار شىنجاڭنىڭ باشقا ئورۇنلىرى ۋە چەتئەللەردىمۇ ئانچە كۆپ كۆرۈلمىگەن. ئەگەردە ئۇلارنى بىر ئۇنۇۋېرسال، سىستېمىلىق گەۋدە دەپ قارىساق، ئۇنداقتا بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھەرقانداق جايدا كۆرۈلۈپ باقمىغان. شۇڭلاشقا يۇقىرىقى خارابىلەرنى بىر مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، پۈتۈن مەدەنىيەتنى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر نام بىلەن ئاتاشقا بولىدۇ. ئارخېئولوگىيە ئىلمىدىكى ئەڭ دەسلەپتە بايقالغان كىچىك بىر يەر جاي ئىسمى بىلەن پۈتكۈل ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتنى ئاتاش قائىدىسىگە ئاساسەن بىز ئەڭ دەسلەپتە بايقىغان يانبۇلاق قەدىمى شەھىرى ۋە قەبرىستانلىقىنىڭ نامى بىلەن ئۇنىڭ ئەتىراپىدىكى رايونلارنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەتنى «يانبۇلاق مەدەنىيتى» دەپ ئاتىدۇق.

## Ⅱ . يانبۇلاق مەدەنىيتىنىڭ دەۋر ئايرىلىشى

يانبۇلاق مەدەنىيتىنىڭ بايقىلىپ رەسمىي نام ئېلىش جەريانىدا ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرىقى خارابە ۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ياكى بىرونىزا دەۋرىگە تەۋە دەپ بېكىتىلگەن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب بۇ خارابە ۋە قەبرىستانلىقلاردا رەڭدار ساپال بۇيۇملار ۋە كىچىك تىپتىكى بىرونىزا قوراللار قېزىلغانلىقى ۋە يەنە رەڭدار ساپال بۇيۇملار ئادەتتىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈندۇر. لېكىن 80 ـ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمەتلىرىنىڭ چوڭقۇر ئەۋج ئېلىشى ۋە ماتېرىياللارنىڭ ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىشىغا ئەگىشىپ رەڭدار ساپال بۇيۇملارنىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭلا ۋاقتىنى بەلگىلەيدىغان بۇيۇم بولۇشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ يەنە بىرونىزا دەۋرى ۋە بالدۇرقى تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭمۇ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يانبۇلاق مەدەنىيتىنىڭ دەۋر ئايرىلىش مەسىلىسىدە ئىلگىرى خېلى زور ئىختىلاپلار مەۋجۇت ئىدى. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئىلگىرى ئۇنى بىرونىزا دەۋرىگە تەۋە دەپ قارىغان ئىدى. لېكىن ھازىر ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يانبۇلاق مەدەنىيتىنى رەسمىي ھالدا بالدۇرقى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ. يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان تۆمۈر قوراللار ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولۇپ قالغان.

يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن جەمئىي يەتتە دانە تۆمۈر قورال بايقالغان. ئۇنىڭ بىرسى تېغى تىك، جولدىسى ئەگىم كىچىك پىچاق، بىرسى رومبا شەكىلدىكى شەمشەر ئۇچىنىڭ پارچىسى، يەنە بىرسى چەمبەر شەكىللىك ئۈزۈك، قالغان تۆتىسى داتلىشىپ، پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ قالغان. ئۇلاردىن باشقا بىرنەچچە يۈگەلگەن بىرونىزا ھالقا قېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېگىگە بىر كىچىك تۆمۈر چەمبىرەك ساڭگىلىتىپ قويۇلغان. بۇ تۆمۈر قوراللار گەرچە سان جەھەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن تۈر جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىش قورالى (پىچاق)، ئۇرۇش قورالى (شەمشەر)، زىننەت بۇيۇمى (ئۈزۈك ـ ھالقا) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ تۆمۈر قوراللارنىڭ ھەممىسىلا ئەڭ بالدۇرقى بىرىنچى دەۋر قەبرىلىرىدىن قېزىلغان بولۇپ، بۇلاردىن تۆمۈر قوراللارنىڭ قېزىلىشىنىڭ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قىزىل چوقىقا قەبرىستانلىقى

توغرىسىدىكى ماتېرىيال تېخى ئېلان قىلىنمىدى. باشقا خارابە ۋە قەبرىستانلىقلاردىنمۇ تېخىچە تۆمۈر قوراللار بايقالمىدى. بۇ جەھەتتە بۇندىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيە خىزمەتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يېيىشىغا زور كۈچ چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن چىققان تۆمۈر قوراللارنىڭ ھەممىسىلا قېزىلما بۇيۇملار، يەنە كېلىپ قەبرىنىڭ ئەڭ تېگىدىن چىققان. شۇڭا ئىشەنچلىك دەرىجىسىگىمۇ قىل سىغمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قېزىلغان مىقدارى ئاز بولغاچقا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسى كىچىك. شۇڭا ئۇنى بالدۇرقى تۆيۈر قوراللار دەۋرىگە تەۋە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ مۇتلەق يىلنامىسى توغرىسىدا پايدىلانغىلى بولىدىغان بەزىبىر $C^{14}$بىلەن ئېنىقلانغان سانلىق مەلۇماتلار بار. يانبۇلاق قەبرىستانلىقى توغرىسىدا جەمئىي 14 سانلىق مەلۇمات ئېنىقلانغان، ئۇلارنىڭ يىلنامىلىرى 2565 — 4055 يىللار ئەتراپىدا بولغان. لېكىن ئۈچ دەۋر قەبرىلىرىنىڭ يىلنامە سانلىق مەلۇماتلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بەزى خارابە ئىزلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، يانبۇلاق قەبرىستانلىقىنىڭ ئىشەنچلىك يىلنامىسىنى 2550 — 3300 يىلغىچە بېكىتكىلى بولىدۇ. قارادۆۋە قىزىل چوقىقا قەبرىستانلىقىدىن$C^{14}$بىلەن ئېنىقلانغان تۆت سانلىق مەلۇمات بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىلنامىسى 3010 — 3350 يىللار ئارىسىدا بولغان. شىنجاڭ بىلەن چېگرىلىنىدىغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تۆمۈر قوراللارنىڭ يىلنامىسى 3000 يىللار ئىلگىرى بولغان. بۇ يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ يىل دەۋرى بىلەن ئاساسەن بىردەك ياكى سەل بالدۇرراق، بۇ خىل ئەھۋال تۆمۈر قوراللارنىڭ تارقىلىش يولى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك، چۈنكى ئەڭ بالدۇرقى تۆمۈر قوراللارنى ئىككى دەريا ۋادىسىدىكى سومېرلار ئىشلەتكەن. يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ مۇتلەق يىلنامىسى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇمات نەچچە ئون يىللاردىن بۇيانقى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىكى «ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشى شىنجاڭدىن بالدۇر، شىنجاڭنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تارقىلىپ كەلگەن» دېگەن بۇ ئەنئەنىۋي كۆز قاراشنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىنجاڭنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئىلگىرى بولغان دېگەن ئىلمىي قاراشنى ئارخېئولوگىيىلىك دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن تەمىن ئەتكەن. ھەممىيلەنگە ئايانكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تۆمۈر قوراللار دەۋرى غەربىي جو سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا ياكى ئەمنىيە دەۋرىدە باشلانغان. يانبۇلاق مەدەنىيىتىدە قېزىلغان تۆمۈر قوراللار بولسا شىنجاڭنىڭ تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئاز دېگەندە 300 — 400 يىللارغىچە بالدۇر بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى.

## Ⅲ . يانبۇلاق مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش قاتارلىق مەسىلىلەر

ھازىرغا قەدەر ئىگىلىشىمىزچە يانبۇلاق مەدەنىيىتى تېخى يېڭىدىنلا بايقالدى ۋە نام ئالدى. ئۇنىڭغا تەۋە بولغان خارابە قەبرىستانلىقلارمۇ تېخى خېلىلا ئاز، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ كەمچىل. شۇنداق بولسىمۇ ھازىر قولىمىزدا بار بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل ۋە مۇزاكىرە قىلىپ چىقىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

### 1. ئىقتىسادىي تۇرمۇش

يانبۇلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ جايلىشىش دائىرىسى كەڭ، تىزىلىشى قويۇق، سانى كۆپ، داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن، قوشۇپ دەپنە قىلىنغان ساپال بۇيۇملارمۇ نۇرغۇن، يەنە شۇ دەۋردە شەھەرلەرنىڭمۇ پەيدا بولغانلىق ئەھۋالىدىن يانبۇلاق مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قورۇلۇش قىلغاندا كېسەك ئىشلەتكەنلىكىنى قورۇلۇش تارىخىدىكى بىر ئىلغارلىق دېيىشكە بولىدۇ.

قارادۆۋە قىزىلچوقىقا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، غول - باشاقلىرى مۇكەممەل ھالدا قېزىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئارپا، تېرىق ۋە ئۇلاردىن ياسالغان ھەر خىل شەكىلدىكى يېمەكلىكلەردىن قارىغاندا ئەينى دەۋردىكى ئاھالىلەر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان. قەبرىدىن كۆپ مىقداردا قېزىلغان

تاش چوت، تاش گۇرجەك، ياغاچ گۇرجەك قاتارلىق قوراللار دەل شۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قىزىل چوققا قەبرىستانلىقىدىن قېزىلغان ئارپىنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى قۇمۇل يەرلىك دېھقانلىرى تېرىيدىغان سورتقا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

يانبۇلاق مەدەنىيىتىنى ياراتقان قەدىمقى ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. قېزىۋېلىنغان كۆپ مىقداردىكى يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، تېرە - خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى، كىگىزلەر ۋە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سۆڭەكلىرىدىن قارىغاندا ئەينى دەۋردىكى خەلق ئائىلە باقمىچىلىقىدا قوي، كالا، ئېشەك، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنى ئاساس قىلغان. چارۋىچىلىق زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپلا قالماي، يەنە، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىمۇ ئۇ كۆرۈنەرلىك نىسبەتنى ئىگىلىگەن. يېزا ئىگىلىك چارۋىچىلىقتىن باشقا ئۇلار يەنە ئوۋچىلىقنى ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ تولۇقلىمىسى قىلغان، قىزىلچوقّا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان، ھازىر نەسلى يوقىلىپ كەتكەن قاڭشارلىق بۆكەن دەل مۇشۇ خىل ئەھۋالنىڭ ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر.

قول - سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە يانبۇلاق مەدەنىيىتى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان قول - سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا ئىگە بولغان. بۇ ساپال بۇيۇملارنى (پىششىقلاپ) ئىشلەش، تاۋلاش، كۆن - خۇرۇمنى پىششىقلاپ ئىشلەش، توقۇمچىلىق، ياغاچچىلىق كارخانىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا شەك - شۈبھىسىز ھالدا تولۇقلاش رولىغا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆن - خۇرۇمنى پىششىقلاپ ئىشلەش، توقۇمچىلىق كارخانىلىرى تېخنىكا جەھەتتىن كەسپلەشكەن بولۇپ، بەزى يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ توقۇلۇش سۈپىتى بۈگۈنكى كۈندىكى توقۇلما بۇيۇملار بىلەن بەسلىشىپ، كىشىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇ. قېزىلچوقا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ توقۇلۇش، رەڭلىنىش تېخنىكىسى، يىلنامىسىنىڭ بالدۇرلىقى قاتارلىق جەھەتلەر دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. (ماقالىمىزنىڭ ئۇزىراپ كېتىمەسلىكى ئۈچۈن، بۇ توغرىسىدا ھازىر چەمەخسۇس توختالمايمىز.)

بۇلاردىن باشقا يانبۇلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە قۇرۇلۇشلاردا كېسەك ئىشلىتىلگەنلىك توغرىسىدىكى ماتېرىيال، شىنجاڭدا ھازىرغىچە بايقالغان، يىلنامىسى بىر قەدەر بالدۇر بولغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ چاغدىكى قۇرۇلۇشلاردا كېسەكنىڭ ئىشلىتىلىشى قۇرۇلۇش تارىخىدىكى زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئۇنىڭ يىلنامىسى پەقەت خوشۇت ناھىيە شىنتاران يېزىسىدىن قېزىۋېلىنغان كېسەكتىن قالسىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي سىنىپ مەسىلىسى

دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، ئىنسانلار ئادەتتە بىرونزا دەۋرىدىن باشلاپلا سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان. تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە بولسا ئاساسىي جەھەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرىپ بولغان. شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئادەتتە سىنىپنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە سىنىپى جەمئىيەتنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. يانبۇلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان ھاسار تام ياكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان قەلئەلەر ئۇنىڭ سىنىپى جەمئىيەتكە كىرگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى بىر ئېھتىماللىقتۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەۋردىكى قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۆرپ -ئادەت ۋە دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، بىللە دەپنە قىلىنغان بۇيۇملارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى قاتارلىقلار بىزنى يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى تونۇش مەسىلىدە تېخىمۇ زور چۈشەنچە ۋە ئويلىنىشقا ئىگە قىلىدۇ. لېكىن يانبۇلاق مەدەنىيىتى قېزىلىشتىن ئىلگىرى ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەنبىسىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن باي ۋە كەمبەغەل، ئېزىش ۋە ئېزىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تاھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراشلار مەيدانغا كەلمىدى. يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن يەنە توغراق بىلەن ياسالغان ياغاچ قونچاقلار قېزىۋېلىندى. بۇ قونچاقلار قېزىلغاندا، ئۇستىگە كىيىم كىيگۈزۈلگەن، ئەر - ئاياللىق بەلگىسى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن، بولۇپمۇ ئەر - ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزالىرىنى ئىپادىلەشتە ناھايىتى زور ئاشۇرۇش ۋاسىتىلىرى قوللىنىلغان. ياغاچ قونچاقلارنى قوللۇق جەمئىيەتتە ياشىغان ئىنسانلار ئەمگەك كۈچىنىڭ قىممىتىنى تونۇغاندىن

كېيىن، قوشۇپ دەپنە قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن. بۇنىڭدىن بەزىلەر يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ قۇللۇق جەمئىيەتكە كىرگەنلىكىنى پەرەز قىلىغان. بۇ خىل پەرەزنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن بۇنى ئىسپاتلايدىغان تېخىمۇ كۆپ تەپسىلىي ماتېرىياللار كەمچىل؛ ياغاچ قونچاقلارغا نىسبەتەن مەن ئۇنى ئىپتىدائىي جادىچىلىق ۋە جىنسى ئېتىقات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن. شۇڭا يانبۇلاقنىڭ ئىجتىمائىي سىنىپى خاراكتېرى مەسىلىسى جەھەتتە يەنە ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئېلىپ بېرىلىشى، ماتېرىياللارنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىغىلى بولىدۇ.

3. ئىرق ۋە مىللەت مەسىلىسى

ئالدىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، يانبۇلاق مەدەنىيىتىدە موڭغۇل ۋە ياۋروپا ئىرقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىرق مەۋجۇت بولغان. يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئادەم سۆڭىكىنى بېكىتىش تەتقىقات دوكلاتى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، بېكىتىلگەن 29 دانە ياش - قۇرامىغا يەتكەن باش سۆڭەكنىڭ ئىچىدە 21 دانىسى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ، سەككىز دانىسى ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ، يانبۇلاق قەبرىستانلىقىنىڭ ئۈچ دەۋردىكى ئىرق سېلىشتۇرمىسىدىن قارىغاندا، ياۋروپا ئىرقىدىكىلەردە غەربىتىن شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەش يۈزلىنىشى بار. هازىرقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، يانبۇلاق مەدەنىيىتى مەملىكەت ئىچىدىكى بىردىنبىر يىلنامىسى ئەڭ ئۇزۇن، ئىككى خىل ئىرقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە موڭغۇل ئىرقىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇ يەنە مەملىكىتىمىزدە بايقالغان ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر جايلاشقان ئەڭ شەرقتىكى بىر مەدەنىيەتتۇر. ئۇ غەرب ۋە شەرقتىكى ئىرقلارنىڭ شالغۇتلىشىشى، مىللەت مەسىلىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يانبۇلاق قەبرىستانلىقىنىڭ ئىرق مەسىلىسى مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇنىڭ مىللەت تەركىۋىنى بېكىتىشتە قىيىنچىلىقلار كۆپ بولدى. بەزىلەر يانبۇلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە موڭغۇل ئىرقىدىكەرنى گەنسۇ - چىڭخەي رايونىدىكى شىن دېيەن، سىبا مەدەنىيەتلىرىنى ياراتقان دىچياڭ مىللەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرنى ئۇچلۇق بۆك كىيىدىغان قەدىمقى ساكلار ياكى ئۇيسۇن، جورجان قاتارلىق قەدىمقى مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ پەرەز قىلىغان. هازىرقى ئەھۋالدا تولۇق بىر دەلىل - ئىسپات كەمچىل، ھەل قىلىش تەس بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يانبۇلاق مەدەنىيىتىدىكى ئىرقى جايلىشىش بىز مۇرەككەپ ۋە پەۋقۇلئاددە مەسىلىدۇر. ئوخشاش بولغان بىر ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت، ئوخشاش بولغان بىر قەبرىستانلىق ھەتتا ئوخشاش بولغان بىر قەبرىنىڭ ئىچىدىمۇ ئوخشىمىغان ئىرقتىكىلەر بايقالغان. ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىرقلار بۇ يەردە ئوخشاش بولغان مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولغان. بۇ خىلدىكى مەسىلىلەر شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئىلمىي، مىللەت تەتقىقات ئىلمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك بولۇپ، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

4. يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

هازىر بار بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ھەرگىزمۇ ئۆز ئالدىغىلا بولغان ئەمەس، مەدەنىيەت كېلىپ چىقىش، تەرەققىيات ۋە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھامان ئۆز ئەتراپىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ مەدەنىيەت مەنا جەھەتتىن غەربتىكى كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى قەبرىلەر بىلەن، شەرقتە گەنسۇ - چىڭخەي رايونلىرىدىكى شىن دېيەن، سىبا مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگىدۇر.

كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى قەبرىلەردىن يانبۇلاق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش بولغان زور مىقداردىكى يۇڭ توقۇلما، تېرە - خۇرۇم، كىگىز ۋە ياغاچ بۇيۇم، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى قېزىۋېلىنغان. جەسەتلەر بولسا قارادۆۋە قىزىلچوقۇقا قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قۇرۇق جەسەتلەرگە ئوخشاش بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز بۆك، پۇتىغا خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن، ئىرق جەھەتتە يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر بىلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە ئوخشىشىدۇ. كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمقى قەبرىلەرنىڭ يىلنامىسى هازىرغا قەدەر 3800 يىل بولغان

بولۇپ، گەرچە يانبۇلاق دەۋرىدىن بالدۇر بولغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ جايلىشىش ئورنى يىراق ئەمەس. شۇڭا، بىز بۇ قەبرىلەرنى يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ بىر بىۋاسىتە مەنبەسى بولغان دەپ پەرەز قىلالايمىز.

يانبۇلاق مەدەنىيىتىنى گەنسۇ - چىڭخەي رايونىدىكى دىچاڭ قاتارلىق مىللەتلەر ياراتقان شىن دىيەن، سىبا مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئوخشاشلىق تەرەپلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ساپال بۇيۇملاردا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تىپىك ۋەكىللىك خارەكتېرىدىكى بۇيۇملىرى يەنى كىچىك تۇتقۇچلۇق چەينەك، ساپال قاچا قاتارلىقلار شەكىل ۋە ئۇرنەك جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان رەڭدار ساپال بۇيۇملارنىڭ تېگىگە قىزىل رەڭ بېرىلىپ، ئۈستى قارا رەڭ بىلەن ئۆرنەكلەنگەن ياكى تېگىگە ئاق سېرىق رەڭ بېرىلىپ، ئۈستى قارا رەڭدە ئۆرنەكلەنگەن. نۇسخىسى ئاساسەن S شەكىللىك، قوش ئىلمەك شەكىللىك، تۈز سىزىق ۋە تىك سىزىق شەكىللىك، ئەگرى - سىزىق شەكىللىك، هايۋان شەكىللىك بولۇپ بۇ نۇسخىلار ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. بۇلار بىزگە يېڭىچە ئىلھام ۋە كۆرسەتمە بەردى. بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت يېقىن بولغاچقا بىز يانبۇلاق مەدەنىيىتىنى غەربتىن كەلگەن مەدەنىيەت تەسىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە يەنە شەرقتىكى شىن دىيەن، سىبا مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان دەپ ئېيتالايمىز؛ شىنجاڭدا بايقالغان خارابىلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت يانبۇلاق مەدەنىيىتىلا گەنسۇ - چىڭخەي رايونىدىكى مەدەنىيەت بىلەن زور دەرىجىدىكى ئوخشاشلىق ئامىللىرىغا ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە يانبۇلاق قەبرىستانلىقى ۋە قىزىلچوقا قەبرىستانلىقىدىن قېزىلغان قۇلۇلە قېپىدىن، يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلاشقان مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمىز. بۇ ئىككى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان قۇلۇلە قاپلىرى زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا كۆمۈلگەن، قۇلۇلە قېپى پەقەت دېڭىز بويلىرىدىلا بولىدىغان، شىنجاڭدەك ئىچكى قۇرۇقلۇق قۇرغاق رايونىدا كۆرۈلمەيدىغان نەرسە، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بايقىلىشىنى يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان، بولۇپمۇ دېڭىز بويىدىكى رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلىشىنىڭ ئىسپاتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ بايقالغان ۋاقتى تېخى قىسقا، نام ئالغان ۋاقتىمۇ قىسقا بولغاچقا، بۇ توغرىسىدا ئىشلەنگەن ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەرمۇ ئىنتايىن چەكلىك بولغان. يانبۇلاق مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى سىستېمىلىق، ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرى تېخى ئەمدى باشلاندى. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ بىرسى بولغان يانبۇلاق مەدەنىيىتىنىڭ پۈتكۈل قىياپىتىنى نامايەن قىلغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. خۇاڭ ۋېنبى: «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش دوكلاتى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1983 - يىل.

2. «شىنجاڭ قۇمۇل يانبۇلاق قەبرىستانلىقىنى قېزىش دوكلاتى»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 3 - سان.

3. «شىنجاڭ قۇمۇل لاپچۇقتا يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى قەبرە بايقالدى»، «ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1984 - يىل 4 - سان.


4. چېن گې: «يانبۇلاق مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 - يىل 1 - سان.

5. ۋاڭ بىڭخۇا قاتارلىقلار: «شىنجاڭ قۇمۇل قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن قېزىلغان ئارپا توغرىسىدىكى تەتقىقات»، «يېزا ئىگىلىك ئارخېئولوگىيىسى» ژۇرنىلى 1989 - يىل 1 - سان.

6. «شىنجاڭ خوشۇت ناھىيە شىنتاران خارابىسىنىڭ قېزىش دوكلاتى»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، 1988 - يىل 1 - سان.

7. خەن كاڭشىن: «شىنجاڭ قۇمۇل يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن قېزىلغان ئادەم سۆڭەكلىرىنىڭ ئىرق تەركىبى توغرىسىدىكى تەتقىقات»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 - يىل 3 - سان.


مەسئۇل تەھرىرى: ئەخمەت ھەمدۇللا




ئاينۇر مەخمۇت

# ئاكامغا خەت

(ھېكايە)

«ئەسسالام ئاكا، تېنىڭ سالامەت، ئۆگىنىشىڭ جايىدا كېتىپ بېرىۋاتامدۇ؟ ھەممە ئىشلىرىڭغا ئوڭۇشلۇق تىلەش بىلەن بىرگە ساڭا ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ يالقۇنلۇق سالىمىنى يوللايمەن.

ئاكا، ئۆتكەنكى خېتىڭدە ئاغرىپ قالغانلىقىڭنى يېزىپتىكەنسەن، ساقىيىپ قالدىڭمۇ؟...

ئاكا، ئېسىڭدىمۇ؟ ئالىي مەكتەپتىن چاقىرىق كەلگىنىدە، سېنىڭ خۇشاللىقتىن چاقىرىق قەغىزىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئاپام-دادامغا خۇددى بىر پارچە ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ئاۋايلاپ كۆرسىتىپ كېتىشلىرىڭ، ئاندىن ھويلىغا چىقىپ، مەن ئارزۇيۇمغا يەتتىم، ئارزۇيۇمغا يەتتىم! دەپ ۋارقىراشلىرىڭ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، چاقىرىق قەغىزىنى كۆتۈرۈپ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ماختىنىپ كېتىشلىرى...

سەن شۇ ۋاقىتلاردا شۇنداق سەبىي ھەم مۇلايىم ئىدىڭكى، ئاتا-ئانامنىڭ «سىزغان سىزىقىدىن» چىقمايدىغان «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى ئىدىڭ. بىز سېنى مىڭ بىر جاپادا يولغا سالدۇق. سەن ياشقا تولغان كۆزلىرىڭنى بىزدىن قاچۇرغىنىڭچە زورىغا كۈلۈمسىرەپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ ئالىي مەكتەپكە كەتتىڭ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ سەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىلىغا قەدەم قويدۇڭ. لېكىن سېنىڭ ئۆيگە ھەدېسىلا پۇل تەلەپ قىلىپ يازغان خەتلىرىڭ مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. چۈنكى ئاتا-ئانام ساۋاتسىز بولغاچقا سەندىن كەلگەن خەتلەرنى مەن ئۇلارغا ئوقۇپ بېرەتتىم. مېنىڭ بۇنداق غەزەپلىنىشىمگە سېنىڭ مۇنۇ ئىككى ئىشىڭ سەۋەبچى بولدى.

بىر كۈنى سەندىن خەت كەپتۇ. ئۆيدىكىلەر مېنى خەتنى ئوقۇشقا ئالدىراتتى. خەتتە ئاغرىپ قېلىپ، مەكتەپ دوختۇرخانىسىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقانلىقىڭنى، جىددىي پۇل لازىم بولۇۋاتقانلىقىنى يېزىپسەن. بىچارە دادام، ئاپام بۇنى ئاڭلاپ تۈگىشىپلا كەتتى. دادام ئەنسىرەپ بارماقچىمۇ بولدى. بىراق خېتىڭدە بىزنىڭ ئەنسىرەپ كەتمەسلىكىمىزنى، پەقەت پۇل ئەۋەتىپ بەرسەكلا بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەنىدىڭ. ئۆيدىكىلەر قولۇم-قوشنىلاردىن سوراپ يۈرۈپ بىر مۇنچە قەرز ئالدى، ئاندىن ساڭا ئەۋەتتى. كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ئۇ پۇلغا رېستوراندا تۇغۇلغان كۈنۈڭنى خاتىرىلەپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپسەن ئەمەسمۇ؟... ساڭا شان-شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن شۇ تۇغۇلغان كۈنۈڭنىڭ ئۆيدىكىلەرگە قانچىلىك ئېغىرچىلىق سالغىنىنى، ئۇلارنى موھتاجلىقتا قويغىنىنى بىلەمسەن؟...

يەنە بىر قېتىم بايرام مەزگىلىدە سەن

كەچلىكى كېلىپلا ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆيدىكىلەردىن پۇل سوراپ، پۇلنى ئالغاندىن كېيىنلا كېتىپ قالدىڭ. بىچارە ئاتا - ئانام ھەيرانلىقىدىن بىر - بىرىگە قارىشىپ، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ قويدى.

ئېيتقىنا ئاكا، سېنىڭ ئاشۇ سەبىي، مۇلايىم قىياپىتىڭ قەيەرگە كەتتى؟ سېنىڭ ئالىي مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدىكى ۋەدىلىرىڭچۇ؟... ساڭا پۇلدىن باشقا نەرسە كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئالىي مەكتەپ دېگەن ئاشۇنداق ياخشى ئادەمنى ئەسكى قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىدىغان جايمۇ؟ ئالىي مەكتەپتە پۇل بولسىلا بولامدۇ؟... مەن زادىلا بىلەلمەي قالدىم. ئەسلىدە مەنمۇ ياخشى ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپتە بىلىم ئالاي دېگەنىدىم، لېكىن سېنىڭ ئاتا - ئانامنى قاقشىتىپ، ھەدېسە پۇل تەلەپ قىلىپ خەت يېزىشلىرىڭ ھەم ئۇلارنىڭ ۋاقىتسىز قېرىشىغا سەۋەبچى بولۇشۇڭ مېنى بۇ خىيالدىن قايتۇردى.

مەن تۇرۇپلا ئالىي مەكتەپ دېگەن بۇ جاينى ئۆچ كۆرۈپ قالدىم...

ئېيتقىنا ئاكا، مېنىڭ ئويلىغانلىرىم توغرىمۇ - خاتامۇ؟

ئاكا، مېنىڭ ساڭا يازىدىغانلىرىم تۈگىدى. ۋاقتىڭ يەتسە خەت يېزىپ سوئالىمغا جاۋاب بېرەرسەن، خوش، ساڭا سالامەتلىك تىلەپ:

سىڭلىڭ ئىلمىنۇردىن
× يىل × ئاي × كۈن»

مەسئۇل تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت

رىزۋانگۈل ئېلى (ئوقۇغۇچى)

## سەھرا ئانام

رەنجىمەيمەن سەھرالىق دېسەڭ،
دېمىسەڭمۇ سەھرالىقىم راست.
گۈزەل خىسلەت، غەيرەت، شىجائەت،
ئەمگەك سۆيەر سەھرالىققا خاس.

خەلقى ئىناق ئاق كۆڭۈل شۇنچە،
قارىچۇقىدىن تەبەسسۇم ياغار.
ئىشچان قىزلار يۇرتۇمنىڭ گۈلى،
ئېتىز - قىرلار چاچىدۇ ئىپار.

ئېھ، باغلاردىن بالقار ھەم سەھەر،
بۇلبۇللارنىڭ خۇش ناۋا كۈيى.
دىلغا راھەت - يۈرەككە شىپا،
بۇلاقلارنىڭ سۈيى، كۆلكىسى.

ۋۇجۇدۇمدا سەھرا سۆيگۈسى،
مەن سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.
ئانام دەيمەن سەھرايىم شۇڭا،
سۆيۈشۈمدە يوق زەررە ئېۋەن.

# ئىككى مەسەل

## كالا بىلەن ئورغاق

كۈنلەرنىڭ بىرى، داتلىشىپ كەتكەن ئورغاق زەردىسى قايناپ، ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا كالىغا دەرد تۆكۈپتۇ.

- ئورۇش ماشىنىسى پەيدا بولغاندىن بۇيان، كىشىلەر مېنى تاشلاپ قويۇشتى. بىز كارغا كەلمەسلەردىن ئەمەسقۇ. كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ تۇرۇپتىمىزغۇ!

- ئويلاپ باقمايدىكەنسەن، بارلىق كۈچىڭنى سەرپ قىلساڭمۇ ئورۇش ماشىنىسىغا تەڭ كېلەلەمتىڭ؟ ئۆزۈڭنىڭ بەك دۆت، بەك قالاق ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟- دەپتۇ كالا خاتىرجەملىك بىلەن.

- بۇ. . . نى. . . ئېتىراپ قىلىمەن، لېكىن ھامىنى مېنىڭ ستاژىم ئورۇش ماشىنىسىنىڭكىدىن كۆپ ئۇزۇن - دە، مەن دېھقانلار ئۈچۈن زور خىزمەت كۆرسەتكەنمەن!- دەپتۇ ئورغاق پوكاندەك قىزارغان ھالدا.

- ئۇكام، كىشىلەر سېنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ھازىر سېنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىڭغا قارايدۇ. مېنىڭ بىلەن ساپاننى ئالساق، قەدىمدىن تارتىپ زور تۆھپىلەرنى ياراتتۇق. لېكىن زامانىۋى تېرىقچىلىق قىلىشتا سېيالكا بىلەن سېپىلىشتۇرغاندا پۇت - قولىمىز قولاشمىسا، شاللىۋېتىلمەمدۇق بولامدۇ؟ ئەگەر كىشىلەر بىزنىڭ بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشىمىزگە ئېھتىياجلىق بولسا، بىز يەنىلا ئىمكانقەدەر تىرىشىپ ئىشلىشىمىز لازىم. دېگىنىم توغرىدۇ؟ - دەپتۇ كالا سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ.

ئورغاق كالىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

## جاپاكەش ئېشەك

خوجايىن ئېشەكنى يېتىلەپ كېلىپ، ئىككى كۆزىنى توسۇپتۇ - دە، تۈگمەنگە قوشۇپتۇ ۋە بۇيرۇق تەرىقىسىدە ئېشەكنىڭ يوتىسىغا بىر شاپىلاق ئۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېشەك چۆرگىلەشنى باشلاپتۇ. ئۇ توختىماي چۆرگىلەۋېرىپتۇ.

- ئېشەك نېمە ئۈچۈن چۆرگىلەۋېرىدىغاندۇ؟- دەپ سوراپتۇ ئىت چۈشەنمىگەن ھالدا مۈشۈكتىن.

- راستىنىلا ئىش كۆرمىگەن نېمىكەنسەن، خوجايىن ئۇنى تاشقا باغلاپ قويغان تۇرسا، ئۇنىڭ باشقا جايغا مېڭىشقا نېمە ھەددى؟ - دەپتۇ مۈشۈك.

- ئۇ مۇشۇنداق چۆرگىلەۋېرىپ زېرىكمەسمۇ؟ - دەپ يەنە سوراپتۇ ئىت.

- ئۇ زېرىكىشنى بىلمەيتتى! ئېشەك جاپا - مۇشەققەتكە چىدامىلىقتا داڭق چىقارغان، بۇ ئىقتىدارلىقلار كۆپ ئىشلىسۇن دېگەنلىك، ئۇقامسەن؟ مۇشۇنداق بولسا بەك ياخشى، بىز ئۇنىڭ ئىشلىگىنىگە قاراپ تۇرىمىز. چارچىمىغانسەن؟ قاچانكى چارچاپ قالغۇدەك بولساق، باشقا جايغا بېرىپ ئولتۇرىمىز، جاپا چېكىدىغان، ھېرىپ ئېتىدىغان ئىشلارنى ئېشەك قىلماي كىم قىلاتتى؟


ئېشەك يېرىم كۈن چۆرگىلەپ ھالىدىن كېتىپتۇ - دە، خوجايىنىغا:

- چارچاپ ھالىم قالمىدى، بىر ئاز بوغۇز بەرگەن بولسىڭىز، يەۋېلىپلا ئىشىمنى داۋاملاشتۇرغان بولسام، - دەپتۇ.


- بۇ ئۆيدە سەندىن باشقا، ئىت بىلەن مۈشۈكنىمۇ مەن باقىمەن. سەن بىرەيلەنگىلا بوغۇز بەرسەم ئۇلار ئىككىسى نېمىدەپ قالار - ھە؟ - دەپتۇ خوجايىن.

**يۇسۇپ نىياز تەرجىمىسى**

مەسئۇل تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت



# كىتابخانلاردىن خەت



## «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا خەت

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكى ھەمدە تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ زور غەيرەت - شىجائەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىشى نەتىجىسىدە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى قۇمۇل بوستانلىقىدا سورت يېتىلىپ، قايتىدىن پۇراقلىق، رەڭدار، سەرخىل گۈللەردىن تىزىپ تەييارلانغان بىر دەستە «گۈل» دەك كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ جۇلالىنىشقا باشلىدى. بۇ ئەلۋەتتە مەدھىيىلەشكە، مۇبارەكلەشكە ئەرزىيدىغان ناھايىتى كاتتا بىر ئىش. مەن مانا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنالنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ كېلىۋاتقان ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ كۆز نۇرى، يۈرەك قان - تەرىنى تۆكۈپ، ژۇرنالنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىرىلىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان مۇھەررىرلەرگە تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىللە ئۇلارغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

دەرھەقىقەت، بۈگۈنكى كۈندە، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ ھەربىر سانى بىر - بىرىدىن رەڭدار ھەم جەلپ قىلارلىق ھالدا ناھايىتى سۈپەتلىك چىقىشقا باشلىدى. بۇنى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تارىخىدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال دېسەك ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. مېنىڭچە ژۇرنالنىڭ يېقىنقى سانلىرىنىڭ مۇنداق بىر قانچە مۇھىم يېڭى ئالاھىدىلىكى بار.

1. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ سۈپىتى ئۆسۈپ جەلپكارلىقىنىڭ ئېشىشىغا، ژۇرنالدا يېڭى سەھىپىلەرنىڭ ئېچىلىپ، ھەرخىل ژانىردىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ تاللىنىپ بېرىلىۋاتقانلىقى سەۋەب بولماقتا. بولۇپمۇ نەسرىي ئەسەرلەر سەھىپىسىدە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا تۇنجى بولۇپ تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى، پوۋېست، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، يېڭى ھېكايىچىلىك ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ سەمەرىسى بولغان «ئىزلەنمە ھېكايە» قاتارلىق ژانىرلارنىڭ بېرىلىشكە باشلىغانلىقى ژۇرنالنىڭ يۈرەكلىك ھالدا يېڭى قەدەملەرنى باشلىغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى.

«مۇھاكىمە ۋە تەقرىز»، «كىتابخانلار سالونى»، «ئېۋىرغول چەشمىلىرى»، «ئەدىب - سەنئەتكارلار مۇنبىرى»، «ستودېنتلار ئاۋازى»، «ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار»... قاتارلىق يېڭى سەھىپىلەر ئېچىلىپ، ژۇرنال مەزمۇنى بېيىشقا يۈزلىنىپ، ھەربىر سەھىپە ئۆزىنىڭ ئاشىق ئوقۇرمەنلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز بازار تېپىپ، ژۇرنال تىراژىنىڭ داۋاملىق كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولماقتا. يەنە بۇ سەھىپىلەر ئۆز نۆۋىتىدە «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قوندۇرۇلغاندەك» شۇنچىلىك جىلۋىدار بولۇپ كەتكەنكى، ئەسلىدە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» دەپ بىر ژۇرنال چىقىۋاتقانلىقىنى ئۇقماي يۈرگەن بەزى ئوفىتسېرلارمۇ يېقىنقى مەزگىللەردە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بەزى سانلىرىنى مەندىن ئىزدەپ - سوراپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەلۋەتتە ژۇرنالنىڭ ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغاپ، ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىپ، قىزىقتۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم ئالامىتى.

2. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ھەر ساندا قۇمۇلنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە بارلىققا كەلگەن تۆھپىكار ئەزىمەتلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ، ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ، قۇمۇلنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئاۋانگارتلارغا مەدەت بېرىپ، ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن بىللە باشقىلارغا ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىشى،

تېخىمۇ كۆپ تۆھپىكارلارنىڭ قۇمۇل بوستانلىقىدا بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىماقتا. بۇمۇ «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۈچۈن بىر چوڭ يېڭىلىق.

3. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ كەلا ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا ئىلھام بېرىپ ۋە يېتەكلەپ قۇمۇلدىن چىققان ۋە چىقىۋاتقان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، ھەر ساندا مەلۇم نىسبەت بىلەن ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ، يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان ياش ئاپتورلار قوشۇنى ئارقىلىق «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ كەلگۈسىنى نامايان قىلىپ بېرىشى بىزنى سۆيۈندۈرۈپ، خۇش قىلىدۇ. بىزگە ژۇرنال ھەققىدە يېڭى - يېڭى ئۈمىدلەرنى بەخش ئېتىدۇ.

4. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان، جەمئىيەتتە بىرقەدەر كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان ئەسەرلەر ئۈستىدە ئاپتورلارنى يىغىپ، مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تارىخىدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان تۇنجى ئىش. ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئەدەبىي ژۇرناللار ئىچىدىمۇ كەم ئۇچرايدىغان ناھايىتى ياخشى ئىش. مەن ژۇرنالدىن بۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك پائالىيەتنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ باشقىچىلا خۇش بولۇپ كەتتىم.

5. ئەڭ ئاخىرىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم يېڭىلىق، ژۇرنال مۇقاۋىسىنىڭ يالتىراق، رەڭدار، سەنئەتلىك پۇراققا ئىگە قىلىنىپ ئالاھىدە لايىھىلىنىۋاتقانلىقى بولماقتا. بۇرۇن ئوقۇرمەنلەر ئانچە دىققەتمۇ قىلىپ كەتمەيدىغان ژۇرنال بۈگۈنكى كۈندە، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە روشەن مىللىي يەرلىك خاسلىقىنى مۇقاۋىلىرىدىمۇ جۇلالىتىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئىختىيارسىز ژۇرنالنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلماقتا.

دېمەك، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى يېڭى ئىزدىنىشلەر ئاساسىدىكى يېڭى نەتىجىلىرى ھەم مېنىڭ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ بۇ خەتنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولغان مۇھىم سەۋەبلەردۇر. ئاخىرىدا «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يۇقىرىقى يېڭىلىقلارنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئالىي ئېھتىرام بىلەن ژۇرنالنىڭ دائىملىق ئوقۇرمىنى: ئالىمجان ھاشىر**

---

غۇنچەم سەمەت

## دېھقانلار ئۈچۈن چېپىلغان بىر «كەتمەن»

مەن «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 2 - ساندا ئېلان قىلىنغان ئاپتور پاتىگۈل ئابدۇلنىڭ «سۇنىڭ بېشى لايمۇ» ناملىق درامىسىنى ئوقۇپ، گەرچە ئەدەبىي ئوبزورچى بولمىساممۇ لېكىن بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەسەرنىڭ قىسقا، ئىخچام بولغىنىغا قارىماي، ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ قويۇقلۇقى مېنى بۇ ئەسەر ئۈستىدە كىچىككىنە بىر نەرسە يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى.

دراما ئۆيدە ئەمەلىي قىيىنچىلىقى بولغان دېھقان ناسىرنىڭ بىر يىللىق تىرىكچىلىك دەسمايىسى بولغان زىرائەتلىرىنى پەيت ئۆتۈپ كەتمەستە سۇغىرىۋېلىش ئۈچۈن كەنت باشلىقى باتۇرنىڭ ئۆيىگە كىرگەنلىكى، ئەمما كەنت باشلىقىنىڭ «سۇ پۇلى تاپشۇرمىدىڭ» دەپ قارىغۇلارچە پرىنسىپقا مەھكەم ئېسىلىۋالغانلىقى، ئىلاجىسىز قالغان بىچارە

دېھقاننىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە ھال ئېيتىپمۇ ئۇنى يۇمشىتالمىغانلىقى، ئاخىرىدا بۇ دەۋاننىڭ يېزا خەلق ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈلمەكچى بولغانلىق ئەھۋالى دەۋر قىلىنىپ، بىر قىسىم كادىرلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەرگە ئىلماي، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرخىل قائىدە - نىزاملىرىنى ئەمەلىيەتكە جانلىق تەدبىقلىماي، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئامىغا رەھبەرلىك قىلىشىنىڭ بىردىنبىر قورالىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلارغا قازاتقان كەڭ ئىجتىمائىي سىياسىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى، شۇنداقلا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ دېھقانلارغا قىلىۋاتقان سەممىي غەمخورلۇقىنى ئۇلارغا ھەقىقىي تونۇتمايۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ «قارىغۇنى تار يەردە قىستاش» تەك خىزمەت تاكتىكىسى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى ناھايىتى يارقىن ئېچىپ بەرگەن.

دراممىنىڭ ئاخىرى يېرى سۇ ئىچەلمەي، زىرائەتلىرى قۇرۇپ، يىللىق ئەمگىكى كۆپۈككە ئايلىناي دەۋاتقان دېھقاننىڭ كەنت باشلىقى بىلەن بىللە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغانلىقى، ئۇ يەردە يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغانلىقى، يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرىنىڭ سەل سوغۇق نەزەر بىلەن نامرات دېھقاننى كۆتۈۋالغانلىقى، شۇنداقلا بۇ دەۋانى خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلسە شۇلارنىڭ ھەل قىلىشىغا سۇنىدىغانلىقى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. دېمەك، مەسىلە ئىككى ئۆتكەلدىمۇ ھەل بولمايدۇ. دېھقاننىڭ دەۋاسى ئاقماي، كەلمەكچى بولغان خىزمەت گۇرۇپپىسىغا يۆكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان ئۈمىدىنى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باغلايدۇ. بۇ يەرنى ئوقۇغان ئادەم ۋىلايەتتىن كېلىدىغان كادىرلارنىڭ تېزراق كېلىپ، بىچارە دېھقاننىڭ ھالىغا يېتىشىنى، ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشىنى تىلەيدۇ ھەم شۇنداقلا «سىزنىڭ بېشىمۇ لاي بولمىسكەن» دېگەننى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ بىر خىل چىنلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان تىپىك ۋەقە بولۇپ، كەڭ يېزىلىرىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بىچارە دېھقاننىڭ ئەرز - دادىنى ئاڭلىغان يېزا كادىرى بۇ ئىشنى يا ئۇياق، يا بۇياق قىلىپ ئېنىق ئايرىماي، بەلكى زىددىيەتنى ۋاقىتىنچە پەسەيتمەكچى، باش ئاغرىقىدىن تېزراق قۇتۇلماقچى بولۇپ، دېھقانغا قۇتقۇزۇش ھەل قىلىپ بەرمەكچى بولىدۇ. ئەمما دېھقان ئۇنىڭ بۇ خىل «كۆڭۈل بۆلۈشى» نى قەتئىي رەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇنداق سەدىقىنىڭ كېرىكى يوقلۇقىنى ئېنىق ئېيتىدۇ. دېمەك ئاپتور بۇ يەردە دېھقانلارنىڭ ئازراق قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ساقالغا يېپىشقان چۆپكە ئوخشاش سەدىقىگە ئەمەس بەلكى، ئەڭ مۇھىمى جانلىق بولغان قائىدە - نىزاملارغا، ئۇلارغا ھەمىشە يار - يۆلەكتە بولىدىغان، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ھەقىقىي يول باشچىلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دراممىنىڭ ئاخىرىسىنى ئاپتور ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن «قېنى ئەتە بولۇپ باقسۇن» دېگەن ئۈمىد بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېزىلاردىكى مۇشۇنداق ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار بىلەن بىرنى ئىككى قىلالمايۋاتقان دېھقانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. بۇ ئۈمىد ئەمەلىيەتتە مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان دېھقانلارنىڭ ئۈمىدى! ئۇلارنىڭ ئەتىگە بولغان تەلپۈنۈشى، ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسى! بىز ئۇلارنىڭ ئەتىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا تىلەكداشمىز!

مەسئۇل تەھرىرى: ئەخمەت ھەمدۇللا

# سەھنىدىكى نامسىز قەھرىمان



ناۋادا سىز قۇمۇل ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى قويغان ئويۇننى كۆرۈش ئۈچۈن كۇلۇبقا كىرسىڭىز، ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن سەھنە ئالدىدا چەبدەسلىك بىلەن ئاۋاز ساندۇقى، توك سىمى، مىكروفون جاھازىسى قاتارلىقلارنى جايلاشتۇرۇپ، ئاۋاز باشقۇرۇش ئاپپاراتى، تەقسىملەش تاختىسى، سىمسىز مىكروفون ۋە ياڭراتقۇ، ئۈنئالغۇ دېگەنلەر بىلەن ھەپىلىشىپ، قۇلىقىغا تىڭشىغۇچى ئەسۋاب تاقىۋېلىپ، ئاپپاراتلارنى تەڭشەپ جىددىي ھەم ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرىسىز. ئويۇن باشلىنىش بىلەنلا ئېلانچىلارنىڭ ياڭراق ۋە ئېنىق ئاۋازى، ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ ۋە يېقىملىق، لەرزان كۈيى سىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال تا ئويۇن تۈگىگىچە داۋاملىشىپ سىزنى رازى قىلىدۇ - دە، سىزنىڭ سەھنە تېخنىلوگىنىڭ كىملىكىنى بىلگۈڭىز، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتقۇڭىز، تەشەككۈر بىلدۈرگۈڭىز كېلىدۇ. بۇ ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ كۆپكە ماھىر تىرىشچان، پېشقەدەم سەھنە تېخنىلوگى، كومپارتىيە ئەزاسى ئابدۇرېھىم ئابلېلىم.

ئابدۇرېھىم ئابلېلىم قۇمۇل شەھەرئىچى يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدىلا سەنئەتكە ئىشتىياق باغلاپ، مەكتەپ سەنئەت كۇرۇژۇكىنىڭ غوللۇق ئۇسسۇلچىسى بولۇپلا قالماي، مانتىيورلۇق، سائەت رېمونتچىلىقى، فوتو سۈرەتچىلىك، ياغاچچىلىق قاتارلىق تېخنىكىلىق ئىشلارنىمۇ دەرستىن سىرت ئۆزلۈكىدىن قىزىقىپ ئۆگىنىپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، تەربىيىچىلىرىنىڭ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

ئۇ 1961 - يىلى ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىدۇ ھەمدە دەسلەپ ئۇسسۇلچى بولىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن تىرىشىپ، قاتتىق مەشق ئارقىلىق ماھارەت ئۆستۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، مۇزىكىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولغان نوتىنى ھەمدە مۇرەككەپ چالغۇ - چاڭ چېلىشنى ئۆگىنىدۇ. بىر يىلدىن ئارتۇقراق تىرىشىش نەتىجىسىدە ئۇ چاڭنى نوتىغا قاراپ، راۋان چالالايدىغان مۇزىكانت بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ كونسېرت، دراممىلاردا رولغا چىقسا، سەھنىدىن چۈشۈپلا يەنە مۇزىكا ئەترىتىگە ماسلىشىپ چاڭ چالىدۇ، نۆۋىتى كەلگەندە چاڭنى قويۇپلا يەنە رول ئېلىپ سەھنىگە چىقىدۇ...

1963 - يىلى ئۆمەك رەھبەرلىكى مەخسۇس كەسپىي چاڭچى يوق ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى كەسپىي چاڭچى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەقىل - پاراستىنى، غەيرەت - شىجائىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. تۆۋەنگە چۈشۈپ سەييارە ئويۇن قويۇش مەزگىللىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكانتلىق ۋەزىپىسىنى تەلەپكە لايىق ئورۇنلىغاندىن سىرت، سەھنە ياساش، گازۋاي چىراغ يورۇتۇش، توك بار جايلاردا ئېلېكترونلۇق ئاۋاز ئۈسكۈنىلىرىنى باشقۇرۇپ، قولايلىق يارىتىش ئىشلىرىنى ئىشلەپ، 18 يىلنى خۇددى بىر كۈندەك ئۆتكۈزىدۇ.

خىزمەتتىن سىرتقى بوش ۋاقىتلاردا ئۇ ھەدەپ تىرىشىپ، تېخنىكا ئۆگىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇ سائەت رېمونت قىلىش، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، فوتو سۈرەتچىلىك، ياغاچچىلىق، ئەينەكچىلىك ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ ھەمدە ئۆگىنىش جەريانىدا كەسىپداشلىرىنىڭ، قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ۋە ئۆز ئىدارىسىنىڭ بۇزۇلغان سايمان - ئەسۋابلىرىنى ھەقسىز رېمونت قىلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

1980 - يىلى ئىدارە رەھبەرلىكى ئۇنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلاردا خېلى يېتىشىپ قالغانلىقىنى،

شۇنداقلا ئىدارىدىكى خىزمەت ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈچىنچى قېتىم كەسپىنى ئالماشتۇرۇپ، كەسپىي سەھنە سۈرەتچىكى، ئاۋاز باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇ بۇ خىزمەت تەقسىماتىنى ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىك دەپ قاراپ، سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە، تېخنىكىسىنى ئىلمىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇچە بولغاچقا، ئۇنىڭغا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئىككى يىل ئىچىدە خەنزۇ تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كەسپكە دائىر خەنزۇچە ماتېرىياللارنى كۆرەلەيدىغان، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى ئېلېكترونلۇق تېخنىكىغا دائىر ژۇرناللارغا كۆپ يىل مۇشتىرى بولۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئىجادىيەتكە كىرىشىدۇ. كۆپ قېتىم سىناق قىلىش ئارقىلىق بەش دانە سىمسىز مىكروفون، يەتتە دانە ئاۋاز ساندۇقى، توك تەقسىملەش، ئاۋاز تەقسىملەش ساندۇقلىرى، بىر دانە ئۆرە شەكىللىك رادىئولۇق ئۈنئالغۇ ئىشكاپى ياساپ چىقىپ، ئۆز ئىدارىسىغا نۇرغۇن پۇل تېجەپ بېرىدۇ. ئادەتتە سەھنە سۈرىتى ھەم ئاۋاز باشقۇرۇش ئادەتتە ئۈچ كىشى ئىشلەيدىغان ئىش بولسىمۇ، ئابدۇرېھىم ئابلېلىم بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى يالغۇز چىقىدۇ.

ئۆمەك 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوينىغان «غېرىب - سەنەم»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «ھەسىنكام ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىقمۇ» قاتارلىق دراما - ئوپېرالارنى ئوينىغاندا ئۇ يەنىلا ئۆزى يالغۇز خۇەندىڭ، سۈرەت، ئاۋاز باشقۇرۇپ ئويۇنلارنىڭ سۈپەتلىك، كۆركەم بولۇشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپ، رەھبەرلىك ۋە جامائەتچىلىكنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

1981 - يىلى ئۆمەك ئاستانە يېزىسىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە بارغاندا ئابدۇرېھىم ئابلېلىم تۆگە قارىنى، كەنت 2 - ئەترىتىنىڭ ئىككى ماشىنىلاشقان قۇدۇقىنىڭ دىزېل ماتورى بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر كۈن قاتتىق ھەپىلىشىپ، بۇ ئىككى قۇدۇقنى ماڭغۇزۇپ، دېھقانلارنى خۇش قىلغان. ئۇ يەنە داۋاملىق تۈردە ئىدارە ئىچىدە، ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا، شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق مەھەللىسىدە توك سىمى تارتىش، چىراغ ئورنىتىش، توك سائىتى ئورنىتىش، ئىشىك - دېرىزىلەرگە ئەينەك سېلىشتەك ئىشلارنى ھەقسىز ئىشلىدى. يەنە ئىدارە ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىن ئىشلىنىدىغان دېكراتسىيە جاھازلىرىنى كۆپ قېتىم ياسىدى. مۇشۇنداق تۆھپىلىرى ئارقىلىق ئۇ ئىلگىرى - كېيىن دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندا بەش مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىقتىساد قىلىپ بەردى.

ئابدۇرېھىم ئابلېلىم ئۆزىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئۇنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، ئىز باسار تەربىيىلەش خىزمىتىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ ئۆز تېخنىكىسىنى ياش ھەۋەسكارلارغا ئۆگىتىپ، فوتو - سۈرەتچى، سۈرەت باشقۇرغۇچى، ئاۋاز ئۈسكۈنىلىرى باشقۇرغۇچى، بىر نەپەر چاڭچى بولۇپ، جەمئىي ئالتە نەپەر شاگىرت تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى.

ئابدۇرېھىم ئابلېلىم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم ئىدارە بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى ئىلغارى» بولۇپ باھالاندى. بۇ پېشقەدەم تېخنىكنىڭ ئىش - ئىزلىرى بىرقانچە قېتىم «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى»، «قۇمۇل پەن - تېخنىكا گېزىتى»، «ياچېيكا تۇرمۇشى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى. يېقىندا ئۇنىڭ «سەھنە سۈرىتىنى باشقۇرۇش تېخنىكىسى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى.

ئۇ يەنە ھازىرمۇ سەھنىدىن، سەييارە ئويۇن قويۇشلاردىن قېپقالماي ئۆزلۈكسىز تۆھپە قوشۇش روھى بىلەن داۋاملىق ئىشلىمەكتە.

يۈسۈپ ئەھمىدى

# ياۋۇز ئۆگەي ئانا

(ۋېنگىرخەلق چۆچىكى)

بىر زامانلاردا ئىككى قوشنا بولغان ئىكەن. ھەر ئىككى ئائىلىنىڭ بىردىن قىزى بار ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى تۇساتتىن ئۇرۇش باشلىنىپ، قوشنىلاردىن بىرى ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپتۇ. كۆپ ئۆتمەي يەنە بىر ئائىلىدىكى خوتۇن ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئايالى ئۆلگەن ئەر بىلەن تۇل قالغان ئايال بىر ئائىلىدە بولۇپ قاپتۇ. تۇل خوتۇن تولىمۇ زالىم ئىكەن. ئۆگەي قىزىغا پەقەتلا كۈن بەرمەيدىكەن. ئاخىرى قىز ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىيالماي، ئۆيدىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

قىز شۇ ماڭغىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇ ماڭا ـ ماڭا بىر ئىتنى ئۇچرىتىپتۇ. ئىت قىزنى توختىتىپ، تامىقىغا تۇرۇپ قالغان سۆڭەكنى ئېلىپ تاشلا، دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ.

ـ بىر ياخشىلىق قىل، قىزچاق، ـ دەپتۇ ئىت، ـ كېيىن زادىلا پۇشايمان قىلمايسەن.

قىز رازى بولۇپ، ئىتنىڭ تامىقىدىكى سۆڭەكنى تارتىپ ئېلىپتۇ. ئىت قىزغا سۆڭەكنى بېرىپ:

ـ قاچان بولمىسۇن قىلىدىغان ئىشىڭنى بىلمەي قالغىنىڭدا، شۇ سۆڭەكنى دەرھال لېۋىڭگە تەگكۈزسەڭ، مۇشكۇلۇڭ ئاسان بولىدۇ، ـ دەپتۇ.

قىز ئىت بىلەن خوشلىشىپتۇ. بەرگەن سۆڭىكى ۋە دانا مەسلىھەتلىرى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ، يەنە يولىغا راۋان بولۇپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا ئالدىغا قارىسا، ئالدىدا بىر چولڭ پېچ تۇرغانمىش. قىز پېچكە يېقىن كەلگەن ئىكەن، ئۇ قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ، مېنى تازىلاپ قوي، دەپ يېلىنىپتۇ:

ـ بىر ياخشىلىق قىل، قىزچاق، ـ دەپتۇ پېچ، ـ كېيىن پۇشايمان قىلمايسەن.

قىز دەررۇ دەرەخنىڭ شاخلىرىدىن بىر سۈپۈرگە باغلاپتۇ ـ دە، پېچنىڭ ئىچىنى تازىلاپ، كۆللىرىنى ئېلىپتۇ، ئەتراپىنى پاكىزە سۈپۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇندىن كېيىن پېچ قىزغا بىر پۇشتەك بېرىپ:

ـ بېشىڭغا بىر مۇشكۇل ئىش كەلگەندە، بۇ پۇشتەكنى چالساڭ، شۇ زاماتلا كۆرۈنمەس ئادەم بولۇپ قالىسەن، ـ دەپتۇ.

قىز پېچكە رەھمەت ئېيتىپ، خوشلىشىپتۇ ـ دە، يەنە يولىغا راۋان بولۇپتۇ. كېتىۋېتىپ بىر چۈمۈلىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. بىچارە چۈمۈلە بىر ئازگالغا چۈشۈپ قېلىپ، شۇنچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئۇ يەردىن چىقالمايۋاتقان ئىكەن.

چۈمۈلە قىزنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. قىز ئۇنىڭغا ياردەم قىپتۇ، كېيىن چۈمۈلە قىزغا تاپىلاپ:

ـ مۇبادا يولدا كېتىۋاتقىنىڭدا گۈلدۈرلىگەن ئاۋازنى ئاڭلىساڭ دىققەت قىل، بىلگىنكى ئارقاڭدىن يالماۋۇز كەمپىر قوغلاپ كېلىۋاتقان بولىدۇ، ـ دەپتۇ.

قىز بۇ دانا گەپلەر ئۈچۈن چۈمۈلىگە رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىپتۇ ـ دە، يەنە يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىر ئاز مېڭىپ بىر ئالتۇن قەسىر ئالدىغا چىقىپ قاپتۇ. قەسىر ئىچىگە كىرىپ قارىسا، قەسىر تولىمۇ چولڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر شۇم كەمپىر ئولتۇرغانمىش.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئانىجان، ـ دەپ ئەدەب بىلەن سالام بېرىپتۇ قىز، لېكىن ئۇ، بۇ كەمپىرنىڭ يالماۋۇز ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيدىكەن.

كەمپىر مېھماننىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماپتۇ ـ دە، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ، قىز بارىدىغان يېرى يوقلۇقىنى، بىرەر ئىش ئىزلەپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ:

ـ مەيلى، مەن خىزمەتكار قىلىپ ئېلىپ قالاي، ـ دەپتۇ كەمپىر، ـ قىلىدىغان ئىشىڭ ئانچە كۆپ ئەمەس، ھەر كۈنى 12 ئۆيىنى سۈپۈرۈپ چىقىسەن، لېكىن 13 ـ ئۆيگە كىرمەيسەن، ناۋادا كىرىپ قالساڭ پۇشايمان قىلىسەن.

كەمپىر قىزغا ئۈچ كۈننى بىر يىل ھېسابلايدىغانلىقىنى ھەم ئېيتىپتۇ.

بىرىنچى كۈنى 13 - ئۆي قىزنىڭ ئېسىگە زادىلا كەلمەپتۇ. ئىككىنچى كۈنى، ئۇ ئۆيدە نېمە بارلىقىغا قىزىقىپ قاپتۇ، شۇ چاغدىلا قىزنىڭ ئېسىگە سۆڭەك كەپتۇ - دە، ئۇنى لېۋىگە تەگكۈزگەن ئىكەن، 13 - ئۆيگە كىرىش ئىستىكى ئۆز - ئۆزىدىن يوقىلىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنىمۇ ھەم شۇنداق بولۇپتۇ. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن، يەنى بىر يىل توشقان كۈنى كەمپىر قىزنىڭ ئالدىغا ئىككى قۇتا ئەكىرىپ قويۇپتۇ. قۇتىلارنىڭ بىرى ناھايىتى قىممەت باھالىق ئىكەن، چىرايلىق نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئەسلى ئالتۇندىن ئىشلەنگەن ئىكەن. ئىككىنچىسى بولسا ئاددىي، قوپال ياغاچتىن ياسالغان ئىكەن.

- ئىككىسىدىن بىرىنى تاللا، - دەپتۇ كەمپىر ئورۇق بارماقلىرى بىلەن قۇتىنى قىزغا كۆرسىتىپ، - قايسىسىنى خالىساڭ شۇنى ئال. ئالتۇن قۇتا تولىمۇ چىرايلىق كۆڭلەكلەرگە، قىممەت باھالىق تاشلارغا تولغان. ئاددىي قۇتىدا بولسا، ھەر خىل شىپالىق دورا - دەرمانلار بار، كېسەل بولۇپ قالغان كەمبەغەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ دورىلار بىلەن داۋالىغىلى بولىدۇ.

قىز ئاددىي ياغاچ قۇتىنى تاللاپتۇ. كەمپىر بولسا قىزغا ئالتۇن قۇتىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى جېكىلىگەن بولسىمۇ، قىز ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرىۋاپتۇ.

- مەيلى، - دەپتۇ كەمپىر قىزغا، - لېكىن ئېھتىيات قىل، تاكى ئۆيۈڭگە بارمىغىچە، قۇتىنى ئېچىپ كۆرمە، بولمىسا پالاكەتكە يولۇقىسەن. كەمپىر شۇ گەپنى ئېيتىپ، قىزنى ئۆيىگە ماڭدۇرۇپتۇ.

قىز قۇتىنى كۆتۈرۈپ ئازراقلا ماڭغانىكەن، بىردىنلا قاتتىق گۈلدۈر - تاراق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

«بۇ قانداق ئاۋازدۇ؟» دەپ ئويلاپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز چۆمۈلىنىڭ گەپلىرى ئېسىگە چۈشۈپتۇ.

قىز پېچ سوۋغا قىلغان پۇشتەكنى چالغان ئىكەن، شۇ زاماتلا كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. قىزنىڭ نەق ئۈستىدە - ئاسماندا بىر ۋەھشى يالماۋۇز كەمپىر پەيدا بولۇپتۇ. يالماۋۇز كەمپىر كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ شۇنچە قارىغان بولسىمۇ، قىزنى زادىلا كۆرەلمەپتۇ. كېيىن ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ بىر ۋارقىراپتۇ - دە، ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

يالماۋۇزنىڭ قارىسى كۆزدىن يوقالغۇچە قىز كۈتۈپ تۇرۇپتۇ - دە، كېيىن يەنە يولىنى داۋام قىلىپتۇ. قىز ئۆز يۇرتىغا يېقىنلاشقاندا، پۇشتەك چېلىپ، يەنە ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەپتۇ.

قونداقتا تۇرغان خوراز قىزنى يىراقتىن كۆرۈپ:

- قۇ - قۇق، بىكەم، ئۆگەي قىزنىڭ باشتىن - ئاياغ مال - دۇنيا بىلەن قاپلىنىپ ۋە بىر دانە ئالتۇن قۇتا ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ! - دەپ قىچقىرىپتۇ.

ياۋۇز ئۆگەي ئانا خورازنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، ئۇنى قونداقتىن ھەيدەپ چۈشۈرۈپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئىشىكنى ئېچىپ ئۆگەي قىزى كىرىپ كەپتۇ. ئۆگەي ئانا بىلەن ئۇنىڭ قىزى، ئۆگەي قىزنىڭ نېمە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىشىپتۇ. مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، ئالداۋاتقان بولسام ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ ئۈستۈمگە چۈشسۇن، ياغاچ قۇتىنىڭ ئىچىدە ئالتۇن، شاھانە زەرباپ، كىيىم - كېچەكلەر تولا ئىكەن.

بۇنى كۆرۈپ ئۆگەي ئانىنىڭ ئىچىگە ئوت كېتىپتۇ!

ئەتىسى شۇنداق خەزىنە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز قىزىغا ھەر خىل تائاملار، نان ۋە نازۇ - نېمەتلەر ھازىرلاپ، سەپەرگە ماڭدۇرۇپتۇ.

بۇ گول، ئۆگەي قىز ئىزىدىن مېڭىپتۇ. ئۇ قىز كېتىۋېتىپ يولدا بىر ئىتنى ئۇچرىتىپتۇ. ئىت ئۇنى توختىتىپ، تامىقىدىكى سۆڭەكنى ئېلىپ تاشلاشقا دەۋەت قىپتۇ ۋە ياخشىلىق قىلساڭ، كېيىن بەختلىك بولىسەن، دېگەن گەپلەرنى قىپتۇ، لېكىن قىز تەكەببۇرلۇق بىلەن شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

- مېنىڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئىشىم شۇ! مەن سېنىڭ تامىقىڭدىكى سۆڭەكنى ئېلىپ تاشلامدىمەن؟ مېنى چىشلىۋالارسەن!

ئۇ يەنە يولىنى داۋام قىلىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ بىر پېچكە دۇچ كەپتۇ. قىز ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا، پېچ، مېنى تازىلاپ قوي، دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ.

- ياخشىلىق قىل، - دەپتۇ پېچ، - كېيىن پۇشايمان قىلمايسەن.

قىز بولسا:

- ئۈچ ئىشىم شۇ ئىدى، سىنى تازىلايمەن دەپ ھەممە يېرىمنى قاپقارا قىلارمەنمۇ! - دەپتۇ - دە، يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

چۈمۈلە بىلەنمۇ خۇددى يۇقىرىقىدەك مۇئامىلىدە بولۇپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قىز، ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بىر ئالتۇن قەسىر ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. قەسىر ئىچىگە كىرىش بىلەنلا، ئۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرغان شۇم كەمپىرگە ئۇچراپتۇ.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئانىجان، - دەپتۇ قىز.

كەمپىر ئۆتكەن قېتىم يولغا سېلىپ قويغان ئۆگەي قىزغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، بۇ قىزغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىپتۇ. سالىمىنى ئىلىك ئالماي شۇنداق دەپتۇ:

- سەنمۇ خىزمەت سوراپ كەلدىڭمۇ؟ خوپ، خىزمەتكە ئالىمەن، سېنىڭمۇ ئۈچ كۈنىڭنى بىر يىل ھېسابلايمەن. سەن پەقەت 12 ئۆيىنى سۈپۈرسەن، لېكىن 13 - ئۆيگە كىرمەيسەن، ئۇندىن باشقا ساڭا ئىش يوق. ئەگەر 13 - ئۆيگە كىرگۈدەك بولساڭ، ئەدىۋىڭنى يەيسەن، بىلىپ قوي!

لېكىن بوشالڭ، ئەركە نايناق قىز بىرىنچى كۈنىلا 13 - ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيگە كىرىپ قارىسا پەقەت بىر ئالتۇن قۇتا، يەنە بىر ياغاچ قۇتىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوقمىش. بەڭباش قىز قۇتىلارنى كۆرۈپ، چىقىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. ئىشىكنى يېپىش ئۈچۈن خېلى ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئىشىكنى زادىلا ياپالماپتۇ.

يالماۋۇز كەمپىر قەسىرگە قايتىپ كېلىپ، 13 - ئۆينىڭ ئېچىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئاچچىقلىنىپ شۇنداق دەپتۇ:

- بۇيرۇقۇمنى ئادا قىلمىدىڭمۇ، ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشىڭنىڭ ھاجىتى قالمىدى. بىر يىل ىىكارغا ئىشلىدىم، دەپ سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرمەسلىكىڭ ئۈچۈن 13 - ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭدا تۇرغان قۇتىلاردىن خالىغىنىڭنى تالالاپ ئال، لېكىن ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ئېيتمايمەن.

قىز ئويلاپ ئولتۇرماستىن ئالتۇن قۇتىنى ئېلىپتۇ.

- ياخشى، - دەپتۇ يالماۋۇز كەمپىر، - ئەمدى كېتىۋەرگىن. لېكىن قۇتىنى ئۆيۈڭگە بېرىپ ئاچقىن. مۇبادا يولدا ئاچقۇدەك بولساڭ، خېيىم - خەتەرگە يولۇقىسەن!

ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، قىزنى ئۆيىگە ماڭدۇرۇپتۇ.

قىز ئالتۇن قۇتىنى كۆتۈرگىنىچە، ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ. يولدا كېتىۋاتقاندا ئارقىسىدىن گۇلدۇر - تاراق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. قىز نېمە ئاۋازدۇر دەپ ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىغۇدەك بولسا ئۈستىدە يالماۋۇز كەمپىر پەيدا بولۇپتۇ. قىز ئەتىسى ئاران ھوشىغا كېلىپتۇ. ھەممە يېرى قانغا بويالغان پېتى تەستە تۇرۇپ يولغا چۈشۈپتۇ.

قىز ماڭا - ماڭا بەكلا ھالىدىن كېتىپتۇ. ئاخىرى شۇنداق قارارغا كېلىپتۇكى: «ئەمدى قۇتىدا قانداق قىممەتلىك نەرسە بارلىقىنى بىر كۆرەيچۇ، كۈچۈمگە كۈچ قوشۇلۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.»

ئۇ ئويلىغىنىدەك قىلىپتۇ. قۇتىنى بىر جايغا قويۇپ ئېغىزىنى ئېچىپتۇ. قۇتىدا نېمە بار ئىكەن دەڭ؟ يوغان بىر يىلان ۋىژىلداپ چىققۇدەك، ئۇ بىردىنلا قىزغا يېپىشىپ، ئۇنى چېقىپتۇ. ئاچكۆز قىز بولسا قورقىنىدىن يىغلاپ قېچىشقا باشلاپتۇ، تاكى ئۆيىگىچە شۇ ئەلپازدا يۈگۈرۈپ، جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قاپتۇ.

قىز يۇرتىنىڭ بىر چېتىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇنى يىراقتىن كۆرگەن خوراز ئۆزىنىڭ بىكەسىگە خەۋەر قىلىپ:

- قۇ - قۇق، بىكەم، ھەممە يېرى قىپقىزىل قانغا بويالغان قىزىڭ كېلىۋاتىدۇ. تىرىك دېسە تىرىك ئەمەس، ئۆلۈك دېسە ئۆلۈك ئەمەس! - دەپتۇ. لېكىن ياۋۇز ئانا خورازنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، ئۇنى قونداقتىن ھەيدەپ چۈشۈرۈپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۆزىنىڭ تەنتەك قىزى يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ. ئۇ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى ئانىسىغا ئاران سۆزلەپ بېرىپتۇ - دە، شۇئان يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئۆگەي قىزىغا قاتتىق ھەسەت قىلغان ياۋۇز ئۆگەي ئانىنىڭ جېنى شۇئان چىقىپ كېتىپتۇ. ئاتا بىلەن قىز مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت
مەسئۇل تەھرىرى: گۈلنىياز تۇرسۇن

# [illegible]



ئاتاقلىق دىنىي زات، داڭلىق جامائەت ئەربابى، يۇرت مۆتىۋىرى ئوسمانشاھ ھاجىم 1996 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، بەختكە قارشى 82 يېشىدا قۇمۇلدا ۋاپات بولدى.

ۋىلايەت، شەھەر رەھبەرلىرى مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا 5000 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئاممىسى قاتناشتى.

مەرھۇم ئوسمانشاھ ھاجى ھايات ۋاقتىدا ئىزچىل تۈردە ئامما ئارىسىدا باشلامچى بولۇپ، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنىدى. مەرھۇم يەنە ئىسراپچىلىق، ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر - چىراغلارنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

مەرھۇم ئوسمانشاھ ھاجى كۆپ قېتىم مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار شەخس»، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە شەھەر بويىچە «بەشتە ياخشى دىنىي زات» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەنگەن.

مەرھۇم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مەملىكەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، بىرىنچى نۆۋەتلىكتىن بەشىنچى نۆۋەتلىككىچە بولغان قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك، قۇمۇل شەھەرلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

جەمئىيەت مەدەنىيەت ئىسلاھات



نىياز ئىسمائىل 1984 - يىلى قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، غەربىي تاغ يېزا چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا تەقسىم قىلىنغان، 1986 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قۇمۇل شەھەرلىك نەسىل يېتىشتۈرۈش پونكىتىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ كەسپىي جەھەتتىكى بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، 1986 - يىلدىن باشلاپ، كالا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى تۇتۇپ ئىشلىدى. ئۇ يەنە 1989 - يىلدىن باشلاپ ئۆچكە نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ كەلدى. ئۇ 1991 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. شۇ يىلى پونكىتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1996 - يىلى پونكىت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋە پونكىت باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

نىياز ئىسمائىل قۇمۇل شەھىرىنىڭ چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاش جەھەتتە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.

1995 - يىلى نىياز ئىسمائىل بىۋاستە تۇتۇپ ئىشلىگەن تىۋىتلىق ئۆچكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كوللېكتىپ 2 - دەرىجە، چارۋىچىلىق نازارىتى تەرىپىدىن كوللېكتىپ 1 - دەرىجە بولۇپ مۇكاپاتلاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1989 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويغان «شىنجاڭ تىۋىتلىق ئۆچكە بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىش تۈرىنى سىناق قىلىش ئىشلەش خىزمىتى» دە نىياز ئىسمائىل يېتەكلىگەن قۇمۇل گۇرۇپپىسى 14 ناھىيە بويىچە [illegible] مۇكاپاتقا ئېرىشتى.




نىياز ئىسمائىل 1996 - [illegible] «كالا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىدە ئىلغار خىزمەتچى» [illegible] 1996 - يىلى چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن «پەن [illegible] 1994 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن «[illegible] تەرەققىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. 1996 - يىل قۇمۇل شەھەرلىك [illegible] بويىچە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالاندى.

نىياز ئىسمائىل يەنە مەدە[illegible] قوللاپ كەلمەكتە.

ISSN 1007-452X

# KUMUL LITERATURE



بىللار

（维吾尔文. 文学季刊）

## 哈密文学

## قۇمۇل ئەدەبىياتى

**KUMUL LITERATURE QUARTERLY IN UIGHUR LANGUAGE**

主办单位:哈密地区行署文化处
编辑出版:《哈密文学》编辑部
地址:哈密市天山东路
电话:2233741 邮编:839000
印刷:哈密地区印刷厂
发行:哈密地区邮电局
订阅:全国各地邮电局

باشقۇرغۇچى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ شەرقى يولى
تېلېفون نومۇرى: 2233741 پوچتا نومۇرى: 839000
باسقۇچى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号 ISSN 1007 - 452X
国内统一刊号 CN 65 - 1084/I
邮局代号:58 - 59
定价:2.50 元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1007 - 452X
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى CN 65 - 1084/I
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 59
سېتىلىش باھاسى: 2.50 يۈەن